چېن مېيلىن



# قەدىمىي داچىدىكى مۇھەببەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ISBN 7-228-06398-8
I·2372(民文)定价:10.00元

ISBN 7-228-06398-8

# قەدىمكى داچىدىكى
# مۇھەببەت

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل روزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتىنىڭ 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据中国文联出版公司1995年11月第1版，1995年11月第1次印刷本翻译出版.

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەريەم مەمتىمىن
مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# قەدىمىي داچىدىكى مۇھەببەت

ئاپتورى : چېن مېيلىن
تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل روزى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1168×850 مىللىمېتىر32/1
باسما تاۋىقى :8 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7—228—06398—8/I • 2372
باھاسى : 10.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

古宅情深/陈美琳著;帕提古丽·肉孜译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.5

(紫色梦幻系列)

ISBN7—228—06398—8/I.2372

Ⅰ.古… Ⅱ.①陈…②帕… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第23704号

# 古宅情深(维吾尔文)

陈美琳 著

帕提古丽·肉孜 译

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168毫米 1/32开本 8印张 2插页

2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷

印数:1—3,000

ISBN7—228—06398—8/I·2372定价10.00元

www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

چېن مېيلىن تەيۋەنلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى. 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۇغۇلغان. مەخسۇس كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش كەسپىدە ئوقۇغان. كىچىكىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا ھېرىس بولۇپ، ئىتنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئوچۇق مىجەز، خۇش ـ چاقچاق، چىقىشقاق بۇ ئايال يازغۇچىنىڭ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق رومانى نەشر قىلىندى. ئۇ تەيۋەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىدە چاقنىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز

# 1

فاڭ لىفەن ئىشخانىدا ئۇدۇلىدىكى بوش تۇرغان كاتىپ ئورنىغا بىر هازاغىچە قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن بىزار بولغاندەك كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى. هېچكىم كاتىپقا ئۇنىڭدەك موهتاج بولمىسا كېرەك.

هازىر فاڭ جەمەتى كارخانىسى كېڭىيىۋاتىدۇ. ئىشلار ئۇنىڭ چېچىدىنمۇ تولا. شۇڭا ئۇ — فاڭ جەمەتى كارخانىسىنىڭ باش مۇدىرى بىر قانچە كۈندىن بېرى قېنىپقىنا ئۇخلىمىدى. كىممۇ بىر كاتىپقا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك موهتاج بولسۇن؟

هېچكىم، ئاناڭنى، بۇ ئورۇن قاچانغىچە شۇنداق بوش تۇرار-كىن؟

مۇشۇلارنى ئويلاپ فاڭ لىفەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ قويقا چاچلىرى تىكلىشىپ كەتتى. توساتتىن ئىشىك قاتتىق چېكىلىپ، ئارقىدىنلا جۇ ۋېيمىن ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— هوي ئاغىنە! راستتىنلا شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتامسىدىغان-سەن؟ — دەپ ۋارقىرىغاندەك سورىدى.

فاڭ لىفەن ئىشىك چېكىلگەندىلا ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. جۇ ۋېيمىندىن باشقا يەنە كىممۇ ئۇنىڭ ئىشىكىنى مۇشۇنداق چېكەلىسۇن؟

— ئاۋۋال ئىشىكنى يېپىۋەت. سەندەك بىر باش دېرىكتورنىڭ ماڭا ئوخشاش باش مۇدىرغا قوللىرىنى شىلتىپ، ۋارقىراپ سۆزلىگىنىنى باشقىلار كۆرسۇن، يۈزى تۆكۈلسۇن دەمسەن؟ — دېدى فاڭ لىفەن كۈلۈمسىرەپ.

جۇۋېيمىن ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ياپتى - دە، دەرهال قايتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— سەن راستلا ئاشۇ داچىنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن ؟

— شۇنداق .

— ئالجىپ قالدىڭمۇ ، — جۇ ۋېيمىن چېچىلىپ كەتتى ، — داچىغۇ چوڭكەن . بىراق ئورنى ياخشى ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن كونا ، چى فامىلىلىك ئەبلەخ تېخى ئۇنىڭغا 50 مىليون باھا قويىدى . بۇ ئادەمنى بوزەك ئەتكەنلىك ئەمەسمۇ ؟ مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي تۇرسام . كىم بىلسۇن ، سەن بۇ باھاغا ئالماقچى بوپسەن . ئاغىنە ، سەن ئەزەلدىن زىيان تارتىدىغان سودىنى قىلمايتتىڭ . بۇ قېتىم زادى نېمە بولدۇڭ ؟

جۇ ۋېيمىن شۇنچە كايىپ سۆزلەپ كەتسىمۇ ، فاڭ لىفەن پەرۋاسىز ھالدا كۈلۈپ تۇراتتى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . بۇ ئىككىسى ئالىي مەكتەپتە ساۋاقداش ئىدى . ھازىر بىللە ئىشلەيتتى . بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن ئىدى . شىركەت يېڭى قۇرۇلغان جاپالىق شارائىتتا جۇۋېيمىن شىركەتكە كىردى . جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى . ھازىر ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ ، كارخانا نۇرغۇن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ شۇنىڭغا ئېگىشىپ تېخىمۇ چىڭىدى !

شۇنداق بولغاچقىمىكىن فاڭ لىفەن باش مۇدىر ، جۇ ۋېيمىن باش دېرىكتور بولسىمۇ ، نەدىلا بولمىسۇن بىر بىرىنىڭ ئىسمىنىلا ئاتىشاتتى . بۇ ھەممە ئادەمگە ئايان ئىدى .

دوستىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىغا ، ئۆزىنى باسالماي قالغىنىغا فاڭ لىفەننىڭ كۈلگىسى كەلدى .

— ھەي ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال . سېتىۋالدىغىنىم ناھايىتى بىر داچىغۇ ، قارا سېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭنى .

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال ؟ سەن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ئاشۇنداق بىر كونا داچىنى سېتىۋالىمەن دەۋاتساڭ . مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالايمەن ؟ ئاغىنە ، پۇل تاپماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس . دۇرۇس ،

پۇل ئۆزۈڭنىڭ ، قانداق خەجلىگىڭ كەلسە شۇنداق خەجلەيسەن . لېكىن سەندىن سوراپ باقاي ، ئەس ھوشۇڭ جايىدىمۇ ـ قانداق ؟ كېيىن پۇشايمەن قىلىپ توسىمىدىڭ ، دەپ مەندىن رەنجىپ يۈرمە جۇمۇ .
— خاتىرجەم بول ، ئەس ـ ھوشۇم جايىدا .
— ئەمىسە نېمىشقا باشقىسىنى سېتىۋالمايسەن ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن چۈشەنمەي ، — 50 مىليون دېگەن ئورنى ياخشى ، يېڭى ، ھەتتا شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى داچىنى سېتىۋېلىپ ئاشىدىغان پۇل تۇرسا ، نېمىشقا سەن . . .
فاڭ لىفەن قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى :
— ئەلۋەتتە ، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار ، — دېدى .
— گەپنى ئوچۇقراق دېسەڭ قانداق ؟
— ۋاقتى كەلگەندە ، ساڭا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قويىمەن .
جۇ ۋېيمىن ئاچچىقلانغان ھالدا :
— ئىختىيارىڭ . ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلسەڭلا بولدىغۇ . ئىشىمنىڭ كۆپلىكىدىن سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرىدىغان چولام يوق ، — دەپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى .
— ئىشىم كۆپ ؟ مېنىڭدىنمۇ كۆپمۇ ؟ — فاڭ لىفەن ئۇدۇلدىكى بوش ئورۇنغا قاراپ خورسىنىپ قويدى . ئاندىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئۇنى چاقىرىۋالدى .
— ئاغىنە بېرى كەلگىنە .
— نېمە ئىش ، ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسەن ؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ كەيپىياتىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى ، — ئىش بولسا تېزراق دېگىن .
— ئاغىنە ، سېنىڭ كاتىپىڭ . . . توي قىلىپ باللىق بولۇپ بولدىغۇ ؟
— شۇنداق ، — جۇ ۋېيمىن بۇنى سوراپ نېمە قىلدىكىنە دېگەندەك گۇمان نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .
— ئۇ كېلىپ مېنىڭ كاتىپلىقىمنى قىلسا ، سەن باشقا بىر كاتىپ

تاپساڭ قانداق ؟

— نېمە ؟ — جۇ ۋېيمىن ۋارقىرىۋەتتى ھەمدە باياتىندىن بېرى ئۆزى دىققەت قىلمىغان بوش ئورۇنغا قارىدى .

— سىېنىڭ كاتىپىڭ قېنى ؟ تېخى تۈنۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندە كۆرگەنتىمغۇ ؟

فاڭ لىفەن نېمە ئامال دېگەندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى .

— يەنە شۇنداق بولدىمۇ ؟ — جۇ ۋېيمىن .

فاڭ لىفەن ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .

جۇ ۋېيمىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى :

— پەرۋەردىگارىم ، ئايالالار سېنىڭ كارۋىتىڭغا چىقىشقا نېمانچە ئىنتىزاردۇ ؟ تەيۋەندە قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، پۇلدار ئەرلەر تولۇپ كەتتىمىكىنە ؟ — ئۇ فاڭ لىفەنگە قولىنى شىلتىپ دېدى ، — خۇيۇڭنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزگەرتكىن . ئۇنداق قاپىقىڭدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرساڭ ئايالالارنى چۆچۈتىۋېتىسەن . بۇنى نېمىشقا ئۆگىنەلمەيدىغانسەن .

— سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش دائىم چىشىنىڭ ئىقىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ يۈر دەمسەن ؟

— بۇ تۇرقىڭدىغۇ ئۇنداق ئىشلارنى ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايسەن . يەنە كېلىپ مېنىڭ بۇنداق بولغىنىمنىڭ نېمىسى يامان ؟ ھېچ بولمىغاندا قىزلار مەندىن بىزار ئەمەس . مېنى تەلۋىلەرچە قوغلىشىدىغانلارمۇ يوق . بۇرادەر ! ئوچۇق ـ يورۇقراق بولساڭ قانداق . ئۇلار بىلەن سالاملاش ، مۇڭداش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزۈڭگە بولغان خام ـ خىياللىرىنى بەربات قىلىۋەت .

— ئۇ چاغدا ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق بولمامدۇ . سالاملىشىمەنما ؟ مۇڭدىشىمەنما ؟ مېنىڭ ھەتتا ئۇلارنى كۆرسەممۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ . ئۇلار قاچان قارىساڭ بىردەم ئەينەككە قاراۋاتقان ، بىردەم چاچ تۈزەۋاتقان . گويا مېنىڭ پۇلۇمنى بىكارغا ئېلىپ دەم ئېلىش ئۆتكۈزۈۋاتقاندەكلا . مېنى ئۇلار بىلەن مۇڭداشقىن دېسەڭ ، ئۆزۈمنى بىسىۋالالماي سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتەمدىمىكىن ـ تاڭ .

— بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ . ھازىرقى ئاياللارنىڭ قايسى بىرى شۇنداق ئەمەس ؟ ئىشقىلىپ تاپشۇرغان ئىشنى ئاقسىتىپ قويماي ئۆز ۋاقتىدا قىلسىلا بۇنداق قوپاللىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ — جۇ ۋېيمىن خورسىندى ، — مۇبادا سەن ئۇلارنىڭ ئارقاڭدىن سېنى « لىيۇ-دېخۇا » ، « گو فۇچىڭ »① لار بىلەن سېلىشتۇرىدىغانلىقىنى بىلسەڭزە ، ئاچچىقىڭدا ھوشۇڭدىن كېتىدىغان ئوخشايسەن .

فاڭ لىفەن ناھايىتى قوپال ، ھەتتا ئۇزۇندىن بېرى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان سەت گەپتىن بىرنى قىلىۋەتتى .

— قارىغاندا ئۇلار بەكلا « ئەركىن » لىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

— بولىدىلا ، خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئالتە ياشتىن يۇقىرى ، 80 ياشتىن تۆۋەنلىرىنىڭ قايسى بىرىنىڭ چوقۇنغۇچىسى يوق . ھەرقانچە توسقىنىڭ بىلەنمۇ بىكار ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى جۇ ۋېيمىن .

— سېنىڭ كاتىپىڭنى يۆتكەيمەن دېيىشمىدىكى سەۋەبمۇ شۇ ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسى ، بالىسى بولغاندىكىن ، ماڭا يېپىشىۋالماس دەيمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

— گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ يەنە بىرنى تاپساڭ . . .

— ماڭا رەھىم قىلغىن ، مەن بۇرۇنلا جاق تويغان . ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا دېگەندەك ، تۇرقىدىن دۇرۇستەك كۆرۈنگىنى بىلەن قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىدىكەن . تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال دېگەن شۇدە .

— شۇڭا ماڭا كۈچۈك يېتىپتۇ - دە ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن ئاغرىنغان ھالدا ، — لو ھەدىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولدى ، ھەممىنى بەش قولدەك بىلىدۇ . ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بىرسىگە يېڭى باشتىن ئۆگەتكىلى تۇرسام ماڭمۇ ئوۋال ئەمەسمۇ . سەن ھەدېسىلا تەييارغا ھەييار بولۇپ مېنى جاپادا قويىسەن . مېنى زادىلا قېرىندىشىڭ قاتارىدا كۆرمەيدىكەنسەن .

---

① داڭلىق ناخشا چولپانلىرى .

— مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ. ماڭا بىر ياردەم قىلىۋەت، قانداق؟

— سەن دېگەن خوجايىن. مېنىڭ «ياق» دېيىشكە بېشىم ئونىمىدى؟ بىراق لو ھەدە كېلىپ سېنىڭ كاتىپلىقىڭنى قىلسا، ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەنگە باراۋەر بولىدۇ. ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى تەڭشەپ بېرىشىڭ كېرەك.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن - دە، — دېدى فاڭ لىفەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— يەنە. ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسىلا ئۇنى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەتسەك بولمايدۇ.

— بۇ...

— ھەي! ئۇ دېگەن كەسىپ ئەھلى، ھەم ئائىلىسى بار ئايال. ئەگەر سەن ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويساڭ، ئۇ كېتىپ قالسا، ئۆزۈڭ جاپادا قالارسەنمىكىن.

— بولىدۇ، بولىدۇ. سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. مېنى قورقۇتمىساڭ قانداق؟ ئۇ قاچان بۇياققا كېلىدۇ؟

— ئىشقىلىپ مەن ئادەم تېپىپ ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن كېلىدۇ - دە.

— ئۇنداقتا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئىشلىرىڭنى تېزرەك تۈگەتكىن. بۇياقتىكى ئىشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى.

جۇ ۋېيمىن نارازى بولغان قىياپەتتە:

— بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. ئىلاج قىلىپ تېزرەك ئادەم تېپىشنىڭ يولىنى قىلارمەن. بۇ بىرنەچچە كۈن ئازراق جاپا چېكىدىغان بولدۇڭ، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، شوخلۇق قىلىپ ھەربىچە چاس بېرىپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى.

فاڭ لىفەن نائىلاج بېشىنى چايقىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، ئۇ قانچىكى قىيىن ئەھۋالدا قالسا جۇ ۋېيمىن دې-

گەن بۇ كاساپەت شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتەتتى . ھەي ! زادى كىم خوجايىنكىنە !

× × ×

كې ۋېنۋېن ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن چىقىپ ، شامالغا قارشى ماڭ- ماقتا . ئۇ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ياكى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى .

مانا ، ھەممىسى تۈگىدى ، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ كۆڭۈلسىز تۇر- مۇش قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ ئاخىر ئازادلىققا چىقتى .

خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن ئۇ نېمىشقا ئىشلىرىدا ئۇتتۇق قازانغان ، قىچقارسا ئېتى ، تۇتسا سېپى بار ئاشۇنداق ئەردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، خې گۇاڭدا كۆرۈنۈشتە كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىشكە ئۇستا ، بىراق كىممۇ ئۇنىڭ ھەقىقى ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرەلسۇن ؟ يەنە كىممۇ ۋېنۋېننىڭ دەرد ـ ئەلەمدىن پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن يۈ- رىكىنى كۆرەلسۇن ؟

ئۇنىڭ ھازىر ھېچ نەرسىسى قالمىدى . يەنە نېمە ئۈچۈن باش- قىلارنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ ؟ ئۇ تۈپتۈز قورسىقىنى سىلىۋىدى ، كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ، كىيىملىرىگە تۆ- كۈلدى . بىچارە بالام بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشقا قادىر بولالمىدىڭ ، ھەم- مىسى ئاپاڭنىڭ سەۋەنلىكى ، ساڭا ياخشى بىر دادا تېپىپ بېرەلمىدىم . . .

ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۇنىڭ چىرايى كۆرۈندى . تاتارغان ، ياش بىلەن نەمدەلگەن يۈزى ئىنتايىن سۇلغۇن . قىسقىغىنا بىر يىللىق كۆ- ڭۈلسىز تۇرمۇش ئۇنى ئۇزۇن ياش قېرىتىۋەتكەندەك ئىدى . بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك ؟ بۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن ، شېرىن ـ شىكەر ياغلىما سۆزلەرگە ، بۇزۇلماس ۋەدىلەرگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن كۆ- رۈش كېرەك ، بوپتۇ . دەريادىن ئۆتكەن كېمىنىڭ ئىزى قالمايدۇ . بۇ پەقەت بىر قېتىملىق قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قالسۇن .

ئۇ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك . ئۇ خې گۇاڭدانىڭ تۇرمۇش قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغانـ
كەن ، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس ، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئۆزىنى
تــىرىشىپ ساغلاملاشتۇرۇشى كېرەك . ئۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە
ياخشى ياشىشى ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ، ئۆزىنىڭ
قارارىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك .
كــې ۋېنۋېن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالغا قاراپ ماڭدى ،
كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك ، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى ، قەدەملىرى تېـ
خىمۇ تېزلەشتى .

× × ×

بۇ ، شەھەر سىرتىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي داچا ، ئىلگىرى بىر
نەچچە قېتىم سىرلىنىپ ، زىننەتلەنگەن بولسىمۇ ، ھازىر سىرلىرىنىڭ
رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن . ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان ئۆسۈملۈكلەر يا-
مىشىپ يېشىل تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى . كەڭرى قورودا بىر تۈپ
قېرى دەرەخ بولۇپ ، بۈك ـ باراقسان شاخ ـ يوپۇرماقلىرى خۇددى
كۈنلۈكتەك يېيىلىپ ، كۈن نۇرىنى توسۇپ ، ھەممە يەرگە سايە تاشلاپ
تۇراتتى . بىر ئايال يۈگۈرگىنىچە چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە سىرتقا
قاراپلا خىجالەت بولغان ھالدا :
— خېنىم سىز . . . سىز يەنە كۆچۈك ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ بېگىم
تازا خاپا بولىدىغان بولدى ـ دە ، — دېدى .
چى شياۋيىن ئۇچىسىغا ئاق كوپتا ، پادىچى شىمى كىيىۋالغان
بېشىنىڭ چوققىسىغا چىقىرىپ بوغۇۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى يەلكىسىگە
يېيىلىپ يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ خۇددى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك
ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى . چىرايىدىن مەنسىتمەسلىك ، پەرۋاسىزلىق
چىقىپ تۇراتتى .
— خېنىم . . .
— خاتىرجەم بولۇڭ ۋاڭ ئانا ، دادامنىڭ ماڭا قارىغۇدەك چولىسى

يوق ، — دېدى چى شياۋيىن ئۇزايىدىن تەشۋىش چىقىپ تۇرغان ۋاڭ ئانىغا قاراپ .

— خېنىم ، ھازىر ئۆيدىكى ئىتلارمۇ ئون نەچچە بولۇپ كەتتى . يېقىندىن بېرى بېگىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ، ئاچچىقىمۇ بەكلا يامان . ھەدىسىلا بۇ ئىتلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭ دەيدۇ . ئەمدى سىز يەنە بىرنى ئېلىپ كەپسىز ، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، بېگىم ئۇ . . .

— ئەنسىرىگۈدەك نېمە ئىش بار ؟ ئۇرامدۇ ، تىللامدۇ ئىختىيارى ، ئىتلىرىمنى قوغلىۋېتىدىغان بولسا ، مېنىمۇ قوشۇپ ھەيدەپ چىقارسۇن . پەرۋايىم پەلەك .

— خېنىم . . .

— بولدىلا ، مەن ئۇستىگە چىقىپ كۈچۈكنى يۇيۇپ قوياي ، دادام ئۇ . . . تاماققا كېلەمدۇ ؟

ۋاڭ ئانا بېشىنى چايقىدى :

— بېگىمنىڭ دېيىشىچە يۇتىشىدىغان سودا ئىشى باركەن . تاماققا كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ . خېنىم ، نېمە يېگىڭىز بار ؟ ئېتىپ بېرەي .

— بولدى ، قورسىقىم ئاچمىدى ، — چى شياۋيىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى .

ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ :

— خېنىم يەنە تاماق يېمەمسىز ؟ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ ، قارىڭا ئورۇقلاپ كەتكىنىڭىزنى ، ھەممىسى ۋاقتى قارايدا تاماق يېمىگەنلىكىڭىزدىن . . .

— قورسىقىم ئاچمىدى دېدىمغۇ ، يېگۈم كەلگەندە ئۆزۈم ئېتىپ يەيمەن .

ۋاڭ ئانا بېشىنى چايقىغىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى . ئۇ چى ئائىلىسىگە كەلگەن بەش يىلدىن بۇيان ، خېنىمنىڭ ئىتلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتلاردىن باشقا چاغلاردا ، بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ باققىنىنى كۆرمىدى . يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان قىز ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق غەمكىن ، مەيۈس يۈرۈيدىغاندۇ ؟ ئانىسى بالدۇر تۈ-

www.uyghurkitap.com

گەپ كەتكەن ، دادىسى ئالدىراش بولغاچقا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇدەك ۋاقتى يوقمۇ دەيلى ، لېكىن ھازىر تۇرمۇشتا بۇنداق ئەھۋاللار كۆپىغۇ ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ياشلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى بارغۇ ، بەلكىم بۇلارنى بۇ قېرى مەزلۇم چۈشەنمەيدىغاندۇ .

چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ ۋاننىسىدا بايىلا تالادىن ئېلىپ كىرگەن كىچىك ئاق كۈچۈكنى يۇيۇندۇردى . كۈچۈك ، قورسىقى ئاچ ، ماغدۇرى يوقمۇ ياكى ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەيۋاتامدۇ ، ئەيتاۋۇر ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ يۇيۇپ ـ تاراشلىرىغا چىداپ جىمجىت تۇراتتى . پەقەت كۆزلىرىگە سۇ كىرىپ كەتكەندىلا ، بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قوياتتى .

كۈچۈكنىڭ قورسىقىدا بىر يارا بولۇپ ، چى شياۋيىننىڭ قولى يارىغا تېگىپ كەتسە كۈچۈك تولغىنىپ كېتەتتى

— ئاغرىۋاتقاندۇ ـ ھە ؟ — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ، — چوڭ ئىتلار بوزەك قىلدىمۇ ؟ سەن كىچىك تۇرساڭ ئەلۋەتتە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن ، شۇڭا يارىلاندىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

ئاق كۈچۈك كۆزلىرىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقىدەك مۆلدۈرلىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— بولدى ، مەن بىلدىم ، سەل تۇرۇپ ياراڭغا دورا سۈركەپ قوياي . ئاندىن تاماق بېرەي . قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغىن ، — ئۇنىڭ قولى ئىشتا ، ئاغزىمۇ جىم تۇرمايتتى ، — بىلەمسەن ، ئىلگىرى مەن بىر ئىت باققانىدىم .ئىسمى « بەي بەي » ئىدى . ئۇ ئۆلۈپ قالدى . سەن ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايسەن ، قاپقارا كۆزۈڭ ۋە بۇرنۇڭدىن باشقا ھەممە يېرىڭ قاردەك ئاق . شۇڭا مەن سېنىمۇ « بەي بەي » دەپ چاقىراي . بولامدۇ ؟

كۈچۈك ئۇنىڭ قوللىرىنى يالاپ قويدى . چى شياۋيىن رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى :

— ئۇنداقتا سەن قوشۇلدۇڭمۇ ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىسىم . « پاك پاك » چوقۇم سېنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ .

چۈنكى سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى قوشقاندا « بەي بەي ، پاڭ پاڭ »[1] بو-
لىدۇ ئەمەسمۇ . بۇ ئىسىم ئىنتايىن بەختىيارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ
يەنە « كۇەي كۇەي » بىلەن « لې لې » ، « كەي كەي » بىلەن « شىن
شىن » لار بار . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ دوستلىرىڭ ، مېنىڭ سى-
لەرگە بۇنداق غەلىتە ئىسىملارنى قويۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى . سىلەرنى
بۇ يەردە مەڭگۈ بەختلىك ، خۇشال - خۇرام ، ئايرىلماي ئۆتسىكەن دەي-
مەن . مەن سىلەرنىڭ سىرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن پاسكىنا
تۇرقىڭلارنى كۆرۈشنى خالىمايمەن ، بىلدىڭمۇ ؟
ئىت پەس ئاۋازدا قاۋاپ قويدى .
چى شاۋيىن ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ :
— بوپتۇ ئەمىسە ، مەن سېنى قورۇتۇپ قوياي ، ئاندىن دوستلى-
رىڭ بىلەن تونۇشتۇراي ، بىرگە تاماق يەڭلار ، — دېدى .
ئۇ تـوك قـورۇتقۇچ بىلەن كۈچۈكنىڭ تۈكلىرىنى قۇرۇتتى ، تا-
غاق بىلەن تارىدى ، ئاندىن ئازراق ئەتىر چېچىپ قويدى . يارىسىغا دورا
سۈركەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ، ئەلۋەتتە .
— بولدى « بەي بەي » ناھايىتى مېزىلىك پۇراپ كەتتىڭ ، ھە-
دەڭ ساڭا تاماق بەرسۇن ھە .
كـۈن غەربكە ئولتۇردى ، داچا سىرتىدىكى قورودا ، قارا - ئاق ،
چوڭ - كىچىك ، تۈكلىرى ئۇزۇن ۋە قىسقا ئىتلار ئىككى - ئۈچتىن بو-
لۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى . چى شياۋيىن « بەي بەي » ۋە بىر
خـالتا ئىت يېمىنى كۆتۈرۈپ قورۇغا چىقىشىغا ئون نەچچە ئىت ئۇنىڭ
چۆرىسىگە ئولاشتى ، چوڭ ئىتلار تىبخى ئۇنى يېقىتىۋېتىدىغاندەك ئىگىز
سەكرەشتى .
— بولدى ، بولدى ، ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ . ياۋاشلىق
بىلەن ئولتۇرۇڭلار . سىلەرگە تاماق ئەكەلدىم .
ئىتلار بىر - بىرلەپ زوڭزايدى ، ھەتتا شۇنداق رەتلىك ئول-
تۇردى .

---

[1] « ئاپئاق - سېمىز » دېگەن مەنىدە .

چى شياۋيىن قولىدىكى « بەي بەي » نى يەرگە قويدى :
— بارغىن ، سەنمۇ بىرىپ ئولتۇر . بەي بەي ھېلى ئىتلارغا ، ھېلى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ، جايىدىلا ئوگدىسىغا يېتىۋالدى .
چى شياۋيىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە :
— قارىغاندا بۇ ئىشلارنى ساڭا باشقا بىر كۈنى ياخشىراق ئۆگەتمىسەم بولمىغۇدەك ، — دېدى .
ئۇ يېمەكلىكنى تۆت چوڭ ئۇزۇنچاق يالاققا تۆكتى . چوڭ ئىتلار ئۈچ يالاقتىكىنى ، كۈچۈكلەر ئاز بولغاچقا بىر يالاقتىكىنى يەيتتى .
تېخى بۇيرۇق بېرىلمىگەچكە ئىتلار نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بولسىمۇ مىدىرلاشقا پېتىنالمىدى ، پەقەت يېڭىدىن قوشۇلغان ئاق كۈچۈكلا ھېچنېمىگە قارىماي يالاق يېنىغا بېرىپ يېيىشكە باشلىدى .
چى شياۋيىن ئىلاجسىز كۈلۈپ :
— بوپتۇ ، يېڭى كەلگەندىكىن بۇگۈن شۇنداق بولسۇن ، لېكىن مۇشۇ بىر قېتىملا ھە ! ئەتىدىن باشلاپ ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىرگە يەيسەن ، — دېدى .
ئۇ قولى بىلەن ئىتلارغا تاماق يېيىش بۇيرۇقىنى بەردى .
قاراڭغۇ چۈشتى ، ئۆيلەرگە چىراغ يېقىلدى . چى شياۋيىنگە نىسبەتەن پەقەت مۇشۇ ھويلىلا ئەڭ ئىللىق جاي ئىدى .

× × ×

فاڭ لىفەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بىردەستە گۈلنى قويدى . يەرگە يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدى .
— دادا ، ئانا ، ئوغلۇڭلار سىلەرنىڭ ۋەسىيىتىڭلارنى ئورۇنداش ئالدىدا تۇرىدۇ . سىلەر بۇنى بىلسەڭلار چوقۇم ئىنتايىن خۇشال بولسىلەر، سىلەرنى شۇنچە ئۇزۇن يىل ساقلىتىپ قويدۇم . ئوغلۇڭلارنى ئەپۇ قىلارسىلەر .
ئۇ يەنە بىر قېتىم باش ئۇرۇپ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى .

ۋاقىت نېمانچە تېز ئۆتكەن ھە ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دادىسىنىڭ تۆگەپ كەتكىنىگە يەتتە يىل بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ، ئانىسىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى . ئۇلار ئاجىز ، ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئۇنى يېنىغا تارتىپ ، فاڭ جەمەتىنىڭ داچىسىنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىشنى ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا تاپىلىغانىدى . ئۇ فاڭ جەمەتىنىڭ يالغۇز ئوغلى ، ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ بۇ ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالالىسۇن ؟ شۇڭا ئۇ جان تىكىپ ئىشلىدى ، پەقەت قانۇنغا خىلاپ بولمىسىلا ، ھەر قانداق ۋاستىلەر بىلەن پۇل تاپتى ، ئالدى بىلەن قارا كۈچىگە ، ئاندىن ئەقىل ـ پاراسىتىگە تاياندى ، ئاخىرىدا پۇل ئارقىلىق پۇل تاپتى . مانا يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇ ئاخىر بۇ ۋەسىيەتنى ئورۇندىيالىغۇدەك ئىمكانىيەتنى ھازىرلىدى . ئەمدى بۇ بېسىمدىن قۇتۇلىدىغان بولدى .

فاڭ لىفەن بۇ بىر نەچچە يىلدا نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . فاڭ جەمەتى داچىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن نېمىشقا شۇنچە مۇھىم ئىكەنلىكى فاڭ لىفەنگە ئايان . بۇ داچا فاڭ جەمەتىنىڭ ئاتا مىراسى بولۇپ ، ئەۋلاددىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ داچىنى ياساپ ، رېمونت قىلىپ ئولتۇرۇشقان . ئەمما داچا بىرەر ئەۋلاد تەرىپىدىن سېتىۋېتىلمىگەنىدى . ئەگەر فاڭ لىفەنىنىڭ دادىسى باشقىلارغا كېپىل بولۇپ بېرىپ ، خەقنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىمىغان بولسا بۇ داچىنى سېتىۋېتەرمىدى ؟ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشنى فاڭ جەمەتى ئەجدادلىرىغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارىدى . لېكىن داچىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى ، ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ ، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ، ئارمان بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى .

فاڭ لىفەن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . ئۇ قانچىلىك كۆپ بەدەل تۆلەسىمۇ داچىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئۇ دۇنيادىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

— نېمە ؟ سىز . . . سىز ئاجرىشىپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — سورىدى لو يايى ھەيران بولغان ھالدا كې ۋېنۋېندىن .

كې ۋېنۋېن گەپ قىلماستىن شۇنداق دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى .

— بۇ قانداق ئىش ؟ ئىككىڭلار بىر ئوبدان ئۆتەتتىڭلارغۇ ؟ نېمىشقا تۇساتتىنلا ئاجرىشىپ كەتتىڭلار ؟

— ھەددە ، مەن تۇرمۇشۇمغا ئائىت ھەر قانداق ئىشنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايمەن .

— خې گۇاڭدانىڭ سىرتتا ئويىنىشى بارمىكەن ؟

— ياق .

— ئەمىسە . . .

— ھە ، بۇلارنى سورىمىسىڭىز ، قانداق ؟

— ۋېنۋېن ، سىز مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سىڭلىم . مەن ئەلۋەتتە بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىم كېرەك . ئەگەر خې گۇاڭدا سىزنى بوزەك قىلغان بولسا ، مەن ئۇنى ئادەم بولغىنىغا تويغۇزۇۋېتىمەن — دېدى لو يايى ئاچچىقلاپ .

— ئۇنداق ئەمەس ھەددە . پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ قارارى . ئاجرىشىشنى مەن تەلەپ قىلدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجرىشىپمۇ بولدۇق . مەن . . . مېنىڭ راستىنلا بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغۇم يوق . بۈگۈن قېشىڭىزغا ماڭا ياردەم قولنى سۇنارمىكىن دېگەن مەقسەتتە كېلىۋېدىم .

— نېمە ئىش ؟ ئېيتقىنە ، چوقۇم ياردەم قىلىمەن .

— مەن . . . مەن بىر خىزمەت تاپاي دېۋېدىم — دېدى ۋېنۋېن پەس ئاۋازدا ، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىككى ئايلا ئىشلىگەن . ئەسلىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغۇم بار ئىدى . كېيىن خې گۇاڭدا بىلەن تونۇشۇپ خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم . بىر يىللىق ئائىلىۋى تۇرمۇشۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاللام قۇپقۇرۇق ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم . قانداق خىزمەت قىلىشنىمۇ بىلمەيمەن . مەن ھازىر

ئۆزۈمگىلا تايىنىشىم كېرەك . خىزمەت قىلمىسام تۇرمۇشۇمنى قامدىيالمايـ مەن . شۇڭا ئىلاجسىز سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . ھەدە ، ماڭا ياردەم قىلـ سىڭىز ، قانداق خىزمەت بولسا بولىۋېرىدۇ . مەن ئەستايىدىل ئۆگىنىمەن .

— مەن ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن . مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇـ غانىدىڭىز . خىزمەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشسىڭىزلا ئۆگىنىپ كېتەلەيـ سىز . بىلەلمىگەن يەرلىرىڭىزنى مەندىن سورىسىڭىز بولىدىغۇ ؟

— سىزدىن سورايمەنمۇ ؟ لېكىن . . .

— ئەستا خىزمەت تاپىدىغان ئىشنى ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ . دەر- ھاللا خۇش - خەۋەر ئاڭلايسىز .

— بىراق ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ئەنسىرەپ تۇرىمەن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مانا مەن بارغۇ .

— سىزمۇ ؟ سىزنىڭچە . . .

— شۇنداق سىز مېنىڭ يان تەرىپىمدىكى ئىشخانىدا ئىشلەيسىز . ئەگەر شياۋجۇ سىزگە بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىدىكەن ، مەن ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن .

— شياۋجۇ ؟ — كې ۋېنۋېن چۆشەنمەيلا قالدى .

— ھوي ، ئۇچۇ ، بىزنىڭ باش دىرېكتورىمىز .

× × ×

چې شياۋيىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى - دە ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىچە پەسكە قاراپ يۈگۈردى .

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ دادىسىنىڭ سۈپۈرگە بىلەن ئىتلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— سىلەر ، ھارام تاماقلار ، ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش ، يو- قىلىش !

چې شياۋيىن ئېتىلىپ بارغىنىچە سۈپۈرگىگە ئېسىلىپ :

— ئىتلىرىمنى نېمىشقا ئۇرىسىز ، — دەپ ۋارقىرىدى .

www.uyghurkitap.com

ــ سېنىڭ ئىتلىرىڭ ؟ ھەممىسى ياۋايى ئىتلارغۇ، ئۇلارنى بېقىپ نېمە قىلىسەن ؟ ــ ۋارقىرىدى چى گوخاۋ قوپال ئاۋازدا .

چى شياۋيىن بۇرنىغا ئۇرۇلغان هاراق هىدىدىن دادىسىنىڭ يەنە هاراق ئىچكەنلىكىنى بىلدى . يېقىندىن بېرى نېمە ئىش بولدىكىن تاڭ، دادىسى هەدېسلا هاراق ئىچىپ يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىدىغان بولۇۋالدى . بۇ بىنورمال ئىش ئىدى . ئىلگىرى ئۇ كەم سۆز بولۇپ ، قىزى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى . مېهماندارچىلىقلارغىمۇ كەمدىن ـ كەم باراتتى . بارغان تەقدىردىمۇ هاراقنى كۆپ ئىچمەيتتى . چى شياۋيىن ئۇن ـ تىنسىز تۇرغاندا ، دادىسى پىچىرلىغاندەك سۆزلەپ كەتتى .

ــ ئىت باقامدۇق ؟ كاناي ياغلىغلى ياغ يوق ، سۇناي ياغلاشقا ياغ نەدە ، دەپ ئادەم . . . ئادەم يېگىلى نەرسە قالمىغىلى تاس قېلىۋاتسا بۇ هارام تاماقلارنى بىكاردىن باقىمىزمۇ ؟ مەن چى گوخاۋ ، مەخسۇس خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ، هەدېسلا خەق تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنى باقىدىغان . . . ئاناڭ دېگەن رەسۋا جالاپ مېنى ئەخمەق چاغلاپ قاپتۇ . مېنى بىلمەيدۇ دەمدىكىنە ؟ ها . . . ها . . . ها . . .

چى شياۋيىن دادىسىغا هەيران بولۇپ قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى . ۋاڭ ئانا چىقىپ كەلدى ، چى شياۋيىن ئۇنىڭغا دادىسىنى يۆلەپ ئەكىرىپ قويۇشنى تاپىلىدى .

چى گوخاۋ قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ ۋارقىراپ ۋاڭ ئانا بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

چى شياۋيىن زوڭ ئولتۇرۇپ پۇتىنىڭ يېنىدىكى ئىتنى سىلاپ تۇرۇپ ، دادىسى بايا دېگەن گەپلەر ئۈستىدە ئويلاندى . نېمىدەپ ئانامنى چىشلەپ تارتىدىغاندۇ ؟ گەپلىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى قوناق ئۇنىدەك زادىلا قولاشمايدىغۇ ، هېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم .

ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى . ئۇ ياتما ئورۇنىدۇقتىن بىرنى ، نېپىز بىر يوتقاننى ئەكەلدى . بۈگۈن ئۇ ئىتلار بىلەن بىرگە سىرتتا تۈنىمەكچى ئىدى .

بەي بەي خۇددى بىر كاللەك ئاپئاق يۇڭ يىپتەك دوملاپ ئالدىغا كېلىشىگە، ئۇنى كۆتۈرۈپلا قۇچىقىغا چىقىرىۋالدى.
— كۆنەلمەيۋاتامسەن؟ دېدى ئۇ ئىتقا، — ئىلگىرى بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان، يېقىندىن بېرى دادامنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس. قورقمىغىن. مەن سىلەرنى ھەرگىز ھەيدەپ چىقارغۇزۇۋەتمەيمەن، مەن سىلەرنىڭ خەقلەر يىرگىنىدىغان ياۋايى ئىتلاردىن بولۇپ كېتىشىڭلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن.
بەي بەي ئۇنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. چى شياۋيىن يۇلتۇزلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشىگە قاراپ ئولتۇردى، ھەممە ياقنى تۇمان قاپلاپ، قۇياش ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندىلا، ئاندىن ياتما ئورۇندۇقتا ياتقان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.
— خېنىم، خېنىم! — ۋاڭ ئانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
چى شياۋيىن كۆزىنى ئېچىپ كېرىلدى:
— ھە... ۋاڭ ئانا، ھازىر سائەت قانچە بولدى؟
— يەتتە بولاي دەپ قالدى، كۆكتات ئالغىلى مېڭىۋېدىم، سىزنىڭ بۇ يەردە ئۇخلاپ قالغىنىڭىزنى كۆردۈم، خېنىم، كۆز كىرىپ قالدى. ئۆزىڭىزگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالماڭ يەنە، — دېدى ۋاڭ ئانا كۆيۈنگەن ھالدا.
— مەنمۇ قەستەن شۇنداق قىلمىدىم، دادام قېنى؟
— تېخى ئۇخلاۋاتىدۇ. ئاخشام ئۇ كۆپرەك ئىچىۋاپتۇ. يېقىندىن بۇيان بېگىمگە نېمە بولدىكىن ـ تاڭ، ئىچىپلا يۈرىدىغان بولۇۋالدى. نېمە يېگىڭىز بار؟ — سورىدى ۋاڭ ئانا.
— نېمە بولسا بولۇۋېرىدۇ، كۆڭلىڭىز خالىغان نەرسىلەردىن ئېلىپ كېلىۋېرىڭ. ھەراست، دادام ياخشى كۆرىدىغان چوشقا پاچىقىدىن ئالغاچ كېلەرسىز...
ۋاڭ ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆكتات سېۋىتىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. داچا بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن ماڭغاندا، ئاندىن بازارغا بارغىلى

www.uyghurkitap.com

بولاتتى .

چى شياۋيىن بەي بەينىڭ تېخىچە قۇچىقىدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— سەن شۇمتەك ، ھەممىدىن بەكرەك ئالاھىدە بولۇۋالساڭ بولمايدۇ . پاك پاك قىزغىنىپ قالمىسۇن يەنە ، — ئۇ ئەركىلەتكەن ھالدا كۈچۈكنى چىمدىقلاپ قويدى . كۈچۈك بەدەنلىرىنى رۇسلاپ بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى .

چى شياۋيىن دادىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . بوسۇغىدا تۇرغىنىچە ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان دادىسىغا قارىدى .

نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندۇ ؟

بالىلىق چاغلىرىنى ئۇ ئانىسى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى . ئەنە شۇ چاغلاردا كۆپ ھاللاردا ئۇ ئۆيدە يالغۇز ، بىچارىلەرچە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۆتەتتى . مانا ھازىر دادىسى بىلەن ئۆتىۋاتىدۇ ، لېكىن ، دادا ـ بالا تۈزۈككىنە پاراڭلىشىپمۇ باقمايدۇ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ بۇزۇلۇپ كېتىپ ، بىر ـ بىرىگە شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتكەنمۇ دەيلى ، بىراق پەرزەنتلەرگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت تەبىئىي ۋە مەڭگۈلۈك بولاتتىغۇ ؟ دادىسى ۋاق ئانىغا ئۇنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، دېدى . ئەمەلىيەتتە ئانىسى قايتا ياتلىق بولۇپ ئامېرىكىغا كەتكەن . بۇ ئىش تۇيەيلىدىن دادىسىنىڭ ئانىسىغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى شىياۋيىن بىلىدۇ . دادىسى ئاچچىقىدا مۇمكىن بولسا ئانىسىنى قارغاپ ئۆلتۈرىۋەتكۈسى كېلەتتى .

بىراق نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ ؟

ئۇمۇ ئېغىز ئېچىپ سوراپ باقمىدى ، بەلكى تەقدىر شۇنداقتۇ بەلكىم ئۇ بۇ سىرلارنى مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كېتەر .

× × ×

ئىشىك چېكىلدى .

— كىرىڭ ، — دېدى فاڭ لىفەن . ئويلىمىغان يەردىن لو يايى

كىرىپ كەلدى .

— ئىشىڭىز بارمىدى لو كاتىپ ؟ — سورىدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا .

— باش مۇدىر ، سىزنى ئاۋارە قىلغىنىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن . مەن باش دىرېكتورغا كاتىپ ئىزدەش ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېۋىدىم .

— ھە ؟ ئەجەبا ، بۇ يەرگە كېلىپ ، ماڭا كاتىپ بولۇپ ئىشلەشنى خالىمامسىز ؟

— ئۇنداق ئەمەس . ئەمەلىيەتتە مەن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدىم . ھەتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى چوقۇم تىرىشىپ ئىشلەشكە بەل باغلىدىم ، — دېدى لو يايى .

— ئۇنداقتا سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز . . . — فاڭ لىفەن گاڭگىراپ قالدى .

— مەن بىر سىڭلىمنى ئورنۇمغا باش دىرېكتورغا كاتىپلىققا تونۇشتۇراي دېۋىدىم . بىلمىدىم ، بۇنىڭغا باش مۇدىر قانداق قارايدىكىن ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ، — دېدى فاڭ لىفەن دەرھاللا ، — پەقەت سىز خىزمىتىڭىزنى تېزراق ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، يېڭىق ئۇستىلىمدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن مۇنۇ ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمغا ياردەم قىلسىڭىزلا ، كىم كېلىپ جۇ ۋېيمىنگە كاتىپ بولۇشى بىلەن كارىم يوق . بىراق ، مەن ئۇنىڭ كاتىپىنى ئۆزى تاللىشىغا قوشۇلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا قارشى مۇقام تۇۋلاشقا ئامراق . لو كاتىپ ، ئەگەر سىز راستلا سىڭلىڭىزنىڭ بۇ خىزمەتنى قىلىشىنى خالىسىڭىز . . . كېلىڭ ، مەن سىزگە بىر ئەقىل كۆرسىتەي .

فاڭ لىفەن لو يايىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېگەندى ، ئۇ چۈشەندى ـ دە ، كۈلۈپ كېتىپ :

— رەھمەت سىزگە باش مۇدىر ، — دېدى .

فاڭ لىفەن قول ئىشارىسى قىلىپ :

— بېرىڭ ! مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنى تىلەيمەن . بۇ ئىشخانى-

نىڭ سىزگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ ، — دېدى .

لو يايى باش لىڭشىنىپ قويۇپ باش مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى . بايىقى ئىشخانىغا كىرەي دەپ تۇرۇشىغا ، جۇ ۋېيمىن ئىشىكنى ئېچىپ يۈگۈردى ، — لو ھەدە ، سىز ئۇ نېمىنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇ سىزنى تېزراق يېنىپ چىقىڭ دەپ سۆيلەۋاتامدۇ ـ نېمە ؟

— ھەي ، ھەدىسە لو ھەدە ، لو ھەدە دەۋەرمىسىڭىز قانداق . سىزدىن ناھايىتى بىر نەچچە ئايلىق چوڭ بولۇپ قالغىنىمغا مېنى قېرىغىلا چىقىرىۋەتتىڭىز ، — لو يايى ئىشخانىغا كىرىپلا ئىشىكنى يېپىۋەتتى . جۇ ۋېيمىنغا ئارقىسىنى قىلىپ چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ قاتتىق ئاچچىقلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى

دېگەندەك جۇ ۋېيمىن بۇ ئەھۋالدىن جىددىيلەشتى .

— جاپا بولماڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق چاقىرمىساملا بولىدىغۇ ، بۇنىڭغا شۇنچىۋالا خاپا بولامسىز ؟

— بولدىلا ، سىزنىڭ گېپىڭىزگە خاپا بولۇۋاتقىنىم يوق ، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن . ئاندىن قولىدىكى ھۆججەتلەرنى « پاق » قىلىپ جوزىغا تاشلىدى .

— ماڭا خاپا بولمىدىڭىز ؟ ئۇنداقتا . . . ئۇنداقتا نېمىگە ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالدى ؟

— شياۋجۇ ، ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن . سىز شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى بولسىڭىزمۇ ، مېنى ھېچقاچان تۆۋەن كۆرمىدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

جۇ ۋېيمىن ئارقا ـ ئارقىدىن باش لىڭشىتتى . لو يايى ئازار يېگەن قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەنمۇ سىزنى ياخشى دوستۇم دەپ قارىغاچقا بېرىپ باش مۇدىرنىڭ كاتىپلىقىنى قىلسام ، سىزنىڭ كاتىپلىقىڭىزنى قىلىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالدىغانلىقىنى ئويلاپ ، بىر سىڭلىمنى مېنىڭ ئورنۇمغا تونۇشتۇراي دېگەن . مەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق باش مۇدىرنىڭ قېشىغا بارغانىدىم . ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز ؟



www.uyghurkitap.com

— نېمە دېدى ؟
— ئۇ « سىگىلىگىز ھېچقانداق لو ياخشى ئۈستىگە جۇ ۋېيمىنغا پەقەت مەكتەپتىكى نەتىجىسى ياخشى دەپلا قو كېرەك » دەيدۇ ، — لو ماسىكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇ ۋېيمىنغا تە ئۇنىڭ كاتىپلىقىنى قىلمىسا ماھىر خىزمەتچى كېرەك » دەيدۇ ، — لو يايى ئاغزىنى پۇرۇپ قوشۇپ قويىدى ، — يا ئۇنىڭ كاتىپلىقىنى قىلمىسا ، نېمانچە كۆپ شەرتلەر بۇ !
— شۇ ئەمەسمۇ ، بۇ كاساپەت ئۆزى ئادەم ئىشلىتىشكە قول تىقمايمەن دېگەن . مانا سىزنىمۇ تارتىپ كەتتى . ئەمدى باشقا كاتىپ تېپىشقىمۇ چات كېرىپ دېگەن گەپلىرىنى كۆرۈڭ ، — جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ قويدى ، — خاتىرجەم بولۇڭ ، سىز ماڭا شۇنچە كۆيۈنۈپ خىزمىتىڭىزنى ئۆتكۈزۈۋالدىغان ئادەمنىمۇ تېپىپ قويغان تۇرسىڭىز ، مەن سىزگە رەھمەت ئېتسام بولىدۇ تېخى .
— بىراق باش مۇدىر . . .
— ھا . . . ھا . . . ئۇ ئىشنى قىلسۇن ، كىمنى ئىشلىتىشمنى ئۇ باشقۇرالمايدۇ .
— بىراق . . . ئۇ سىگىلىمنىڭ ھېچقانداق خىزمەت تەجرىبىسى يوق .
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ . ئاستا ـ ئاستا ئۆگەنمەمدۇ ، ئۇنى باشلاپ كېلىڭ ، باشلاپ كېلىۋېرىڭ .
— ئۇنداقتا . . . بىرەر ئىشنى بىلەلمەي قالسا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرمەي ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىپ قويارسىز ، غۇرىدىن ھالۋا پۈتىدۇ دېگەن گەپ بارغۇ .
— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن .
— ئەگەر باش مۇدىر سىزنىڭ ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق ئادەمنى ئىشلىتىپ ، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئىش ھەققى بەرگىنىڭىزنى بىلىپ قالسا ، چوقۇم خاپا بولىدۇ ، — دېدى لو يايى ئەنسىرىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ .
— خاپا بولسا بولىۋەرسۇن ، ئۇنى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
كىتاب تورى

ئىشلەتكىنىم ئىشلەتكەن . ساۋاقدىشىڭىز بولامدۇ ، سىڭلىڭىز بولامدۇ ،
ئەتىلا ئىشقا چۈشسۇن . قالغان ئىشلارنى ئۇ كاساپەت بىلەن ئۆزۈم سۆزـ
لىشىۋالىمەن .

— سىز ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماڭ .

— ئۇنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈۋەتكۈم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ ئەبـ
لەخنىزە . . .

لو يايى بۇ ياسالما قىياپىتىنى ئۇزۇن ساقلىيالمايدىغاندەك بىر ھاـ
لەتتە تۇرغاندا ، بەختىگە يارىشا جۇ ۋېيمىن سۆزىنى تۆگىتىپلا قويۇندەك
چىقىپ كەتتى . باش مۇدىرنىڭ پەرىزى ھەقىقەتەن توغرىكەن . ئىشمۇ
مانا مۇشۇنداقلا پۈتۈپ قالدى . بۇ خۇش خەۋەرنى تېزراق ۋېنـ
ۋېنغا يەتكۈزەي .

فاڭ لىفەن ئىدىيىسىدە پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، جۇ ۋېيمىنىڭ
ھېساب ئالغىلى كىرىشىنى كۈتۈۋاتاتتى . دېگەندەك ، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇ
ۋېيمىن قاتتىق ئاچچىقى بىلەن ئېتىلىپ كىردى . بىراق ، بۈگۈن كۈن
قاياقتىن چىقتىكىن ، ئىشىكنى ياپقاچ كەلدى . ئۇنىڭ ئەلپازى مۆلچەردىـ
كىدىنمۇ بەكرەك يامان كۆرۈنەتتى .

— ھوي ئاغىنە ، بۇ قىلىقىڭ تازا قاملاشماي قالدى . مېنىڭ كاـ
تىپىمنىمۇ تارتىۋالدىڭ . ئەمدىلىكتە مېنىڭ يېڭىدىن كاتىپ قوبۇل قىلىـ
شىمغىمۇ پىكىرىڭ چىقتىمۇ ؟ — جۇ ۋېيمىن قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپلا
كەتتى .

فاڭ لىفەنىڭ چىرايىنى ھەيرانلىق قاپلىدى ، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ
« موللا تاپقاق » لىقىغا قايىل بولدى .

— ھە ، سەن مۇۋاپىق ئادەم تاپتىڭمۇ ؟ مەن ئەجەب بىلمەي قاپـ
تىمەنغۇ ؟

— لو ھەدە تاپقانىكەن ، سەن نېمىشقا رەت قىلدىڭ ؟ قابىلىيەتـ
لىك كاتىپ تاپماقنىڭ تەسلىكىنى بىلمەمسەن ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا
ئۆزۈڭ تېپىۋالمىدىڭ ؟

— ئاغىنە ، بۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمىسەڭ قانداق ، — دېدى

فالڭ لىفەن ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ ، — سەن ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇر-ساڭ ، قابىلىيەتلىك ـ قابىلىيەتسىزلىكىنى نەدىن بىلىسەن ؟ سېنىڭ ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان ئادەمگە باشتىن ئۆگەتكىم يوق دېگەن گېپىڭ ئې-سىمدە قاپتىكەن ، لو كاتىپقا شۇنداق دېدىم .

— مەن يېتەكلىسەملا گەپ يوق ئىقتىدارلىق بولۇپ كېتىدۇ ، مەن ھازىر ھېچ ئىش بىلمەيدىغان ئادەمگە ئۆگەتمەن دېسەم ، ساڭا نېمە دوكەتتى ؟ شۇنى ئوچۇق دەپ قويايكى ، ئادەمنى ئۆزۈم تاپىمەن ، ئىش ھەققىنى خالىغىنىمچە بېرىمەن ، بۇنىڭغا پىكرىڭ بارمۇ ؟ راست گەپنى دېسەم بۇگۈن تازا چىشىمغا تەگدىڭ . مەندىن كەچۈرۈم سوراپ گۇنا-ھىڭنى يۇيۇۋالساڭ بولارمىكىن .

— ماقۇل ، ماقۇل ، مەن خاتا قىلغان بولاي . ئاخشاملىققا سېنى مېھمان قىلىپ گۇناھىمنى يۇياي ، شۇنداق قىلسامغۇ بولار ؟

— لو ھەدىمۇ بىرگە بارسۇن ، سېنىڭ مەندىن كەچۈرۈم سورى-غانلىقىڭنى ئۇنىڭغىمۇ بىلدۈرۈپ قوياي .

ۋاھ ! بۇ ئەبلەخ كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا ـ دە !

— ماقۇل دېگىنىڭچە بولسۇن ، كىمنى ئېلىپ بارساڭ مەيلى . ئىشلىرىڭغا ئارىلاشمىسامغۇ بۇ ئىش يوق ماڭا .

— بىلگەن بولساڭلا بولىدىغۇ ، — جۇ ۋېيمىن كۆرەڭلەپ كەتتى .

فالڭ لىفەن بېشىنى چايقاپ ، كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى .

— ھەي ، سەن چۈشتىن كېيىن ئۆي كۆرگىلى باراتتىڭغۇ ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن .

— شۇنداق ، نېمە بولدى ؟

— ھېچ ئىشقۇ يوق ، بەربىر چۈشتىن كېيىن ئىشىم يوق ، بىللە بارسام بولامدۇ ؟

— ياخشىغۇ ، بىللە بېرىپ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك جايلىرى بارمۇ كۆرۈپ باقايلى .

— سەن شۇ يەردە تۇراي دەمسەن ؟

— ئەلۋەتتە .
— تووا دېگىنە ، شۇنداق يىراق تۇرسا ، قولايسىز بولماسمۇ ؟
— ماشىنا تۇرسا ، نېمىدىن قورقاتتىم ، — فاڭ لىفەن كۈلۈپ قويدى .
— سىنى راستلا چۈشىنەلمەيلا قالدىم . شۇنچە پۇل خەجلەپ خىلۋەت ھەم كونا بىر داچىنى ئېلىپ شۇ يەردە تۇرىمەن دەۋاتىسەن . بۇنىڭدا زادى قانداق سەۋەب بار ؟ — جۇ ۋېيمىن ھەيران بولدى .
— چۈشتىن كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن . سائەت ئۈچتە مېنىڭ يېنىمغا كىر . بىللە ماڭىمىز . ھوي ، سەن كاتىپ تېيىپ بولغاندىكىن ، لو كاتىپ بۇياققا كەلسىغۇ بولار ؟
— ئىككى ئۈچ كۈن ئۆتسۇن ، يېڭى كەلگەن ئادەمگە ئۆگىتىپ قويمىسا بولماس .
— ناھايىتى ياخشى . ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي ، بولامدۇ ؟
— بولىدۇ ، — جۇ ۋېيمىن سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

× × ×

— قارىغىنا ، بۇ يول ئۈچەيدەك تاركەن ، ماشىنىمۇ كىرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ، — جۇ ۋېيمىن رەنجىگىنىچە ماشىنىدىن چۈشتى .
— بىر دەملىك يولغۇ ، پىيادە ماڭساقمۇ كېرەك يوق ، — دېدى فاڭ لىفەن كۈلۈپ . ئىككىسى تار كوچىنى بويلاپ ماڭغاچ بايىقى سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى .
— بۇ گەپچە سەن چوقۇم سىيتىۋالماي قويمايدىكەنسەن ـ دە ؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ، فاڭ لىفەن سىيتىۋالماقچى بولۇۋاتقان ھېلىقى داچا ئىدى .
— قانداق قىلىمەن ئەمسە ؟ بىر ئۆمۈر ۋاپاسىز ئوغۇل دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەنمۇ ؟
— داچا قانداق بولۇپ چى گوخاۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

كەتكەنكەن ؟

— قولدىن ـ قولغا سېتىلىپ بولمامدۇ ، كىمنىڭ قولىدا بولسا ـ بولسۇن ، قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمدىن قەتئىينەزەر سېتىۋالماي قويمايمەن .

— چى گوخاۋ دېگەن قۇۋ تۈلكە سېنىڭ ئالماي قويمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ باھانى شۇنداق يۇقىرى قويۇۋالغان گەپ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن .

— ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پەقەتلا ساتقۇسى يوق ، مەن قىستىدىم .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— ئۇ يېقىندا مالىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلدى ، ئەھۋالى ناھايىتى ئوسال ، لېكىن خەۋەر تېخى تارقالمىدى ، مەنمۇ ناھايىتى تەستە سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم ، ئەگەر ئۇ بۇرۇنقى ئەھۋالدا بولغان بولسا ، مەن قويغان بۇ باھاغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماس ئىدى . بۇ قېتىم ھەقىقەتەن مېنى تەڭرى يۆلىدى دېگىنە ، — دېدى فاڭ لىفەن كۈلۈپ تۇرۇپ :

— گېپىڭچە ئۇ قوشۇلۇپتۇ ـ دە .

— تېخى بىر قارارغا كەلمىدى . بىراق مەن ، داچىنى ماڭا سېتىپ بەرمەيدىغان بولسا ، ئىگىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىدا تۇرغانلىقىنى ئاشكارا قىلىۋېتىدىغانلىقىمنى ئازراق پۇرىتىپ قويدۇم . ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ داچىنى سېتىپ بەرمەكتىن باشقا ئامالىمۇ قالمايدۇ .

— ھەي ، بۇنداقتا ، بەكلا رەھىمسىزلىك قىلغان بولۇپ قالامسەن ـ قانداق ؟

— مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق ، بىراق داچا يەنە باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ، قايتۇرۇپ ئالمىقىم تېخىمۇ تەسكە چۈشمەمدۇ ؟ مەن قويغان باھا ئۇنىڭ يەنە باشقا بىر داچا سېتىۋېلىشىغىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ، مەنمۇ ئۇنى زىيان تارتقۇزاي دېمىدىم .

جۇ ۋېيمىن بېشىنى لىڭشىتتى :

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە ، 50 مىليون ئۇنىڭ ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

قىيىنچىلىقلىرىغا ئازراق بولسىمۇ دال بولالايدۇ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ مېڭىپ داچىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— چى فامىلىلىك ئۆيدە بارمىدۇ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن فاڭ لىفەندىن.

— يوققۇ دەيمەن، بىراق ئۇنىڭغا داچىنى كۆرگىلى كېلىدىغانلىقىمنى دەپ قويغان. ھېچ بولمىسا ئادەملىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندۇ.

فاڭ لىفەن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى، ئاندىن داچا سىرتىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ بالىلىق خاتىرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنىڭ ئۆز پېتى ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىشىكنى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق بىر قىز ئېچىۋېدى، ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى.

— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ — قىزچاقنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى.

فاڭ لىفەن ھويلىدا نۇرغۇن ئىتلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قاۋاپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نام ـ ئەمەل كارتوچكىسىنى ئېلىپ قىزغا سۇنغاچ:

— ياخشىمۇسىز؟ بىز چى گوخاۋ ئەپەندىنىڭ دوستى، بۇ داچىنىڭ بېزىلىشىنى كۆرۈپ كېتىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويغان. سىلەرگە تاپىلاپ قويمىدىمۇ ـ قانداق؟ — دېدى.

پ‍ھ‍امچى شىلۋىين نام ـ ئەمەل كارتوچكىسىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ باش ئايىغىغا بىر قاراپ قويۇپ:

قىلىن لىفە بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ـ دە، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ـڭ سىرتتا قالغان فاڭ لىفەن بىلەن جۇ ۋېيمىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن.

فاڭ لىفەن «بىلمىدىم» دېگەن مەنىدە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئىشىك يەنە ئېچىلدى ، بۇ قېتىم ئىشىكنى ئاچقىنى ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان سېمىز ئايال ئىدى .

— كەچۈرۈشسىلە ئەپەندىلەر ، بېگىم بىزگە تاپىلاپ قويغان ، قېنى ئىچكىرىگە كىرىشسىلە ، — دېدى ۋاڭ ئانا ئەدەپ بىلەن .

— رەھمەت سىزگە خانىم .

هويلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ فاڭ لىفەن بايىقى قىزنىڭ چىملىقتا ئولتۇرغانلىقىنى ، چوڭ - كىچىك ئىتلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياۋاشلىق بىلەن جىم ئولتۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى . شۇ ئەسنادا يۇپ - يۇمىلاق بىر كاللەك ئاق يۇڭ قاۋىغىنىچە ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلدى . فاڭ لىفەن بۇ ئاق كاللەك يۇڭنىڭ ئىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە ، ئىت جۇ ۋېيمىننىڭ شىمىنىڭ پۇشقىقىدىن ئالدى .

فاڭ لىفەن ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ قانچە-لىك پۇل خەجلىسمۇ ، جۇ ۋېيمىننىڭ مۇشۇ تۇرقىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى .

جۇ ۋېيمىن پاچىقىغا يېپىشىۋالغان كىچىك نەرسىگە ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە مىدىرلىيالماي تۇرۇپ قالدى .

ۋاڭ ئانا قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتى ، ھېلىقى قىزمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ كۈچۈكنى تارتىۋىدى ، كۈچۈك خۇددى جۇ ۋېيمىننىڭ شىمىنىڭ پۇشقىقىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى .

— بەي بەي ، قويۇۋەت ، تېز قويۇۋەت . بولمىسا تاماق بەرمەيمەن .

بىر پەس ھەيۋە قىلىش ، قورقۇتۇش ، تارتقۇچىلاش نەتىجىسىدە جۇ ۋېيمىننىڭ شىمىنىڭ بىر پۇچقىقى يىرتىلدى ، ھېلىقى كۈچۈك [illegible] ئويۇنچۇق لاتىغا ئېرىشتى .

ۋاڭ ئانا ناھايىتى تىت - تىت بولغان ھالدا :

— كەچۈرۈڭ ، ئىنتايىن خىجىلمەن ، — دېدى .

جۇ ۋېيمىننىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى . لېكىن ياشىنىپ قالغان ئا-

يالنىڭ ئىنتايىن خىجىل بولغىنىنى كۆرۈپ ، چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرتۈپ تەكەللۇپ بىلەن :

— ھېچ ۋەقەسى يوق . ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بو- لىدۇ ، — دەپ قويىدى .

فالىك لىفەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئۆزۈڭنى ئاجايىپ ياخشى تۇتتۇڭ ، دەپ ئۇنى ماختاپ قويىدى .

ھېلىقى قىزچاق ئىتنى كۆتۈرگىنىچە كېتىپ قالدى ، ھەتتا ئەپۇ سوراپ قويايمۇ دېمىدى . فالىك لىفەن تۇرغىنىچە ئىتلار تۇرغان تەرەپكە قاراپ ، ھېلىقى قىزنىڭ چاتاق تېرىغان كۈچۈككە پەندى – نەسىھەت قىلىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ كۆزىنى يۆتكىشىگە سېمىز ئايالنىڭ ئۆزىگە ، قىزچاقنىڭ ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىياپەتتە قاراپ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى – دە ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويىدى .

داچىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندا ، سائەت بەش بولۇپ قالغانىدى . ۋاڭ ئانا ئۇلارنى ئەدەپ بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلىۋېدى ، ئۇلار چىراي- لىقچە رەت قىلدى . ھويلىغا چىقىشىغا جۇ ۋېيمىننى يەنە تىترەك باستى ، لېكىن باشقا ئىتلار خۇددى بىرى گەپ ئۆگىتىپ قويغاندەك ئۇلارغا قاراپمۇ ، قاۋاپمۇ قويۇشمىدى . ھېلىقى قىزچاق كۆرۈنمەيتتى .

ۋاڭ ئانا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك :

— خېنىم كۈچۈكنى ئېلىپ ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كەتتى ، ھېلىقى كۈچۈكنى يېڭىلا بېقىۋالغان ، تېخى ياخشى تەربىيىلەنمىگەن ، شۇڭا . . . — ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا جۇ ۋېيمىننىڭ شىمىنىڭ پۇش- قىقىغا قاراپ قويىدى .

— خېنىم ؟ — ئۇنداقتا ئۇ قىز . . . — ھەيران بولدى فالىك لىفەن .

— شۇنداق ، ئۇ بېگىمنىڭ قىزى ، ئوخشمايدۇ ، شۇنداقمۇ ؟ خېنىم ئاددىي – ساددا كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ . ھەم بەكلا جىمغۇر .

قايتقۇچە ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدى — ئەجەب چى گوخاۋنىڭ قىزى بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز –

ھە ؟

ھېلىقى قىز چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا چىقىرىپ لېنتا بىلەن چىڭ بوغۇۋالغان ، كالتە يەڭ مايكا ، ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ ئاسما باغلىق شىم كىيىۋالغان بولۇپ ، پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى .

— بۈگۈن تازا نەس باستىغۇ مېنى ، ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ ، بۇ يەرگە زورلاپ ئەكەلمىگەن بولساڭ ، ئىت مېنىڭ شىممىنى ئەمەس ، سېنىڭكىنى چىشلىگەن بولاتتى . ئۈچ مىڭ كوينىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى دېگىنە ، — دېدى جۇ ۋېيمىن زەردە بىلەن .

— بۇنى پېشانەڭدىن كۆر ، نېمە دەپ مېنى ئەيىبلەيسەن ؟ — فاڭ لىفەننى يەنە كۆلكە قىستىدى .

— ھېلىقى قىز تازىمۇ ئەدەپسىز كەن . ئەگەر ئۇ بىر ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويغان بولسىمۇ ، بۇنچىۋالا ئاچچىقىم كەلمەيتتى ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئاغرىنغان ھالدا .

— شۇنداق ، سىرتقى قىياپىتىدىن ئۇ زەردار ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىغا ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ . لېكىن ھالى خېلى بار ئىكەن .

— نېمىسىگە كۆرەڭلەيدىكىنە ؟ دادىسىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولۇپ ، ئاچ قالغىلى تاسلا قېلىۋاتسا ، ئۇ قاچانغىچە شۇنداق يۈرەلەيدىكىن .

— بولدىلا ، مېنى مېھمان قىلدۇرماقچى ئەمەسمىدىڭ . لو كاتىپ بىزنىڭ ساقلاپ تۇرغاندۇ ھەقاچان .

— مەن ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ شىممىنى ئالماشتۇرۇپ كېلەي . بۇ تۇرقۇم بىلەن رېستورانغا بارسام خەقلەر قورقۇپ قېچىشىپ كەتمىسۇن يەنە ، — دېدى جۇ ۋېيمىن شىمىنى كۆرسىتىپ .

— ئۇنداق بولسا تولا كوتۇلداۋەرمەي ، ماشىنىنى تېزراق ھەيدىمەمسەن !

## 2

كې ۋېنۋېن قولىدىكى سۈپۈرگىنى قويۇپ ، ئىجارىگە ئالغان كىچىككىنە ئۆيىگە نەزەر سالدى ، كۆڭلىدە بىردىنلا ئىپادىلەپ بەرگۈسىز رازىمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى . يېرىم كۈن سىرىپ ـ سۈپۈرۈش ، تازىلاش ئارقىلىق بۇ ئۆي ھەرھالدا خېلى ئىسكەتكە كىردى . ئەمدى بىرقىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالسا ، ئاندىن رەسمىي بىر ئۆي سىياقىغا كىرەرمىكىن .

ئوتتۇرا رايونىنىڭ ئۆي ئىجارىسى شىمالىي رايونىنىڭكىدىن قىممەت بولمىسىمۇ ، ئۇ خې گۇاڭدانىڭ بىر تىيىن پۇلىنىمۇ ئىشلەتمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بانكىغا قويغان پۇلىمۇ يوق . شۇنداق بولغاچقا ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە پۇلنى تېجەپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ . زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پۇلىمۇ تۈگەپ قالدى . تېزراق خىزمەت تاپمىسا ، ئاچ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

— ۋېنۋېن ، ۋېنۋېن ! — سىرتتىن ئۇنى چاقىرغان تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى . كې ۋېنۋېن ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى .

— ھەدە ، قېنى كىرىڭ ، ئولتۇرۇڭ .

لو يايى كىرىپ :

— مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىڭىزنىلا بىلەتتىم . ئەمما قايسى ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلمىگەچكە باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە تاپتىم .

— ئەسلىدە ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ، ئۆي سىياقىغا كىرگەندىن كېيىن سىزنى تەكلىپ قىلماقچىدىم ، — ۋېنۋېن ئورۇندۇقتىن ئىككىنى ئەكەلدى ، — كېلىڭ ، بۇياقتا ئولتۇرۇڭ . تېخى يىغىشتۇرۇپ بولالمىدىم . قۇپقۇرۇق ئۆي ، ھېچنەرسە يوق . ھەدە ، بىرەر نەرسە ئىچەمسىز ؟ مەن چىقىپ ئەكىرەي .

— بولدى ، كىرەك ئەمەس . ماڭمۇ شۇنداق تۇزۇت

قىلامسىز ؟ — لو يايى ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ قاراپ كۆيۈنگەن هالدا ، — ۋېنۆبىن ، مېهمانخانىسىمۇ ، ئاشخانىسىمۇ يوق كاتەكتەك بىر ئېغىز ئۆيدە قىيىنىلىپ قالارسىزمۇ ؟ — دېدى .

ۋېنۆبىن پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ :

— نېمىدىن قىيىنىلاتتىم ؟ ئىشقىلىپ ماڭا باش تىققۇدەك ماكان بولسىلا كۇپايە .

— مەن بىلەن بىرگە تۇرسىڭىز ئوبدان بولاتتى . هېچ بولمىغاندا بىر - بىرىمىزگە هەمراھ بولاتتۇق .

— بولمايدۇ ، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەهمەت . سىزنى يەنە ئاۋارە قىلغۇم يوق . مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا ماڭغانىكەنمەن ، باشقىلارغا تايانماسلىقىم كېرەك .

— ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ پىكرىچۇ ؟

— مەن . . . مەن تېخى دادام ، ئاپاملارغا ئېيتمىدىم . ئۇلارنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دېدىم .

— پاختىدا ئوت ساقلىغىلى بولاتتىمۇ ؟ بۇنداق ئىشنى ئۇزۇنغىچە يوشۇرۇپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ - دە .

— بۇلارنى مەنمۇ ئويلىدىم . تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۇلارغا ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتىمەن . ئۇلار مېنىڭ هەرهالدا يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمنى بىلسە ، بەلكىم بەك پاراكەندە بولۇپمۇ كەتمەس .

— مەن سىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش سەۋەبىڭىزنى بىلمىسەممۇ سىزنىڭ هەقىقەتەن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىڭىزنى هېس قىلدىم ۋېنۆبىن ، بىلەمسىز ، بىر ئايالنىڭ هايات مۇساپىسىنى ئۆزى يالغۇز بېسىپ ئۆتكىنىشى ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس ، — دېدى لو يايى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

— بۇنى بىلىمەن . خاتىرجەم بولۇڭ هەدە ، ئىدىيەمدە تەييارلىقىم بار . ئىشقىلىپ مەن مۇستەقىل ياشاش قارارىغا كېلىپ بولدۇم . ئادەم ئۆزى بەگ ، ئۆزى خان ، ئەركىن ئازادە ، دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى

www.uyghurkitap.com

يەيدىغان ئىشمۇ يوق يۇرسە ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— سىز مۇشۇنداقلا ئويلىغان بولسىڭىز ، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم . بەزىدە مەن ، سىزنى كۆنەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن . ھە ، راست ، سىزگە ئالاھىدە بىر خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم . سىزماڭا ھاۋالە قىلغان ئىشنى بېجىرىپ بولدۇم . ئەتىلا ئىشقا چۈشسىڭىز بولىدۇ .

— راستىما ؟ نېمانچە تېز ؟ — سورىدى ۋېنۋېن ئىشەنمىگەندەك .

— ۋىيەي ، مەن سىزگە بۇرۇنلا چاتاق يوق دېگەنتىمغۇ ؟ ئىشەنمەيۋاتامسىز ؟

— قانداق . . . قانداق خىزمەت ؟

— باش دىرېكتورنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىسىز . يەنى مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەيسىز . چۈنكى مېنىڭ ۋەزىپەم ئۆستۈرۈلدى ، — دېدى لو يايى خۇشال كۈلۈپ .

— باش دىرېكتورنىڭ كاتىپلىقى ؟ — ۋېنۋېن ئاغزىنى كامارده ك ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى ، ئاندىن ئەنسىرىگەن ھالدا ، — بولماسمىكىن ، مەن بۇنداق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلمەيمەن . ئەجەبا ، ياردەمچى ، خەت - چەك تارقاتقۇچى دېگەندەك ئاسانراق خىزمەت يوقمىكەن ؟ — دېدى .

— ھەي ، غەيرەتلىكرەك بولسىڭىزچۇ . ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرمەكچى ئەمەسمىدىڭىزغۇ ؟ پۇلنى كۆپرەك تاپماسسىز ، بۇ شىركەت ھەرھالدا يامان ئەمەس . ناھايىتى تۈزۈملەشكەن ، ئىش ھەققىمۇ يۇقىرى ، ماڭا قاراپ بېقىڭا ، ئۈچ يىلدىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن ، يۆتكىلىپ كېتىشنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىدىم .

— بىراق . . .

— بىراق - بىراقلىرىڭىزنى قويۇڭ . مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئېنىق دېدىم . شياۋجۇ كۆكۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە ۋەدە بەردى . قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆكۈل قويغان ئادەمگە ، دېگەن گەپ بارغۇ . بۇرۇن ئىشلەپ باقمىغان بولسىڭىز نېمە بوپتۇ . تىرىشىپ ئۆگەنسىڭىزلا بولىدۇ

ئەمەسمۇ .
— مەن . . . — ۋېنۆيېننىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى ، — بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .
— سىزنىزە ، بەك كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسىز . ئۆتكەن قېتىم سىزنى كۆرگىنىمدە شۇنچە چۈشكۈن ، چىرايىڭىز ھېلىلا ئېغىر كېسەلدىن قوپقان ئادەمدەك سولغۇن ، ھەم روھسىز كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز . ئەتە تازا قاملاشتۇرۇپ ياسىنىڭ ، مەن سىزنى شىركەتكە باشلاپ بارىمەن .
— ئەتە ؟ نېمانچە تېز ؟
— يەنە نېمىگە تارتىنىسىز ؟ بالدۇرراق يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغاننىڭ نېمىسى يامان بولدى ، شۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە . ئەتە سىزنى ئالغىلى كېلىمەن ، — لو يايى سائەتكە قاراپ قويدى ، — مەن قايتاي ، ئەگەر ئېرىم تەييارغا ھەييار ئادەم بولغان بولسىزە مەن راستلا يېتىشىپ بولالماي كېتەتتىمكەن .
— ھەدە ، سىز بەك تەلەيلىك جۇمۇ ، تەگرى سىزگە كۆيۈمچان جورا ئاتا قىپتۇ .
— سىزمۇ تامىقىڭىزنى يەڭ . مەن كېتەي . ئەتە كۆرۈشەيلى ، — دېدى لو يايى ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن قاراپ .
— ئەتە كۆرۈشەيلى ، رەھمەت سىزگە لو ھەدە .
لو يايى باش لىڭشىتىپ خوشلاشتى .
ۋېنۆيېن ھېچقانداق خىزمەت تەجرىبەم يوق تۇرۇپ ، بىراقلا شۇنچە مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ ؟ دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇپلا قالدى . ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ، باشقا كەلگەننى كۆرمەي نېمە ئامال ؟ ئۇ دەرھال چامادانىنى ئېچىپ ئەتە خىزمەتكە كىيىپ بارىدىغان كىيىملىرىنى تاللاشقا باشلىدى .

× × ×

چى شياۋيىن قايتىپ كەلگەندە ۋاڭ ئانا مېھمانخانىدا تېلېۋىزور

كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ چى شياۋيىننى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خېنىم قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ تاماق يېدىڭىزمۇ؟ يېمىگەن بولسىڭىز. مەن تاماق ـ سەيلەرنى ئىسسىتىپ كىرەي، — دېدى.

— بولدى، مەن سىرتتا تاماق يېۋالدىم، ئىتلىرىمغا تاماق بېرىپ قويغانسىز؟

— بەردىم.

— دادامچۇ؟ قايتىپ كەلدىمۇ؟

— قايتىپ كەلدى، بېگىم سىزنى قايتىپ كەلسە يېنىمغا چىقسۇن، دېدى. يېقىندىن بېرى بېگىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، سىز... سىز تەڭ تۇرۇشۇپ، تاكاللاشماي كۆپرەك يول قويۇڭ، — دېدى ۋاڭ ئانا ئەندىشە قىلغان ھالدا.

— ماقۇل، — چى شياۋيىن سۇس كۈلۈپ قويۇپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

يېنىك قەدەم بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چى شياۋيىننىڭ كۆڭلىنىمۇ تەشۋىش قاپلىغانىدى. دادىسى ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلىدىكىنە؟ شۇنچە يىللار بويىتۇ، دادىسى ئەزەلدىن قىزىنى بىرەر قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقىرتىپ پاراڭلىشىپ باقمىغان. ئادەتتە ئۆي ئىچىدە دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ، باش لىڭشىتىپلا قوياتتى، خالاس. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغىنىنى ئويلاپ قالدى. بەي بەيىنى ئەكەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بەي بەي دادىسىنىڭ دوستىنىڭ شىمىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ دادىسى مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن «كۆرۈشمەكچى» بولغان بولسا ـ ھە؟ ئۇ ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

— دادا، مېنى چاقىرتقانمىدىڭىز؟

— قېنى كىرگىن.

چى شياۋيىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچكىرىگە كىردى، دادىسى شىرە ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئادەتتە ھۆججەت ماتېرىياللار تولۇپ كېتىدىغان

شىرە ئۈستىدە ھازىر پەقەت بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن بىر رۇمكىلا تۇراتتى .

ئۇ ئارىسالدى بولۇپ قالدى ، ئەگەر دادىسى ھاراق ئىچكەن بولسا ، ئۇنىڭ كىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى ، ئادەتتىكىدەك گەپلەشكىلى بولمايدۇ . پەقەت ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدۇ .

— كىرىۋەرگىن ، مەن ھاراق ئىچمىدىم ، — دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالدى .

— ھاراقنى كۆپ ئىچمەڭ ، سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ ، — دېدى ئۇ قىلىدىغان گەپ تاپالماي . چىن كۆڭلىدىن ئېيتىلغان بۇنداق سۆزلەر بۇرۇندىن چېقىشالمايدىغان بۇ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا قىلىنسا كىشىگە تولىمۇ سۈنئىي بىلىنەتتى .

چى گوخاۋ بېشى بىلەن ئۇنى ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى .

— سەن . . . ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن ؟ — سورىدى دادىسى .

— ھۆنەت ـ سەنئەت سىنىپىغا دەرس ئۆتۈۋاتىمەن . بولكىغا گۈل چېقىرىش ، قەغەز قېيىپ چاپلاش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆگىتىمەن .

— قانچە پۇل تاپىسەن ؟ نېمىشقا تۇزۇكرەك خىزمەت تاپمىدىڭ ؟ سەن سودا كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، بوغالتىرلىقتەك خىزمەتلەرنى قىلساڭمۇ بولاتتىغۇ .

— پۇلغۇ كۆپ ئەمەس . بىراق مەن مۇشۇ خىزمەتنى ياخشى كۆرىمەن . ئەركىن ـ ئازادە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بار ، پۇلدىن قىسىلىپ قالمايمەن . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

چى گوخاۋ ھېچنەرسە دېمەي ، بىر رۇمكا ھاراق قۇيۇپ ئىچىۋەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى :

— ئاپاڭ . . . بىلەن ئالاقىلاشتىڭمۇ ؟

چى شياۋيىن شىرەگە تىكىلگىنىچە ياق ، دېگەن مەنىدە بېشىنى

چايقىدى .

— ئاتا ـ بالا تۇرۇپ ئىككىمىز دېگەندەك ئەپ ئۆتەلمىدۇق. قاندىقلا بولمىسۇن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە بىردىنبىر يېقىن ئادەم، سەن . . . سەن ماڭا ئۆچ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى چى گوخاۋ ئۇھ تارتىپ .

چى شياۋيىن يەرگە تىكىلگىنىچە بېشىنى چايقىدى .

چى گوخاۋ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ :

— مەنمۇ سېنى مەندىن ئاغرىنمىسكەن دەيمەن . بولدى، باشقا ئىش يوق . چىقىپ ئىشىڭنى قىلغىن، — دېدى .

چى شياۋيىن ئۈزۈنراق ئولتۇرۇپ دادىسى بىلەن پاراڭلىشىپ، ھال ـ مۇڭ بولۇشنى، دادىسىغا تەسەللىي بېرىپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشنى، ئۇنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاران :

— سىزمۇ بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ، يەنە ئىچمەڭ، مەن چىقىپ كەتتىم، — دېيەلىدى .

خانىسىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئازراق ھاياجانلاندى . زادى ئۇيقۇسى كەلمىدى . بۇ تازىمۇ ئەخمىقانىلىقتە ! تووا چىرايلىقچە سۆزلىشىشتىن مۇشۇنچە ھاياجانلاندىمۇ ؟

سائەت 12 دىن ئاشقاندا، دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن نەرسىلەر چاراك ـ چۇرۇك تاشلانغان ئاۋاز ئاڭلاندى . چى شياۋيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپلا ۋاڭ ئانىنىڭ كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— بارماڭ، بېگىم مەست بولۇپ قاپتۇ . ئاچچىقلاپ كېتىۋاتىدۇ . ئەگەر بىرەر يېرىڭىز زەخىملىنىپ قالسا قانداق بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئانا تەشۋىشلەنگەن ھالدا .

— سىز بېرىپ قاراپ باقتىڭىزمۇ ؟

— ھەئە، بېگىم قولىدىكى ئىستاكاننى ماڭا ئاتتى . بېگىمگە زادى نېمە بولغاندۇ ؟ مىجەزى بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ .

چى شياۋيىنمۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى. دادىسىدىن زادى نېمىگە شۇنداق خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ كۆرسۇنمۇ يا؟ ئۇلار تېخى بايىلا بىر ئوبدان پاراڭلىشىۋىدىغۇ؟

كۇتۇپخانىدىن يەنە كىملەرنىڭدۇر قارغاپ ھاقارەتلىگەن ۋە نەرسىلەرنىڭ چېقىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ۋاڭ ئانا بىلەن چى شياۋيىن بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئېغىر خورسىندى.

× × ×

ــ ۋاي خۇدايىم! مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن ئىشقا بارماقچىمۇ؟ ــ دېدى لو يايى كې ۋېنۋېننىڭ ئۇچىسىدىكى چاچما گۈللۈك، يەڭسىز ياۋروپاچە كۆڭلەكنى كۆرستىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ــ مېنىڭ باشقا كىيىمىم يوق. تۈنۈگۈن ھەممە ساندۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ قېزىۋەتتىم. ياۋروپاچە كىيىملەر بىلەن ئۇخلاش كىيىمىدىن باشقا بىرەر قۇرمۇ خىزمەت كىيىممۇ يوقكەن، ــ دېدى كې ۋېنۋېن خىجىل بولۇپ.

ــ كوپتا ۋە تار شىملىرىڭىزمۇ يوقمۇ؟

كې ۋېنۋېن بېشىنى چايقىدى.

ــ بۇرۇنراق دېسىڭىز بولماسمىدى، مەن بېرىپ تۇرار... ــ لو يايى ئۆزىنىڭ قۇيۇلغان ئۇچەيدەك سىمىز بەستىگە، ۋېنۋېننىڭ زىلۋا قامىتىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى.

ــ سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئىلگىرى خىزمەت قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تار يوپكىلارنى كىيگەن بىلەن تازا خۇشۇم يوق. خۇددى پۇتلىرىمنى باغلاپ قويغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن.

ــ ئەمىسە بوپتۇ، ھازىر ۋاقىت قالمىدى. بۈگۈن مۇشۇ كىيىمىڭىز بىلەن بېرىۋېرىڭ. بىرىنچى كۈنى ئىشقا كېچىكىپ بارسىڭىز ياخشى بولماس، ــ دېدى لو يايى ئالاجىسىز.

ــ مۇشۇ تۇرقۇم... بولىۋېرەرمۇ؟ ــ دېدى ۋېنۋېن ئۇچىسىدىكى كىيىملەرگە قاراپ قويۇپ.

www.uyghurkitap.com

— ئامال يوق ، هازىرچه مۇشۇنداق بىرىپ تۇرۇڭ . ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بازارغا بىرىپ ، بىرنەچچه قۇر خىزمەت كىيىمى سېتىۋالايلى ، يۈرۈڭ ماڭايلى ، — لو يايى ۋېنۆېننى تارتىپ ماشىنىغا چىقاردى .

كې ۋېنۆېن ماشىنىغا چىقىپ بىردەم ئۆزىنىڭ ياۋروپاچه كىيىمگه ، بىردەم لو يايىنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكا شۇنداق ياراشقان سالاپەتلىك تۇرقىغا قاراپ خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى .

— هەدە مەن . . . مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن بارسام باشقىلارغا يامان تەسىر بىرىپ قويارمەنمۇ ؟ — سورىدى ۋېنۆېن .

— ئۇنداق بولمايدۇ ، شياۋجۇ ناهايىتى چىقىشقاق ئادەم . ئۇنىڭ ئۈستىگه مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن ، پەقەت كىيىمىنىڭ ئىشىغۇ ، هىچ گەپ يوق .

ئۇلار شىركەتكه يىتىپ كەلگەندە ، سائەت 8 گه ئاز قالغان ، يەنى ئۇلار دەل ۋاقتىدا كەلگەنىدى .

— ۋېنۆېن بىر نەرسىسى يىتۈپ كەتكەن ئادەمدەك يەرگىلا قاراپ ماڭماي بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ مېڭىڭ ، باشقىلارغا ئۈسسۈۋالماڭ يەنه . ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ بولسۇن ، — لو يايى ۋېنۆېننى يىتىلىگىنىچه باش دىرېكتور ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى .

— خۇداغا شۈكۈر خېنىم ، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئالدىراش ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ .

— باش دىرېكتور ، بۇياق مېنىڭ سىڭلىم . . .

— هازىرچه بۇ گەپلەرنى قويۇڭ ، يولدىشىڭىزدىن هازىر تېلېفۇن كەلدى ، ئوغلىڭىز پەشتاقتىن چۈشكۈچه يىقىلىپ كېتىپ ، بېشىنى يېرىۋاپتۇ . هازىر دوختۇرخانىدا ئىكەن . ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدىكى هېلىقى دوختۇرخانىدا ، تېزراق بېرىڭ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

— نېمه ؟ — لو يايى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا هوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى ، — قانداقسىگه شۇنداق بولغاندۇ ، دادىسى ئۇنى يەسلىگه

ئاپىرىپ قويماقچى ئىدىغۇ ؟ نېمىشقا . . .
— تېزراق بېرىلى ، تاكسىغا ئولتۇرۇڭ ، بۇ ھالىتىڭىز بىلەن ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز ماشىنا ھەيدىمەڭ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن .
— بىراق ، سىڭلىم ئۇ . . .
— بولدى ، ماڭا تاپشۇرۇڭ ، مۇشۇنداق چاغدىمۇ باشقا ئىشلارنى ئويلامسىز ؟
— ھەدە ، سىز بېرىۋېرىڭ . مەندىن غەم قىلماڭ ، — ۋېنۋېن دەككە - دۈككىدە ئاران تۇرغان چاغدا ، توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ دېگەندەك ، بۇ ئىشنىڭمۇ توغرا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان ، قانداق قىلىش كېرەك ؟
— بوپتۇ ، بوپتۇ ، ئەمىسە مەن ماڭدىم ، — لو يايى ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى .
جۇ ۋېيمىن شۇندا ئېسىنى يىغىپ ئالدىدا تۇرغان قىزغا سەپ-سالدى . قىزنىڭ بۇدۇرسىز چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلغان ، چىرايى سۇلغۇن ، ئۆزى بولسا پۇ دېسىلا ئۇچۇپ كەتكۈدەك جۈدەڭگۈ ، چىراي - تۇرقى بەكمۇ ئادەتتىكىچە .
— فاملىڭىز ؟ — سورىدى ئۇ .
— ھە ؟ مېنىڭ . . . فامىلەم كې .
— كې خېنىم ، ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلاشساق ، قانداق ؟
ۋېنۋېن بېشىنى لىڭشىتتى . ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەن-دەك ، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە لو ھەدىنىڭ يوق بولۇپ قالغىنىنى قا-رىمامدىغان . « قارىغاندا ئۆزۈمگە تايانمىسام بولمىغۇدەك » ، دېگەنلەرنى-لەرنى ئويلىدى . ھەمدە چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ، جۇ ۋېيمىننىڭ ئار-قىسىدىن ماڭدى .
جۇ ۋېيمىن ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى . ئاندىن سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى ئېچىپ :
— شياۋمېي ، ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىرىۋەتسىڭىز ، — دېدى ، ئاندىن ۋېنۋېنغا بۇرۇلۇپ ، — كې خېنىم ، لو كاتىپىنىڭ سىڭ-

لمسى بولامسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— شۇنداق .
— ئىلگىرى قايسى شىركەتتە ، قانداق ئىشلارنى قىلغان ؟
ئۇ بېشىنى چايقىدى .
— زادىلا خىزمەت قىلىپ باقمىغانمۇ ؟
ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىشەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . بۇنىڭدىن ۋېنۋېن ئىنتايىن ئىزا تارتىپ كەتتى . بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈدەك ئىقتىدارى يوق تۇرۇپ ، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىنىڭ ئېتىپ ، نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ يەرگە كەلگەندۇ ؟ دېگەندەك :
— كې خېنىم ، سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن ، — دېدى .
— مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرمەزگىل كاتىپلىق قىلغان ، — دېدى ئۇ ئاخىر جاۋاب بېرىپ .
— بىرمەزگىل ؟ زادى قانچە ۋاقىت ؟
— ئىككى . . . ئۈچ ئايغۇ دەيمەن .
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— ئۇنىڭدىن كېيىن . . . خىزمەت قىلمىدىم .
— ھە ؟ ئۇنداقتا كېيىن نېمە ئىش قىلدىڭىز ؟
دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قىز ئىشىكنى چېكىپ ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىردى . كې ۋېنۋېن قىزچاقا دەل ۋاقتىدا كىرىپ پاراڭنى ئۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى . پەرۋەردىگار ! بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسە بولار ؟ توي قىلىپ ، ئائىنچا خېنىم بولغانلىقىنى ، خىزمەت ، پۇل دېگەنلەرگە ھەرگىز ئېھتىياجى چۈشمىگەنلىكىنى ، ھازىر ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتسۇنمۇ ؟ بۇ دېگەن شەخسىي ئىش ، ئۇنىڭ بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى .
ھېلىقى قىز قەھۋەنى قويۇپ ، ئەدەپ بىلەن چىقىپ كەتتى ھەم ئىشىكنى يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى .
— سوئالىمغا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن قەھۋەنى بىر ئوتلاپ

— مەن . . . مەن جاۋاب بەرمىسەممۇ بولامدۇ ؟ — دېدى ۋېنۋېن ئۇھ تارتىپ .

جۇ ۋېيمىننىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ، لېكىن چاندۇرماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى :

— ئەلۋەتتە بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە سىز بىر نۇسخا ئانكېت ، بىر نۇسخا تەرجىمھالىڭىزنى يېزىپ تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى . سىزنى لو كاتىپ تونۇشتۇرغاچقا ، بۇ ئاۋارىچىلىقلاردىن مۇستەسنا قىلدۇق . ئەمما سىزنىڭ خىزمەت تارىخىڭىزنى سورۇشتۇرۇش ناھايىتى نورمال ئىش . كې خېنىم ، فاڭ جەمەتىنىڭ كەسىپ دائىرىسى كېڭىيىپ ، ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك باسقۇچقا يەتتى . سىزگە ئوخشاش ھېچقانداق ئەمە-لىي خىزمەت تەجرىبىسى يوق ئادەمنىڭ بۇ شىركەتتە باش دىرېكتورنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىشى ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس . گەپنىڭ راستىنى دېسەم ، سىز ھەتتا خىزمەت ۋاقتىدا قانداق كىيىم كىيىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايسىز . . .

— ناھايىتى خىجىلمەن ، جۇ ئەپەندى . مەن بۇ خىزمەتنى چوقۇم ئىشلەيمەن دەپ تۇرۇۋالمايمەن ، — كې ۋېنۋېن ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالماي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى . ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ئۆزىنى تۇ-تالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى . بۇ ئادەم نېمانچە تەكەببۇردۇ ، ھېچقانداق ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ ، باشقىلارغا زەھەردەك گەپلەر بىلەن ئازار بەرسەم بولىۋېرىدۇ دەمدىغاندۇ ؟

— ھە ؟ سىزگە ياقمايدىغان گەپلەرنى دەپ قويغىنىم ئۈچۈنمۇ ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن زەردە بىلەن .

كې ۋېنۋېن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى :

— دېگەنلىرىڭىز توغرا ، مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي ، يۈزۈمنى داپ-تەك قىلىپ ، شىركىتىڭلارغا كېلىپ ، شۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالماقچى بولدۇم . لېكىن لو ھەدەمنىڭ دېيىشىچە سىز مېنىڭ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبەم يوقلۇقىمنى ئېغىر ئالمايدىغان ، ئۆگىنىشىمگە ۋاقىت بېرىدىغان ، شىركەتنىڭ خىزمەت ئەھۋالى بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشۇ-

ۋىلىشىمغا قوشۇلۇپتىكەنسىزغۇ ؟ ئەجەبا ، ھەدەم مىنى ئالداپ قويغانمىدۇ ؟ ئەگەر بۇنداق نىيىتىڭىز بولمىسا نىمىشقا شۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغان ؟ ھەتتا مىنىڭ خىزمەتكە ماس كەلمىگەن كىيىملىرىمۇ ئەيىبلەشلىرىڭىزدىن خالىي بولمىدى . ئەگەر سىز مىنىڭ گىپىمنى بۆلمىگەن ، پۇرسەت بەرگەن بولسىڭىز ، مەن ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن سىزگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتىم . ھەتتا كەچۈرۈم سورار ئىدىم . بىراق ئەمدى بۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى . كەچۈرۈڭ ، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن ، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم ، — ئۇ ئەدەپ بىلەن سالام بىرىپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

ئىشخانىدىن شۇنداق چىقىشىغا كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى . تاشقىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەيران بولۇپ قاراشلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر ھار كەلدى . ئۇ بۇ ئۆلگۈر بىنادىن تېزرەك چىقىپ كەتمەك بولۇپ ، ئاغزىنى ئەتكىنىچە لىفتكە قاراپ يۈگۈردى .

جۇ ۋېيمىن ئورنىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ قالدى . ۋىنۋېننىڭ تەنەگەپلىرى ئۇنىڭ زىتىغا تەگدى . تۇرۇپلا بىرئاز قايىل بولۇپمۇ قالدى . مۇشۇ يىللاردا كىممۇ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلالىسۇن ؟ ھەتتا فاڭ لىفەنمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ . نىمىلا دىگەنبىلەن ئۇ بىر باش دىرېكتور — دە . بىرنەچچە سوئال سوراپ ، بىرنەچچە ئېغىز تەنبىھ بىرىپ قويغىنىغا مۇشۇنچە قىلىپ كەتكەن بۇنداق خىزمەتچىنى قانداقمۇ يېتەكلەپ كەتكىلى بولسۇن ؟ كەتكىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى . جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ مىجەزىگە سەل قىزىقىپ قالدى . لېكىن گەپ قىلغىلى بولمايدىغان ئۇنداق تومشۇقى ئۇچلۇق خىزمەتچىنى ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ .

ھەي ! لو ھەدە قايتىپ كەلسە ئۇنىڭغا نىمىمۇ دەرمەن ؟ جۇ ۋېيمىننىڭ بېشى راسا قاتتى .

× × ×

— چى ئەپەندى ، مەن قويغان باھا ناھايىتى مۇۋاپىق بولدى ،

يەنە ئويلىشىدىغان نېمىسى بار ؟ ــ فاڭ لىفەن ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا چى گوخاۋ بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى .

جۇ ۋېيمىن كىرىپ كېلىۋېدى ، فاڭ لىفەن ئۇنى ياندىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى .

ــ چى ئەپەندىم ، مېنىڭ راستلا يولسىزلىق قىلغۇم يوق . لېكىن ئۇ داچا ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم . چوقۇم ئەتراپلىق ئويلىنىپ جاۋابىنى بەرسىڭىز . . . بولىدۇ . . . بولىدۇ . ئەمىسە شۇنداق پۈتۈشتۇق . ئۈچ كۈندىن كېيىن خەۋىرىنى بېرەرسىز ، ــ فاڭ لىفەن سۆزىنى تۈگىتىپلا تۇرۇپكىنى ئاستا قويدى .

ــ قانداق ؟ ھېلىقى چى فامىلىلىك ئەبلەخ بىلەن ئۆي توغرۇلۇق سۆزلەشتىڭمۇ ؟ ــ سورىدى جۇ ۋېيمىن .

ــ شۇنداق .

ــ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟

ــ تېخى بىر قارارغا كېلىپ بولالمايۋاتىدۇ .

ــ ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالدىم دېمىگەنمىدىڭ ؟ ئۇ ئازراقمۇ پەرۋا قىلغاندەك ئەمەسقۇ ؟

ــ ئۇ مېنىڭ ئۇنداق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق . بولمىسا شۇنچە يۇقىرى باھا قوياتتىممۇ ؟ ــ دېدى فاڭ لىفەن ئاچچىق كۈلۈپ .

ــ سېنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس . يالغاندىن بولسىمۇ شۇنداق قىلىپ باقماقسەن . تۇرقۇڭدىن ئەسكىلىكنىڭ چىقىپ تۇرمىغاندىكىن خەق ئاشۇنداق قىلىۋاتقان گەپ .

ــ توغرا ، بۇ ئىشقا باشتىلا سېنى ئەۋەتىدىغان گەپكەن . ھەي ! بۈگۈن يېڭى تاپقان كاتىپىڭ ئىشقا چۈشمەكچى ئەمەسمىدى ؟ نېمىدەپ بۇ يەردە پادىسى يېتۈپ كەتكەن مالچىدەك لاغايلاپ يۈرىسەن ؟

ــ لو ھەدە رۇخسەت سورىغانىدى . ساڭا دەپ قوياي دەپ كەلدىم ، ــ دېدى جۇ ۋېيمىن .

— هە ؟ نېمە ئىش بوپتۇ ؟ — سورىدى فاك لىفەن .

— ئەتىگەن ئوغلى پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈپ بېشىنى بې- رىۋاپتۇ . يولدىشىمدىن تېلېفۇن كەپتىكەن ، لو ھەدە شىركەتكە كېلىشىگە مەن كەتكۈزۈۋەتتىم .

فاك لىفەن باش لىڭشىتىپ :

— ئۇنداقتا يېڭى كاتىپىڭچۇ ؟ — دېدى .

— ئۇمۇ كەتتى ، — جۇ ۋېيمىن خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى .

— دوختۇرخانىغا بىللە كەتتىمۇ ؟

— ياق . . . مەندىن خاپا بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن .

— بۇرادەر ، زادى نېمە ئىش بولدى ؟

جۇ ۋېيمىن ئىشنىڭ جەريانىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى .

پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا سورىلىدىغان سوئاللار ئىكەنغۇ ! . . . سەنمۇچۇ ، باشتا ئۇنى چوقۇم قوبۇل قىلىمەن ، دەپ چىڭ تۇ- رۇۋالدىڭ ، — دېدى فاك لىفەن قانداقتۇر بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ .

— ماڭا تاپا قىلىۋاتامسەن ؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس . مېنىڭ دېگىنىم گەپ - سۆزگە دىق- قەت قىلماي ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان قاتتىق گەپ قىلىپ قويدۇڭمۇ - قانداق ؟

جۇ ۋېيمىن تورۇپ كېتىپ :

— شۇنداقمۇ بولغانمىدۇ ؟ — دېدى ، — مەن كىمگىلا گەپ قىلماي ، ئاشۇنداق پوزىتسىيىدە گەپ قىلىمەنغۇ ؟ ھازىرغىچە بىرەرسىنىڭ خاپا بولغىنىنى كۆرمىگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە ئوخشاش بۇنداق ئورۇندا ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرغانلار سىلىق - سىپايىلىق بىلەن گەپ قى- لىمىز دېيەلمەيمىز . بىرخىل ھەيۋە . . . توغرا بىرخىل ھەيۋە بىلەن گەپ قىلىشتىن خالىي بولالمايمىز ، بۇنى سەنمۇ بىلىسەنغۇ .

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ . ئۇ كېتىپتۇ . ئەمدى لو كاتىپقا نېمە



www.uyghurkitap.com

دەيسەن ؟ باشتا سەن تېخى ئۇنى تەربىيلەپ ئىقتىدارلىقلاردىن قىلىۋېتىمەن دېمىگەنمىدىڭ . هازىر . . . هەي !

— تەنە گەپلەرنى ئازراق قىل جۇمۇ . ئۇ . . . ئۇ ئۆزى ماڭا ئۇنداق پۇرسەت بەرمىدى ئەمەسمۇ ، — جۇ ۋېيمىن ئۆزىنى ئاقلىدى .

— هوي ، راست گېپىڭنى قىلغىنا ، سەن ئۇنىڭ خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ لو كاتىپنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈنلا ، ئۇنى كاتىپلىققا قوبۇل قىلماقچى بولغانمۇ ؟

— ئۇنىڭ هېچقانداق خىزمەت قىلىپ باقمىغانلىقىنى لو كاتىپ ماڭا دېگەن .

— ئوهو ! هەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ، نېمىشقا خەقتىن شۇنچە كۆپ سوئاللارنى سورايسەن ؟

— ئەسلىدىنلا سوراشقا تېگىشلىكقۇ ، بولمىسا مەن ئۇنىڭ قانچىلىك بىر نەرسە بىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىمەن ؟

— كۆزىتىپ باقساڭ بولماسمىدى ، بەلكىم ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىڭغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىنىڭمۇ سەۋەبى باردۇر ، — دېدى فاڭ لىفەن .

— هەي ! دەسلەپتە سېنىڭمۇ ئۇنى ئىشلەتكىنىڭ كەلمەيۋاتاتتى ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ كەتتىڭغۇ . سېنىزە راسا دۇمبالىغۇم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ .

فاڭ لىفەن مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ :

— مەن پەقەت هەقىقەتنى سۆزلىدىم ، — دېدى .

ئىچكى سىملىق تېلېفون جىرىڭلىدى . فاڭ لىفەن تۇرۇپكىنى ئېلىپ :

— ۋەي ، مەن شۇ . . . هە بولىدۇ ، — ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ جۇ ۋېيمىنگە هەييارلىق بىلەن قارىدى ، — لو كاتىپ قايتىپ كەپتۇ . سەن بىلەن « مۇزاكىرە » قىلىدىغان ئىش باركەن . مەندىن سېنى ئىشخانىغا بىر كېلىپ كەتسە بولامدۇ ، دەپ سوراۋاتىدۇ .

جۇ ۋېيمىن غۇدىرىغىنىچە فاڭ لىفەنگە هومىيىپ قويۇپ چىقىپ

كەتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپلا لو يايىنىڭ ئۆرىگە مىختەك قادى-
لىپ قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

— ئوغلىڭىزغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — سورىدى ئۇ سالماق-
لىق بىلەن.

— پېشانىسى يېرىلىپتىكەن، ئۈچ يېپىلىق تىكتى. قانداقسىگە ھېچ
ئىش بولمىدى دېگىلى بولسۇن. شياۋجۇ، سىز تولا خۇپسەنلىك قىلىپ
گەپنى ئېپقاچماڭ. ئەتىگەن ماڭا «سىڭلىڭىزنى ماڭا تاپشۇرۇڭ» دېمە-
گەنمىدىڭىز؟ ئۇ قېنى؟ سىرتتىكىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئىشخانىدىن يىغ-
لىغان پېتى چىقىپ كېتىپتۇ. دەپ بېقىڭا، سىز زادى ئۇنىڭغا نېمە قىل-
دىڭىز؟ — لو يايىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— ھېچنېمە قىلمىدىم. پەقەت بىر نەچچە ئېغىز گەپ سورىدىم
شۇ. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ سوئاللىرىمغا تۈزۈك جاۋاب بەرگۈسى كەل-
مىدى.

— نېمىلەرنى سورىغانىدىڭىز؟

جۇ ۋېيمىن بولغان ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى،
ئاندىن مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— بولغان ئىش مۇشۇ. قايسى گېپىم خاتا بوپتۇ؟ سىزمۇ يېڭى
كەلگەندە شۇنداق سوئاللارنى سورىغاندىمغۇ؟

— ئەھۋال ئوخشىمايدۇ — دە، مەن ئۆزۈم كەلگەن، لېكىن ئۇنى
مەن تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتە قىلمايمەن، ئۇنىڭغا
ئۆگىنىش پۇرسىتى بېرىمەن دېگەنىدىڭىز، شۇڭا مەن ئۇنى زورلاپ ئې-
لىپ كەلگەن، بولمىسا ئۇنى مۇشۇنداق ئۆزىنى چاغلىماي كېلىدۇ دەپ
ئويلىغانمىدىڭىز؟ ئۇ ناھايىتى ساددا قىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلا نىكاھ-
تىن ئاجراشقاچقا ئۇنى بىراقلا ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئەھۋالى يامانلى-
شىپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەي دېۋىدىم. بۇنداق بولارنى
خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

— ئۇ... ئۇ توي قىلغانمۇ؟

— ھەئە، توي قىلغىنىغا بىرىيلدىن ئاشقانتى. ئېخى يېقىندىلا

ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم

— گېپىڭىزچە . . . ئۇ توي قىلغاچقا خىزمەت قىلىپ باقمىغاندىكەن - دە.

— ئۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولۇپ تەييارلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. كېيىن تۇساتتىنلا توي قىلدى. يولدىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغاندىكىن ئۇ ئەلۋەتتە خىزمەت قىلمايدۇ - دە.

— قارىغاندا ئۇنىڭ، سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكەن - دە. ئۇ نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتكەن؟

— مەنمۇ بىلمىدىم. سىزمۇزە مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ سورامسىز؟ ئىككىڭلار ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان تۇرساڭلار، ئۇ سىزگە جاۋاب بېرىشنى خالامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا نىكاھتىن ئاجراشقان تۇرسا، روھىي - كەيپىياتىمۇ ياخشى بولمايدۇ - دە.

— ئۇ دېمىگەن تۇرسا، بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلەي، تۇرقىدىن ھېچ توي قىلغاندەك كۆرۈنمەيدىغۇ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئىشەنمىگەندەك.

— ئەگەر شۇ چاغدا مەن يېنىڭىزدا بولغان بولسام سىز گەپ سورىغاندا مۇلايىمراق بولار ئىدىڭىز. سىززە دائىم مۇشۇنداق ئۆزىڭىز بىلىپ - بىلمەي ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ قويىسىز. يېڭى كەلگەنلەرگە تېخىمۇ شۇنداق. ھەي! ھەممە گۇناھ ئېرىمدە. بالىغىمۇ تۈزۈك قارىيالمىغان.

— يولدىشىڭىزدا گۇناھ يوق. ئەمەلىيەتتە سىز قىزىم ساڭا دەي، كېلىنىم سەن ئاڭلا دېگەندەك مەندىن ئاغرىنىۋاتىسىز، شۇنداققۇ؟ راستىنى دېگەندە مېنىڭمۇ توغرا قىلمىغان يەرلىرىم باردۇ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مۇنداق بولسۇن، ئەتە سىز ئۇنى يەنە باشلاپ كېلىڭ. ئىككىمىز ئوبدانراق پاراڭلىشىپ باقايلى، سىزنىڭچە قانداق؟

— ئۇ كېلىشكە ئۇنامدۇ - يوق، بىلمەيمەن، بۇ يەردىن يىغلىغان پېتى كېتىپتۇ. چوقۇم قاتتىق رەنجىگەن گەپ.

— مېنىڭ ھېچقانداق يامان غەرىزىم يوق . ئەگەر ئۇ ئوقۇرىنى ئۇنداق ئېگىز قىلىۋالسا ، مېنىڭمۇ باشقا كاتىپ تاپماقتىن ئۆزگە ئامالىم يوق .

— ئىلاج قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىمەن .

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ . ئەمدى ئىشىڭىزغا چۈشۈڭ . ئالدى بىلەن مۇنۇ يىغىن دوكلاتىنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ بېرىڭ .

جۇ ۋېيمىننىڭ ئىشقا كىرىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ لو يايىنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەسى كېلىپ قالدى . ئېشىكى يوق موللامىنىڭ قۇلىقى تىنچ دېگەندەك . جۇ ۋېيمىننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ، بېشىنى يېرىۋالىدىغان بالىسىمۇ ، تەسەللىيگە موھتاج يىغلاڭغۇ سىڭلىسىمۇ بولمىغاندىكىن ، ئەلۋەتتە باش قاتۇرىدىغان باشقا ئىشىمۇ يوق بولىدۇ ــ دە .

ھەي ! بۈگۈن تازىمۇ نەس باستى دېسە . لو يايى خۇش ياقمىغان ھالدا كىرىلىپ قويدى .

× × ×

— ياق ! ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسامۇ شىركىتىڭلارغا ھەرگىز بارمايمەن ، — دېدى كې ۋېنۋېن قەتئىيلىك بىلەن .

— ۋېنۋېن . . . — لو يايى قانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى قايىل قىلىشنى بىلمەي قالدى .

— ھەدە ، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن ، لېكىن ئۇنداق ئادەمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە ھەرگىز كۆزۈم يەتمەيدۇ .

— جۇ ۋېيمىن سىز ئويلىغاندەك ئادەملەردىن ئەمەس .

— بۇ مېنىڭ ئويۇم ئەمەس ، ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . سىز ئۇنى قىزغىن ، چىقىشقاق دېۋىدىڭىز . مېنىڭچە ئۇ شۇنداق تەكەببۇر ، مەنمەنچى ، قائىدە ئۇقمايدىغان ئادەمكەن . ئۇ ناھايىتى بىر دىرېكتورغۇ ، نېمىسكە شۇنچە يوغانلىق قىلىدۇ . ئۇ نېمىدەپ مەندىن ئاشۇنداق يولسىز سوئاللارنى سورايدۇ ، — ۋېنۋېن ئەتىگەنكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، يارىسىغا تۇز سەپكەندەك ئاچچىقلاپ

كەتتى .

ـــ بۇ . . . بۇنىڭدىكى سەۋەب ، بۇگۈن ئەھۋال ئالاھىدە بولۇپ قالدى . سىز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپلا جۇ ۋېيمىنىڭ قانداق ئادەملىكىگە باھا بەرسىڭىز ئادىل بولمايدۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتقىنىمغا بىرنەچچە يىل بولدى . ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا قانچىلىك جان كۆيدۈرىدىغانلىقىنى سىزدىن ئوبدانراق بىلىمەن . ۋېنۇېن ، گېپىمنى ئاڭلاپ مەن بىلەن شىركەتكە يەنە بىر بېرىپ بېقىڭ . ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدا مۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىكى ئاسانمۇ ؟

كې ۋېنۇېن ئاچچىق كۈلۈپ :

ـــ بۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىگى ھەقىقەتەن تەس . بىراق مەن ئادەم ، ئۆزۈمگە چۇشلۇق غۇرۇرۇم بار . ئۇ ئادەم گەپنى شۇنداق ئوچۇق دېدى . مەن ساراڭ بولمىسام ، شۇنىمۇ بىلەلمەي قالارمەنمۇ ؟ خەق مېنى بۇنداق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىقتىدارىڭ يوقكەن ، دېگەن تۇرسا ، شۇنچە ئاھانەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، يەنە يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ئۇنىڭغا يېلىنىمەنمۇ ؟ ھەدە ، مەن ئۇنچىۋالا يۈزى قېلىنلاردىن ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، جۇ ئەپەندىنىڭمۇ دېگىنى توغرا ، ئۆزۈمنى چاغلىماي خىزمەت قىلىمەن دەپ بارغاندىكىن ماڭىمۇ ئاز .

لو يايى ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ، ئۇنى قايىل قىلىش ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ، بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتى .

ـــ ھەي ! سىز راستىنلا بارغىلى ئۇنىمىسىڭىز ، بوپتۇ . مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرەي ، ئۇ مېنىڭ ئازراقمۇ يۈزۈمنى قىلماي ، سىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغاندىكىن ، مەنمۇ ئۇ يەردە ئىشلەپ نېمە قىلىمەن ؟

ـــ ھەدە ! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ، ـــ ۋېنۇېن راستىنلا جىددىيلەشتى ، ـــ سىز شۇنچە يىل جاپالىق ئىشلەپ ئەمدىلا ھازىرقى ئورۇنغا ئۆستۈرۈلدىڭىز ، خىزمىتىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك ، ئىش ھەققىمۇ يۇقىرى . سىز بۇنىڭدىن ئىزچىل رازى بولۇپ كېلىۋاتاتتىڭىزغۇ ؟ مېنى دەپ بۇنداق ياخشى خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىڭىز ئەرزىمەيدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە

ئەھۋال سىز ئويلىغاندەك ئېغىر ئەمەس.

— ئېغىر ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ جۇ ۋېيمىن ماڭا سىزنى ئىزدىلىپ كېلىشنى تاپىلىغان. لېكىن سىز ئۇنىمايۋاتىسىز، قارىغاندا ئۇ بەكلا ئاشۇرىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بولمىسا سىز بارمايمەن دەپ ئۇنچىۋالا جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالارمىدىڭىز؟ تېخى ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىل بىرگە ئىشلەپتىمەن، بىر تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپتىمەن. ئۇ بۈگۈن سىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسا، مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك شىركەتتە ئىشلەۋەرسەم، قانداق بولىدۇ؟ — لو يايى سۆزلىگەنسىرى غەزىپى تېخىمۇ ئېشىپ، ئاچچىقىدا ھەتتا تاملارنىمۇ مۇشتلاپ كەتتى.

لو يايىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن شۇنچە قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن كې ۋېنۋېننىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى ھەم قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ لو ھەدىنىڭ ئاش يەۋاتقان قاچىسىنى چېقىشنى خالىمايتتى. ئۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم قىلىۋاتقان تۇرسا.

— ھەدە، گېپىمنى ئاڭلاڭ. بۈگۈن بىرئاز ھودۇقۇپ، جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ يېنىمدا يوق بولۇپ قالدىڭىز. مەن... ئەمەلىيەتتە جۇ ئەپەندى ماڭا قوپاللىق قىلمىدى. ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىم، تۈگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىۋەتتىم. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ھېچ قانچە سورۇن كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە... قولۇمدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. شۇڭا بۈگۈنكىدەك ئوسال ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم سەۋەبچى، جۇ ئەپەندىدە گۇناھ يوق. سىز... ئۇنى ئەيىبلىمەڭ ھەم ھەرگىزمۇ خىزمىتىڭىزدىن ئىستېپا بەرمىدىغان ئىشنى قىلماڭ.

— راستىما، — لو يايى قەستەن قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ گۇمانسىرىغان ھالدا سورىدى.

— ھەئە، — ۋېنۋېن ئالدىراپ باش لىڭشىتتى.

— ئۇنداقتا، سىز نېمىشقا شۇنچىۋالا جاھىللىق قىلىسىز؟ جۇ ۋېيمىنمۇ كەلسۇن دېدى. مەن سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا قايتا پۇرسەت

بىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . ۋېنۋېن ! سىز تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىۋاشتىن باشلاۋاتىسىز . ئەگەر بۇ خىزمەتكە ئېرىشەلىسىڭىز ، ھەممە ئىشلىرىڭىز ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ . شۇنداق بولسۇن ، ئەتە بېرىڭ بولامدۇ ؟

— ھەدە ، مەن . . .

— مېنىڭچە ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئىستېپا بېرىشمىنى خالايدىغان ئوخشىمامسىز ؟ مەن ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلمىدىم جۇمۇ ، — پەرۋەردىگار ۋېنۋېن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ . ئۇ سىڭلىسىنى ھەممە ئادەمدىن بەك- رەك چۈشىنىدۇ . ۋېنۋېن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن شۇنچە زور بەدەل تۆلىشىگە يول قويمايدۇ .

— ياق ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ، بۇنداق قىلسىڭىز ۋىجدانىم چى- دىمايدۇ .

— بولىدۇ ئەمىسە ماڭايلى ، — لو يايى شۇنداق دەپلا ئۇنى ئو- رۇندۇقتىن تارتتى .

— ماڭايلى ؟ نەگە بارىمىز ؟

— خىزمەتتە كىيىدىغان كىيىم ئالىمىز.

— ھازىر ؟ — كې ۋېنۋېن تېپىرلاپ قالدى .

— ھازىر بارمىساق ، قاچان چولىمىز تېگىدۇ ؟ تېز بولۇڭ ، مەن ئۆيدىكىلەرگە كەچرەك كېلىمەن دەپ قويغان . ئىككىمىز بازارنى ئويدانراق كۆرۈپ باقايلى ، — لو يايى ئۇنى سۆرىگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى .

— ھەدە ، گەپىڭ راستتىنى دېسەم ، شىركىتىڭلاردا زادىلا ئىش- لىگۈم يوق ، — ۋېنۋېن ماشىنىغا چىققاندىن كېيىنمۇ شۇ گەپنى دە- ۋەردى . ئەپسۇسكى لو يايى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپ ماڭماقتا ئىدى .

× × ×

— ھازىر پەسىل ئالمىشىدىغان ۋاقىت بولغاچقا ، كىيىملەر بىرئاز

www.uyghurkitap.com

قىممەتكەن . لېكىن سىز كىيمىسىڭىز بولمايدۇ ، چوقۇم ئېلىشىڭىز كې‍رەك ، — دېدى لو يايى قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ۋېنۇۋېنغا قاراپ.

— بىراق مەن . . . مەندە ئۇنچە كۆپ پۇل يوق ، — ۋېنۇۋېننىڭ چىرايى سەل پەل ئۆڭدى ، — مانا بۇ كىيىم يەتتە مىڭ كوي ئەتكەن زەھەردەك قىممەت .

— ئەستا ، نېمىلا دېگەنبىلەن سىز ئىككى - ئۈچ قۇر چاپان ، بىر نەچچە يوپكا ، شىم دېگەنلەرنى سېتىۋېلىپ بىر - بىرىگە پار قىلىپ كىيىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ - دە ، شۇنچە كۆپ ماگىزىنلارنى ئارىلاپ چىققۇق . باھاسى ئانچە پەرىقلىنىپ كەتمەيدىكەن . مېنىڭچە مۇشۇ ئىككى قۇرنى ئېلىپ تۇرايلى . پۇلدىن غەم قىلماڭ ، مەندە بار . ئىش ھەققىڭىزنى ئالغاندا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— بولمايدۇ ، ھېلىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىڭىز ، يەنە سىزنى چىقىمدار قىلمەنمۇ ؟

— ئۇنداقتا ، پۇلنى مەن تۆلىۋېتەي ، — ئارقا تەرەپتىن توساتتىن ئاڭلانغان ئاۋاز ئىككىيلەننى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى . ئىككىسى تەڭلا ئارقىسىغا قارىدى .

— خې گۇاڭدا ؟ — ھەيران قالدى لو يايى .

ئۇنى كۆرۈپ كې ۋېنۇۋېننىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى . ئۇ توڭلۇق بىلەن :

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟ مەن بۇ يەردە ئەرەنچە كىيىم ساتقىننى كۆرمىدىمغۇ ، — دېدى .

خې گۇاڭدانىڭ ئەزايىدىن ئىللىقلى

تۇراتتى . چىرايىدا بولسا يېقىملىق كۈلكە ئ

ۋېنۇۋېننىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى .

خې گۇاڭدا لو يايىغا ئەدەپ بىلەن د

ۋېنگە بۇرۇلۇپ :

— ئىككىمىز مىجەزىمىز كېلىشەلمەي ئ

دوست بولۇپ ئۆتسەك بولىۋېرىدىغۇ ؟ بايا مەن ئۇدۇلدىكى كوچىدا ما-

شىنىدىن چۈشكىنىڭلارنى كۆرگەن. تونۇشتەكلا كۆرۈندۈڭلار، ئىشلە-
رىمنى تۈگىتىپ چىقسام، ماشىنا تېخىچە تۇرۇپتىكەن، شۇڭا كىرىپ
قاراپ باققۇم كەلدى. راستلا سىلەر بولۇپ قېلىشىڭلارنى خىيالىمغىمۇ
كەلتۈرمەپتىمەن. ئەجەبمۇ توغرا كىلىپ قالدى ـ هە.

— ئىشىڭىز بولمىسا، بۇ يەردىن كېتىشتىن بۇرۇن سىز بىلەن دوست بو-
لۇشقا قىزىقمايمەن.

— ۋېنۇبىن، بۇنداق قىلماڭ، — دېدى لو يايى خىجىل بولۇپ.

خې گۇاڭدا كۆلۈمسىرىگەن هالدا لو يايىغا قارىدى:

— ۋېنۇبىن بىر نەچچە كۈندىن بېرى سىزنى تازا ئاۋارە قىلغاندۇ.
ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق، باشقىلارغا تايىنىۋالىدۇ. هازىر... مەنمۇ يې-
نىدا يوق، هالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم، راستىنى دېسەم بەكمۇ ئەندىشە
قىلىمەن. هەدە، ئېغىر كۆرمەي مېنىڭ ئورنۇمدا...

— خې گۇاڭدا! تولا ئاغزىڭنى ئۇپراتما، مەن كې ۋېنۇبىن ئاچ-
لىقتىن ئۆلۈپ قالسامۇ، سەندەك هايۋاننىڭ خەيرخاهلىق قىلىشىغا موھ-
تاج بولمايمەن، كىمىڭنى ئالدايسەن، ئەجەب ئىنسانپەرۋەرلىكتىن گەپ
سېتىپ كەتتىڭا، كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى كې ۋېنۇبىن چىشلىرىنى
غۇچۇرلىتىپ.

لو يايى تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلارغا زادى نېمە بولغاندۇ؟
بىرسى شۇنچە سىلىق ـ سىپايە، يەنە بىرسى، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قا-
تىلنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان ئادەمدەك ئەسەبىيلەشكەن.

بىراق خې گۇاڭدا ۋېنۇبىننىڭ ئاھانەتلىرىنى ئاڭلاپمۇ چىرايىدىكى
تەبەسسۇمنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتتى:

— قارىغاندا ۋېنۇبىن ئىككىمىزنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىمىزگە تازا
كۆنەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ. يەنىلا مېنىڭ كەتكىنىم توزۇكتەك تۇرىدۇ.
بولمىسا ئۇ يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قالمىسۇن، — دېدى خې گۇاڭدا يېنى-
دىن ئامانەت كارتۇچكىسىنى ئېلىپ پىركازچىكنى چاقىرىپ، — ماۋۇ
خېنىم ئالماقچى بولغان ئىككى قۇر كىيىمنىڭ ھېسابىنى قىلد-
ۋەتسىڭىز، — دېدى.

پىركازچىك خۇشال تەبەسسۇم بىلەن كارتۇچكىغا قول سۇنۇۋىدى ، ۋىنۇۋىن ئىتتىك بىرىپلا كارتوچكىنى تارتىۋېلىپ ، ئىشىكنى ئېچىپ غەزەپ بىلەن سىرتقا ئىتتىۋەتتى . پىركازچىك ۋاي دېگىنىچە تورۇپلا قالدى . لو يايىمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى .

— مەن سىنىڭ پۇلۇڭغا خۇشتار ئەمەس ، كۆزۈمدىن يوقال !

خې گۇاڭدا تۇرۇپلا قالدى ۋە ماگىزىندىن چىقىپ كەتتى . چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋىنۇۋىنغا غەزەپ بىلەن ئالايدى . بىراق بۇنى ھېچكىم كۆرمىدى . مانا بۇ خې گۇاڭدانىڭ تەبىئىتى . ئۇ نەيرەڭۋازلىققا كۆنۈپ كەتكەن . باشقىلار ئالدىدا مەڭگۈ ئالىيجاناب قىياپىتى ۋە يېقىملىق تەبەسسۇمىنى ساقلاشقا ماھىر .

خې گۇاڭدا چىقىپ كەتتى . پىركازچىك خېنىملار خۇددى ساراڭغا ئۇچراپ قالغاندەك ، ئىككىسىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى . ئىشىككە يۆلىنىپ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋىنۇۋىننىڭ تۇرقىغا قاراپ لو يايىمۇ قورقۇپ كەتتى .

لو يايى سومكىسىدىن ئامانەت كارتۇچكىسىنى ئېلىپ پىركازچىكقا :

— ئاۋۇ كىيىمنى ئوراپ بەرسىڭىز بوپتىكەن ، — دېدى . پىركازچىك بايىقىدەك ئېچىلىپ كەتمىدى . ئېھتىيات قىلغاندەك ۋىنۇۋىننىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدى .

ھېسابات تۆگەتكەندىن كېيىن لو يايى ۋىنۇۋىننى تارتىپ ماگىزىندىن چىقتى ۋە كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى . ئۇ ۋىنۇۋىننى ماشىنىغا چىقاردى ۋە ئۆزىمۇ ئىتتىك ماشىنىغا چىقتى .

— ۋىنۇۋىن ، سىزگە . . . ھېچ ئىش بولمىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى .

كې ۋىنۇۋىن بېشىنى چايقىدى .

— ھەي ، گەپ قىلسىڭىزچۇ ، مەن ئەنسىرەپ قالدىكەنمەن .

— ماڭا راستتىلا ھېچ ئىش بولمىدى ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ، — بايا . . . بايا ، مېنى كەچۈرۈڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ

ئاڭقىرالماي قالدىم ، ئۇنى كۆرۈپلا جۇدۇنۇم تۇتتى . ئۆزەمنى زادىلا تو-تۇۋالالمىدىم ، — ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە يىغلاپ كەتتى .

لو يايى بۇرۇلۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ :

— بولدى ، ھېچ ئىش يوق ، يىغلىماڭ - ھە ، — ئۇ ئۇھ تارتىپ قويدى ، — سىز تازا كۆنۈپ كېتەلمەيۋاتىسىز ، ئاجرىشىپ كەتكەن بول-ساڭلارمۇ ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىر ياستۇققا باش قويغان ئەر - خوتۇنلار بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە بىر - بىرىڭلارغا مېھرىڭلار بولىدۇ سىز ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

كې ۋېنۋېن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى . لو يايى چۆچۈپ كەتتى .

— ياق ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن ، مەن پەقەت ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن ، ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچ ، — ئۇ قەتئىي ھالدا دېدى ، — ھەدە ، ماڭا ئىشىنىڭ ، ئۇنى ئۆمۈر بويى كۆرمىسەم دەيمەن . ئۇ بىر يې-رىتقۇچ ئالۋاستى ، قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان ياۋۇز بۆرىنىڭ ئۆزى .

— مەن . . . مېنىڭچە ئۇ خېلى قائىدە - يوسۇنلۇقتەك قىلىدۇ ، ھېچ ئۇنداق . . .

— ئۇ سىزنى ئالداۋاتىدۇ ، ھەدىسىلا باشقىلارنى ئالدايدۇ . ھەممە ئادەمنى ئالدايدۇ . ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ . سىز بىر ئالۋاستىنىڭ سۆزىگە ئى-شەنسىڭىز بولمايدۇ .

— بولىدۇ ، ماقۇل . ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ . سىزگە ئىشىنىمەن ، — لو يايىنىڭ نۇرغۇن سوئاللارنى سورىغۇسى بولسىمۇ ، ھازىر ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى . شۇڭا ۋېن-ۋېننى شاپىلاقلاپ قويۇپ ، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى . قايتايلى ، سىز ئاۋۋال يۇيۇنۇپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ ، ھېچنېمىنى ئويلىماڭ ، ئەتە ئىشقا بارىسىز ئەمەسمۇ ، — دېدى .

كې ۋېنۋېن ناھايىتى ھارغىن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى . ئاخشىمى كې ۋېنۋېن ناھايىتى تەستە ئۇخلىدى . لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتى . پەرۋەردىگار ! مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ

كېتىشمۇ قولدىن كەلمەسمۇ ؟ ئۇ نېمانچە ئاجىز . قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەر ياكى رېئاللىققا يۈزلىنەر ؟

ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە ، كۈن نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشكۈچە ئولتۇردى . بولدىلا ، ئويلاۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى ؟ بۈگۈن يەنە قانداق كېلىشمەسلىك ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىكىن ؟ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇماق قىيىن ، ئەتىگە يۈزلىنىش بولسا تېخىمۇ قىيىن . ئۇھ تارتىشتىن باشقا ئۇ قانداق قىلالايتتى .

لو يايى دەل ۋاقتىدا ئۇنى ئالغىلى كەلدى . ۋېنۋېننىڭ ئاچ سېرىق كوپتا ، قىزغۇچ تار يوپكا ، ئىگىز پاشنىلىق ئاق توپلەي كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، لو يايىنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى :

— ۋاھ ، تازىمۇ يارىشىپتۇ ، ۋويي ، چىرايىڭىز نېمانچە سولغۇن ، كۆزلىرىڭىز دۇمبىڭىزدە قايناپ قاپتۇغۇ ، ياخشى ئۇخلىمىغان ئوخشىما-سىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇنداق ئەمەستۇ .

— ماڭايلى ، كېچىكىپ قالمايلى يەنە . مېنىڭ تونۇگۈن باش دىرېكتورىڭىزغا بەرگەن تەسىرىم ياخشى ئەمەس . بۈگۈنمۇ شۇنداق بو-لۇپ قالمىسۇن يەنە ، — ۋېنۋېن ئاچچىق كۈلدى ۋە ئۇنى تارتىپ ماشى-نىغا قاراپ ماڭدى .

## 3

چى شياۋيېن ئىشىكتىن كىرىپلا ۋاڭ ئانىنىڭ مېھمانخانىدا ، قەغەز بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى .

— ۋاڭ ئانا ، نېمە بولدىڭىز ؟ نېمىشقا يىغلايسىز ؟ — سورىدى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ . ۋاڭ ئانا چى شياۋيېننى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى .

— يىغلاۋەرمەي ئېيتىڭە ، زادى نېمە بولدى ؟ بىرەرسى بوزەك قىلدىمۇ ؟ — ۋاڭ ئانا ئىسەدىگىنىچە :

— بېگىم . . . بېگىم ئۇ . . . — دېدى .

— دادامغا نېمە بولدى ؟ دېسىڭىزچۇ ؟ — چى شياۋيىن جىددىيلەشتى .

— ئۇ . . . ئۇ مېنى ئىشتىن بوشاتتىم ، ئەمدى ئىشلەتمەيمەن دەيدۇ ، مەن زادى نېمىنى خاتا قىلدىم ؟ مەن ناھايىتى ئىشچان ، تازىلىققىمۇ ئەھمىيەت بېرىمەن . بىرەر نەرسىسىمۇ قارا ساناپ باقمىدىم . قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى ئوبدان قىلدىم . ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى . ئوغلۇم چەت ئەلدە ، ئەگەر بېگىم مېنى ئىشلەتمىگەن بولسا ، مەن تۇل خوتۇن نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەتتىمكىن تاڭ . شۇڭا ياخشى ئىشلەپ بېگىمنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇراي دېۋىدىم . مانا بۈگۈن . . . ئۇ مېنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ھەتتا ئۇ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنىمۇ دېمىدى ، مەن . . . — ۋاڭ ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ كەتتى .

— ۋاڭ ئانا يىغلىماڭ ، دادام ئۇ . . . ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ، كەيپىلىكتە شۇنداقلا دەپ قويغاندۇ ، بۇنى راست دەپ قالدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، بېگىم ناھايىتى سەگەك ، ھەم مەستمۇ ئەمەس ، مېنى راستىنلا ھەيدىۋېتىشنى خالىغاندەك تۇرىدۇ ، ئۇ تېخى . . . ئۇ تېخى مەندىن كەچۈرۈم سورىدى ، — دېدى ۋاڭ ئانا ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، — خېنىم ئېيتىڭە ، مەن قانداق قىلاي ، مېنىڭ باش تىققۇدەك يېرىم يوق . ئورنۇمدا بېگىمگە يالۋۇرۇپ باققان بولسىڭىز ، ئىش ھەققى بەرمىسىمۇ مەيلى ، مېنى ئېلىپ قېلىڭلار ، مېنى ئېلىپ قالساڭلار !

— يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماڭ ، دادام ئۇچۇن سىزنىڭ ئازغىنا ئىش ھەققىڭىز نېمىتى ؟ ئۇ ئۆزى قېنى ؟ ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپ باقاي ، خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن چوقۇم ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرىمەن .

ئەمەلىيەتتە چى شياۋيىن دادىسى بىلەن پاراڭلىشىشتىن ناھايىتى قورقاتتى . لېكىن مۇنداق ئەھۋالدا بىر چەتتە قول قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسا بولامدۇ ؟ ۋاڭ ئانا بۇ ئائىلىگە شۇنچە يىل كۆيۈپ - پىشىپ ئىش-

لىدى . ئۇنىڭ ئىشچان ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ . دادام ئۇنى ئىشتىن بوشاتتىم دېگىنى بىلەن نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلغانلىقىنى دېمەپتۇ !

— بېگىم كۇتۇپخانىدا ، — دېدى ۋاڭ ئانا چى شياۋيىنىڭ قولىدىن تارتىپ .

— خېنىم سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنەي ، ماڭا ياردەم قىلىڭ .

چى شياۋيىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قولىغا ئاستا ئۇرۇپ قويدى ، ئاندىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۈستىگە قاراپ ماڭدى . كۇتۇپخانا ئىشىكى ھەم يېپىقلىق ، ئىچىدىن ئازراقمۇ تىۋىش يوق ، ھەتتا ئىشىكنى چەكسىمۇ سادا چىقمىدى . ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ ئىچكىرى كىردى .

چى گوخاۋ مىدىر - سىدىر قىلماي جوزىغا بېشىنى قويۇپ دۈم ياتاتتى . چى شياۋيىننىڭ خىيالىدىن قورقۇنچلۇق بىر خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى - دە ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ جىددىيلىشىپ ۋارقىرىۋەتتى :

— دادا . . . دادا . . .

دادىسى ئاستا بېشىنى كۆتۈردى . چى شياۋيىن شۇندىلا يېنىك تىن ئالدى .

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دادىسىنىڭ تاتارغان چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلىپ بولمايتتى .

— مەن . . . مەن ئىشىكنى چەكتىم ، بىراق سىز ئاڭلىمىدىڭىز .

— شۇنداقمۇ ؟ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايمەن . پەمىچە سەن ۋاڭ ئانىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كىردىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى .

— دادا نېمىدەپ ۋاڭ ئانىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتىڭىز ؟ بۇ شۇنداقلا دەپ قويغان گېپىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۇ ھازىر قەيەردە ؟ — سورىدى چى گوخاۋ ئۇھ تارتىپ .

— مېھمانخانىدا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ . دادا ، ۋاڭ ئانا يالغۇز تۇل

خوتۇن ، تەيۋەندە بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمۇ يوق . ئۇنى نەلەردە تەمتى-رەپ يۈرسۇن دەيسىز ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئائىلىمىزدە شۇنچە يىل ئۆز قېرىنداشىمىزدەكلا ھالىمىزدىن خەۋەر ئالغان تۇرسا ، ئۇنى نېمىدەپ قوغلىۋېتىسىز ؟

— بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن ؟ سەۋەبىنى ئۆزۈم بى-لىمەن . دېمىسەڭمۇ ، ماڭا بەش قولدەك ئايان . ۋاڭ ئانا راستىنلا ياخشى ئىشلەيتتى . ئۇنى ئىشتىن بوشاتقانلىقىم ، بەلكىم بىرئاز ئىنساپسىزلىق بولغاندۇ ، — چى گوخاۋ ئەلەملىك كۈلدى . كۆزلىرىدىن بىر خىل روھسىزلىق چىقىپ تۇراتتى ، — بوپتۇ ئۇ قالسۇن ، ئەتىگەنكى گەپنى مەن دېمىگەن بولاي .

چى شياۋيىن خۇددى ئامراق ئويۇنچۇقىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ تو-ساتتىنلا قايتا تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى .

— مەن ھازىرلا بۇنى ۋاڭ ئانىغا يەتكۈزەي ، ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ ، — چى گوخاۋ قولى بىلەن ئۇنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى .

كۇتۇپخانىدا ئۇ يەنە ئۆزى يالغۇز قالدى . ئىلگىرىمۇ ئۇ بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ ، ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى ، كىتاب كۆرەتتى . بىراق ئەزەلدىن بۇنداق يالغۇزلۇق ، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ باقمىغا-نىدى . ئۇ شياۋيىننىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى نەچچە مىنۇت بولسىمۇ بىرگە بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ ـ ھە . لېكىن ئۇ شۇنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى ، بۇ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاق سۆز تې-مىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى .

شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، ئايالى بىلەن ئاجراشقانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى . تا ھازىرغىچە ئۇ ئاياللارنى يامان ھەم قور-قۇنچلۇق مەخلۇق دەپ قارايتتى . شياۋيىن مۇشۇنداق پارچىلانغان ئائى-لىدە چوڭ بولدى . دەسلەپتە ئاپىسى بىلەن ، كېيىن دادىسى بىلەن بىللە تۇردى . ئوخشاشلا ھېچقانداق مېھرىبانلىق ۋە ئىللىقلىق يوق بىر مۇھىتتا ياشىدى . بۇنداق تۇرمۇش ئۇنى جىمغۇر ھەم مىجەزىنى قوپال قىلىپ

www.uyghurkitap.com

قويدى .

چى گوخاۋنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى شەخسيەتچى ، مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغان ئايال ئىدى . ئۇنداقتا ئۇچۇ ؟ ئۇمۇ شۇنداقمىدۇ ؟ ئۇنداق بولمىسا نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىللاردىن بىرى يېنىدا ياشاپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ باغرى قاتتىقلىق قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شياۋيىن شۇنچە ئاسان قانائەتلىنىدىغان قىزغۇ ! ئەنە ئۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ-تىن ، خۇددى نەچچە يىللاردىن بېرىقى سوغۇق مۇئامىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك خۇشال بولۇپ كەتتىغۇ !

چى گوخاۋ ماغدۇرسىز هالدا ئۇھ تارتتى .

شياۋيىن ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ . لېكىن نېمىشقا ماڭا ئازراقمۇ ئوخشىمايدىغاندۇ

× × ×

— ئەستا خېنىم ، قاراپ بېقىڭا ئۇرۇپ چىققان خېتىڭىزگە ، بۇنى قانداقمۇ بىر يەرگە ئەۋەتكىلى بولسۇن ؟ خاتالىق نېمانچە كۆپ ، مەن سىزگە سۈرئىتىڭىز ئاستا بولسىمۇ ، خەتنى توغرا ئۇرۇڭ دېمىگەنمىدىم ، ئۈچ كۈندىن بېرى نېمىشقا ئۆگىنەلمەيسىز ؟ — جۇ ۋېيمىن ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كې ۋېنۋېنغا كايىپ كەتتى .

كې ۋېنۋېن بۇنداق ئەھۋالغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى . لو يايى ئېيتقاندەك ئۇ سۆزلىرى بىرئاز قوپال بولسىمۇ ، خېلى بولىدىغان باشلىق ئىدى . ئۇ ۋېنۋېننىڭ ئۆگىنىشىگە پۇرسەت بەردى ، ئىشنى خاتا قىلغان چاغلاردا ، بايىقىغا ئوخشاش يۈز - خاتىر قىلماي ۋارقىراپ زەردە قىلسىمۇ ، لېكىن ئاچچىقى يانغاندا ۋېنۋېننىڭ خىجىلچىلىقتا يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتى . شۇڭا خىزمەتكە چۈشكەن ئۈچ كۈندە ئۇ بۇ باشلىق بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى چۈشىنىپ يەتتى . پەقەت ئەستايىدىل ئىشلەپ ، ئۇنىڭ بىلەن زوكۇنلاشماي تۇرۇۋالسىلا ھېچقانداق ئىش بولمايتتى .

دېگەنــدەك هايال ئۆتمەيــلا ، جــۇ ۋېيمىن ئۇھ تارتىپ قــويۇپ ئۇنىڭغا :
— ناھايىتى خىجىلمەن كې كاتىپ ، سىزگە بۇنداق قاتتىق گەپ قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى ، — دېدى .
— ياق ، مەن خاتا قىلدىم ، ھەقىقەتەن ئەيىبلەشكــە تېگىشــلىك . ئۆگىنىش ئىقــتىدارىمنىڭ ناچــارلىقىدىــن ئەپــسۇسلىــنىمــەن . مەن . . . مەن . . . قايتا ئۇرۇپ چىقاي .
— توغرا ، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى قانچىكى تۇتىۋېلىپ ئېغىر ـ بېسىق بولسا ، ھېچ ئىش چىقمايتتى .
— ھەرگىز بۇنداق دېمەڭ ، ئەسلىدە مەن سىزگە ئۆگىنىش پــۇرسىتى بېرىشكە قوشۇلغاندىكىن ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىشىم كېــرەك ئىــدى . مەن بىرئاز ئالدىراڭغۇ بولغاچقا ، ھەدىگەندە بەزى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمەن .
ۋېنۋېن كۈلۈپ تۇرۇپ :
— بۇمۇ ھەممە ئادەمدە بولىدىغان ھېسسىيات . ئىلگىرى ھەدەم قولىڭىزغا قول ، پۇتىڭىزغا پۇت بولۇپ ياخشى ئىشلىگەن . مانا ھازىر ئۇــنىڭ ئورنىغا مەندەك بىر كالامپاي ئالماشقان تۇرسام ، ھېلىمۇ سىز سەۋر قىلىۋاتىسىز ، — دېدى .
— ھېچقانداق ئادەم تۇغۇلۇپلا قابىلىيەتلىك بولمايدۇ ـ دە ، ھەــدىگىزمۇ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ ، ئاستا ـ ئاستا ھازىرقىــدەك قابىلىيەتلىك بولغان . سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن سىزنىمۇ لو ھەدىگە ئوخشاش قابىلىيەتلىك كاتىپ قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن . بــولدى خەتنى ئالدىرىماي قايتا ئۇرۇپ چىقىڭ ، يەنە خاتا بولۇپ قالمىــسۇن ھە .
— بــولــدۇ باش دىرېكتور ، — كې ۋېنۋېن بېشىنى لىڭشىتتى .
— مەن باش مۇدىر ئىشخانىسىدا ، تېلېفون كەلسە ، شۇ يەرگە ئۇلاپ بېرەرسىز ، — جۇ ۋېيمىن سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى .
ۋېــنۋېن يېنىك تىن ئالدى . نېمىشقىكىن ، دىرېكتور ئىشخانىدا

www.uyghurkitap.com

بولسىلا، ئۇنىڭغا بۇ ئىشخانا تارلىق قىلىۋاتقاندەك، ھاۋا يېتىشمەي، نەپەسى سىقىلغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ خەتنى ئورۇشقا تەمشىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز تېخىچە جەنۇبتىكى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئالاقىلاشمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالدى. «ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىمنى ناۋادا ئاتا - ئانام باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسا، چوقۇم پاراكەندە بولىدۇ. ئۇلارغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويمىسام بولمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ھەي، بۇ ئىشلار بۇنچە ئوڭايغا چۈشمەسمىكىن.

ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن خەت ئورۇشقا باشلىدى.

فاڭ لىفەن تېت - تېت بولغان ھالدا چى گوخاۋنىڭ تېلېفوننى ساقلاۋاتاتتى. بۈگۈن ئۈچىنچى كۈن، ئۇلار كېلىشكەن ۋاقىتمۇ توشتى. چى گوخاۋ داچىنى زادى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرەرمۇ؟ ئۇ قوشۇلسىلا قالتىس ئىش بولغان بولار ئىدى. ناۋادا قوشۇلماي قالسىچۇ؟ فاڭ لىفەن قانچىلىك پۇل، قانچىلىك كۈچ كەتسىمۇ، بۇ داچىنى سېتىۋالماي قويمايدۇ. بىراق ئامال بولمىدى دەپ باھانە ئۆرلىتىۋېرىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەگەر چى گوخاۋ ئۇنىڭ بۇنداق ئىرادىسى ۋە مۇددىئاسىنى بىلىپلا قالىدىغان بولسا، بەلكىم ئۇ پۈتكۈل مال - دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىشى مۇمكىن.

— باش مۇدىر ئىشلىرىمنى تۈگەتتىم. سىڭلىم كۆنۈپ قالدىمىكىن، ئەھۋال سوراپ چىقسام بولامدۇ؟ — دېدى لو يايى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— بېرىڭ، جۇ ۋېيمىننى چاقىرىۋېتەرسىز.

— ھاجىتى يوق، — ئىشكتىن جۇ ۋېيمىن كىرىپ كەلدى، — مېنى ئىزدەيدىغانلىقىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئالدىڭىزدا ھازىر بولدۇم.

— باش دېرىكتور، ئىشخانىغا كىرگەندە ئىشىك چېكىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى لو يايى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق قائىدىلىرىڭىزنى بېرىپ سىڭلىڭىزغا ئۆگىتىپ قويۇڭ.

ماڭا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى بىرنىمۇ خاتا قىلماي ئۇرۇپ تەييارلاپ بەرسۇن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن قولىنى شىلتىپ .

لو يايى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جۇ ۋېيمىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىغاچ سورىدى :

— چى فامىلىلىكتىن تېخىچە خەۋەر يوقمۇ ؟

— شۇنداق . ئۇ ئەبلەخ چوقۇم باھانى يەنە ئۆرلەتمەكچى بولۇۋاتسا كېرەك . مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يەتكۈزمەيمەن .

— ئەلۋەتتە ، لېكىن سەن بۇنداق جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك . ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالغىن . بۇنداق كۈندە نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ يۈرسەڭ ، خەق يا ساراڭ بولمىسا ، كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىۋالماسمۇ ؟ ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنىڭ مالىيە ئەھۋالى ناچار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئۇ داچىنى باشقىلارغا ، سەن قويغان باھادىنمۇ يۇقىرى باھادا ساتالىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇنداق بولغاندىكىن نېمىگە ئالدىرايسەن ؟

— ئېغىزدا دېمەك ئاسان . لېكىن شۇنچە يىل كۈتۈپ ئاران بىر پۇرسەت كەلگەندە ، مېنىڭ ئورنۇمدا بولساڭ ئالدىرىماسمىدىڭ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش يا بەز بولماي ، يا گۆش بولماي تۇرسا ، يەلكەمنى ئېغىر تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك ئارامسىزلىنىپ كېتىدىكەنمەن . كىممۇ تۈن ئۇزۇن بولسا ، چۈش كۆپ بولمايدۇ دەپ كاپالەت بېرەلمەيدۇ ؟

— بۇرادەر ، ئۆي تېخى خەقنىڭ قولىدا ، سەن ئالدىرىغان بىلەنمۇ بىكار ، — دېدى جۇ ۋېيمىن گېزىتنى ئۆرۈپ تۇرۇپ .

— بۇ سېنىڭ ئىشىڭ بولمىغاندىكىن ، ئەلۋەتتە ئالدىرىمايسەن . خەقنىڭ ئىشىغا خەقنىڭ تومۇزدا قولى توڭۇپتۇ دېگەن گەپ بارغۇ ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ .

— بۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمە . مەنمۇ سېنى زېمىنسىدىكى يۈكتىن بالدۇرراق قۇتۇلسىكەن دەيمەن .

فاڭ لىفەن گۇمانسىرىغان ھالدا سوغۇق كۈلۈپ قويدى .

— ھە ، راست ، يېڭى كاتىپىڭ قانداقراق ؟ كۆنۈپ قالدىمۇ ؟

— ھەي ، بۇرۇنقىدىن ئانچە پەرقى يوق . چېچىمنىڭ پېرىمى دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟

— بۇنچىلىكمۇ ئاشۇرۇۋەتمە . ئەگەر لوكاتىيپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ جۇمۇ . كىم سېنى ماڭا قارشى مۇقام تـوۋلا دەپتۇ . مۇۋاپىق كەلمەسىمىكىن دېسەم ، چوقۇم ئىشلىتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ . ئەمدى جاھىللىقىڭنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانسەن ـ ھە !

— ۋاھ ، قـايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا تەنبىھ بېرىۋاتىسەن ؟ مۇبادا لـو كاتىپنى سەن تارتىپ كەتمىگەن بولساڭ . ۋايسايدىغان ئادەم مەن ئەمەس ، سەن بولاتتىڭ ، كاتتا خوجايىن !

— بولدى ، بولدى ، سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ئەھۋالىم يوق .

فاڭ لىفەن زەردە بىلەن تېلېفونغا قاراپ قويۇپ :

— ئاناڭنى ، چى فامىلىلىك ئەبلەخكە نېمە بولدىكىنە ؟ ساتمايدىـ غان ئىش بولسىمۇ دەپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ ؟

جۇ ۋېيمىن توساتتىن گېزىتكە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى .

— ھەي ئالتۇن تېپىۋالغاندەك قاراپ كەتتىڭغۇ ، ئەجەب دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ؟

جۇ ۋېيمىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا غەلىتە بىر تەرزدە قارىدى . ئاندىن ئالدىرىماي :

— بولدى ، ساقلىمايلا قوي ، چى گوخاۋ ئەمدى تېلېفون بەرـ مەيدۇ ، — دېدى .

— نېمىشقا ؟ — فاڭ لىفەننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى . جۇ ۋېيمىن گېزىتنى ئۇنىڭغا سۇندى ، — ئۇنى كۆرسەڭلا بىلىسەن ، ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ تېلېفون بېرەلىسۇن ؟

— ئۆلۈپتۇ ؟ — فاڭ لىفەن تۇۋلىۋەتتى .

— شۇنداق . چى گوخاۋ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ .

× × ×

ئەزەلدىنلا شاد ـ خۇراملىقتىن مۇستەسنا چى قورۇسىنى گۆرى-
تان جىملىقى قاپلىغانىدى ، پۈتكۈل قورۇ خىرە تۇمان ئارىسىدا قالغاندەك
كۆرۈنەتتى .

ئىككى كۈندىن بېرى ۋاڭ ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى توختىمىدى ۋە
ئېقىپ تۈگىمىدى . چى شياۋيىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تەسۋىرلەشكە
تىل ئاجىزلىق قىلاتتى . ئۇ دادىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە شۇنچە يىل تە-
قەززا بولغان ، ئەمدىلا ئۇزۇن يىللىق توك ئېرىشكە باشلىغاندا بۇ ھادى-
سىنىڭ يۈز بەرگىنىنى قارىمامدىغان ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ دادىسى
نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ ؟

باشقىلارنىڭ دېيىشىچە دادىسى سودىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ،
نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان-
مىش ، لېكىن چى شياۋيىن بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى .

ئۇ دادىسى بىلەن شۇنچە يىل بىرگە ياشىدى . ئۇلار باشقا ئاتا ـ
بالىلارغا ئوخشاش قىزغىن ، يېقىن بولالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ دادىسى-
نىڭ خىزمەتنى بېرىلىپ تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ، ھەرقانچە ئو-
ڭۇشسىزلىقلارنىڭمۇ ئۇنى يىقىتالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇنداقتا
ئۇ مال ـ دۇنيا ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىدۇ ؟ ياق ! ھەرگىز ئۇنداق
ئەمەس ، بۇ بىر تاسادىپىيلىق .

ئۇ ، بارلىق ئاماللار بىلەن ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى
سىرتتىكى ھېلىقىدەك ئەپقاچتى گەپ ـ سۆزلەردەك سەۋەبتىن ئەمەسلى-
كىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى
بىنورمال ئەھۋالى ئۈستىدە ئويلىماي تۇرالمايتتى . ئەجەبا . . . ئەجەبا ، بۇ
ئىشلار ئۇنىڭغا ئالدىن بېرىلگەن بىشارەت بولسا ، ئۇ سەزمەي قالغانمىدۇ ؟

ئۇ ئىتنى قۇچاقلىغىنىچە قايغۇرغان ھالدا :

— لې لې ، دادام سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى . ئۇ پە-
قەت سېنىلا « ساپ نەسىللىك ئىتلارغا ئوخشايدۇ » دەيتتى . دادام سى-
لەرنى قەستەن ئۇرۇپ قوغلىۋەتمەكچى ئەمەس ئىدى . شۇنداق ئەمەس-

مۇ ؟ ئۇ پەقەت . . . بىئارام بولۇپ قالغان چاغلىرىدا شۇنداق قىلاتتى . بىراق بىز ھېچ قايسىمىز ئۇنىڭ ھالىغا يەتمىدۇق . ئۇنى چۈشىنەلمىدۇق . . . — دېدى .

ئۇ ئىستىنى قۇچاقلىغىنىچە ھەسرەت بىلەن ئۈنسىز ياش تۆكتى . تۆگىدى . ئۇنىڭ بىرمۇ يېقىن ئادىمى قالمىدى .

× × ×

چى گوخاۋنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقان كۈنى چى شياۋ-يىن ، ۋاڭ ئانا ، فاڭ لىفەن ، جۇ ۋېيمىن ۋە جاڭ ئادۋوكات چى ئائىلە-سىنىڭ مېھمانخانىسىدا جەم بولدى .

فاڭ لىفەن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن چاقىرتىلغانلىقىدىن ھەيران . ئۇنىڭ بىلەن چى گوخاۋ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ ئۆيدىن باشقا ھېچ قانداق باغلىنىش يوق . ھازىر چى گوخاۋ ئۆلۈپ كەتتى . بۇ ئۆينى سې-تىۋېلىشقا باشقىدىن كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدىغان بولدى . جۇ ۋېي-مىن فاڭ لىفەنگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇ ئادۋوكاتنىڭ ، چى گوخاۋنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئېلان قىلىشقا فاڭ لىفەنمۇ قاتناشمىسا بول-مايدۇ ، دەپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق سودا ئالاقىسىمۇ يوق . ھەتتا ئانچە تونۇشۇپمۇ كەتمەيدىغان تۇرسا . ئەجەبا . . . ۋەسىيەتنامە مۇشۇ داچىغا مۇناسىۋەتلىكمىدۇ ؟

جاڭ ئادۋوكات گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى .

— كۆپچىلىك ! بۇ ۋەسىيەتنامىنى چى ئەپەندى ئۆتكەن ھەپتە ماڭا ھاۋالە قىلىپ يازدۇرغان . كارخانچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قى-لىدىغان بولغاچقا ، ئۆز ۋاقتىدا مەن بۇ ئىشقا ئانچە پەرۋا قىلماپتىمەن ، كىم بىلسۇن . . . — ئۇ ئېپادىسىز تۇرغان چى شياۋيىنغا قاراپ قويۇپ ، ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئالدى بىلەن مەن ھەر قايسى-ڭىزلارغا چى ئەپەندىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى چۈشەن-دۈرۈپ ئۆتەي

بىر مۇنچە سان - سىفىرلار فاڭ لىفەنگە تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇل-

دى . مىراسخورغا تازىمۇ ئۇۋال بولىدىغان بولدى ـ ده ، ئۇچى گوخاۋ-
نىڭ قىزىغا قاراپ قويۇپ ، ھەي قەرز ئىگىلىرى سۆيلەپ كەلگەندە ، بۇ
ئەرزىمەس مىراسلار نېمىگىمۇ دال بولار ؟ بەلكىم قەرزنى قايتۇرۇشقا يەت-
مەس ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

— . . . چى ئەپەندىم ۋەسىيەتنامىدا ناھايىتى ئېنىق ئېيتقان . ئۇ-
نىڭ مىراسلىرىغا فاڭ لىفەن ئەپەندى ۋارىسلىق قىلىدۇ .

فاڭ لىفەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ،
قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى .

— مەن ؟ مەن مىراسخورمىكەنمەن ؟

جۇ ۋېيمىنمۇ گاڭگىراپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قالدى .

ۋاڭ ئانىسىنىڭ ھەيرانلىقى جۇ ۋېيمىندىن قېلىشمايتتى . بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ ھېچقانداق تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىغىنى پەقەت چى شياۋ-
يىن ئىدى . بەلكىم ئۇ كۆڭلىدە قاتتىق ھەيران قالغاندۇ . بىراق چىرايىدا
ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى .

— جاڭ ئادۋوكات ، بۇنىڭدا چوقۇم ئۇقۇشماسلىق بار ، — فاڭ
لىفەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، — چى
ئەپەندىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق . ئۇنىڭ
مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھېچ ئاساسىم يوق . چى ئەپەندىم بۇ ۋەس-
يەتنامىنى يازدۇرغان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى نورمال ئىدى ، دەپ
كېسىپ ئېيتالامسىز ؟

چى شياۋيىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— فاڭ ئەپەندى ، دادامنىڭ روھىي ھالىتى ئىزچىل ھالدا ناھا-
يىتى نورمال ئىدى . مەن دادامنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئويلىغانلىرى بار
دەپ قارايمەن . سىز نېمىشقا جاڭ ئادۋوكاتنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە
ئاڭلاپ باقمايسىز ؟ — دېدى سوغۇققىنا .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا قارىدى . ئەجەبا ، بۇ ياش قىز دادىسىنىڭ ئى-
گىلىكىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغىمىدى ؟ شۇنچىۋالا
كۆپ مال ـ مۈلۈك خەقنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكىلىۋاتسا ، ئۇ قېتىغىمۇ

ئېلىپ قويمايدىغۇ ؟

فاك لىفەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاندىن تۇرنىدا ئولتۇردى . جاك ئادۋوكات سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— چى ئەپەندىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى پۈتۈنلەي قانۇنلۇق . سىز فاك ئەپەندىم ، ئويلىنىپ باقسىڭىز بولىدۇ . ئەگەر سىز مىراسخورلۇق ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كەچسىڭىز ، ئۇنداقتا بۇ مىراسقا چى شياۋيىن خېنىم ۋارىسلىق قىلىدۇ . چى شياۋيىن خېنىم ئۆيىنى ، يەنى مۇشۇ داچىنى سېتىۋەتسە بولىدۇ .

جۇ ۋېيمىن فاك لىفەنگە قارىدى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى . بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان گەپتە . چى گوخاۋ دېگەن ئەبلەخ تازىمۇ ھىيلىگەر بىر نەرسە ئىكەن . ئەگەر فاك لىفەن ئۇنىڭ بۇ ئەبجەق چىقىپ كەتكەن تەنزىسىنى ئوگشىمىسا ، بىر ئۆمۈر بۇ داچىنى سېتىۋالالماي قالارمۇ ؟

— ئەگەر فاك ئەپەندىم . بۇنى قوبۇل قىلسىڭىز ، چى ئەپەندىنىڭ نامىدىكى بارلىق مۈلۈك ئىلكىڭىزگە ئۆتىدۇ . مۇشۇ داچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە . لېكىن يەنە ئىككى قوشۇمچە شەرت بار .

— توختاپ تۇرۇڭ جاك ئادۋوكات ، — فاك لىفەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — چى ئەپەندىنىڭ قەرزىگە ئۇنىڭ بارلىق مىراسلىرىمۇ چىقىش قىلمايدىكەن ، ئۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغانمۇ ؟

— ياق .

— ئۇنداقتا ، ئۇ بۇ ۋەسىيەتنامىنى يازدۇرغاندا ، پەقەت مۇشۇ داچىنىڭلا گېپىنى قىپتىكەن ـ دە ؟

— شۇنداق ، مەن سەۋەبىنى سورىسام ، ئۇ جاۋاب بەرمىگەن .

فاك لىفەن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى :

— ئەمىسە بوپتۇ . سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ . مەن ئۇنىڭ قەرزلىرىگە مەسئۇل بولۇپ قايتۇرىدىكەنمەن ، خوش ، يەنە باشقا قانداق شەرتى باركەن ؟

جاك ئادۋوكات بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىرىنچى شەرت سىز ۋاڭ ئانىنى داۋاملىق غوجىدار قىلىپ ئىشلىتىشىڭىز كېرەك، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. چى شياۋيىن بوش شاپىلاقلاپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

— بۇ شەرتنى چوقۇم قوبۇل قىلىمەن. ئىككىنچىسىچۇ؟

— ئىككىنچى شەرت، چى شياۋيىن خېنىم، سىزمۇ زەن قويۇپ ئاڭلاڭ.

— قېنى دەۋېرىڭ، — دېدى چى شياۋيىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئىككىنچى شەرت، فاڭ ئەپەندىم، سىز چى شياۋيىن خېنىمنى ئەمرىڭىزگە ئېلىپ ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىڭىز كېرەك.

× × ×

فاڭ لىفەن غەزەپلەنگەن ھالدا ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. جۇ ۋېيمىنمۇ تاپ باستۇرۇپلا كىردى ۋە لو يايىغا چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. لو يايى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

فاڭ لىفەن زەردە بىلەن جوزىنى مۇشتلىدى:

— ئاناڭنى، چى فامىلىلىك ئەقلىدىن ئازغان، شۇڭا مۇشۇنداق ھېچ مۇقامدا يوق بىر ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان گەپ.

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەستەك تۇرىدۇ، — جۇ ۋېيمىن ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى، — ئۇبدانراق ئويلاپ باقمامسەن. ئۇ قالتىس بىر ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان. يەنى ئۇ قەرزنى قايتۇرىدىغان كۈيئوغۇلنىمۇ، ھەتتا غوجىدارنىمۇ تەييارلاپ قويۇپتۇ. ئەگەر كاللىسى جايىدا بولمىسا شۇنداق ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرالامدۇ ؟

— ھەي سەن زادى كىم ئۇچۇن گەپ قىلىۋاتىسەن ؟ مەن ھازىر ساراڭ بولايلا دەپ قېلىۋاتسام، چاقچاق قىلىسەنغۇ ؟ چى فامىلىلىك چوقۇم تېگى - پېيىمنى سۈرۈشتە قىلغان گەپ. بولمىسا بۇنداق كوكۇلامىدىن تۇتۇۋالمايتتى. ئەگەر مەن ۋارىسلىق ھوقۇقۇمدىن ۋاز كەچسەم، ئۇنىڭ قىزى بۇنچىۋالا قەرزنى زىممىسىگە ئالالمايدۇ ۋە ياخشى كۈن كۆ-

www.uyghurkitap.com

رەلمەيدۇ .

— بىراق ، سەن ۋاز كېچەرسەنمۇ ؟ ئۇنداق قىلمايسەن ، شۇنداقمۇ ؟ سېنى تەبرىكلەيمەن ئاغىنە . ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان بولدۇڭ . يەنە تېخى ئاتا ـ ئانىڭىنىڭ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى . بۇ تەبرىكلىگۈدەك كاتتا ئىش بولماي نېمە ؟ — جۇ ۋېيمىن قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— راسا ئەدىپىڭنى يىگۈدەك كەپتۇ ـ ھە ، — فاڭ لىفەن ئۇنى كەلتۈرۈپ بىر مۇشتلىدى ، ئاندىن قايناپ كەتتى ، — مېنى تازىمۇ نەس باستى . شۇنداقمۇ قاملاشمىغان ئىش بولامدۇ ؟ چى فامىلىلىكنىڭ قىزى تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بىر نېمىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ھازىر توي قىلغۇم يوق . ئۇ ئىشلارنى ئويلاپمۇ باقمىدىم . ئەگەر راستلا توي قىلىمەن دېسەم ، ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن ، يېتىلگەن ، لاتاپەتلىك ، جەزبىدار قىزلار ئىچىدىن چېكىپ ، تاللاپ تۇرۇپ ئالمايزە ، ئاشۇنداق بىر سېرىق تۈك بىلەن توي قىلامدىمەن ؟

— شۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى جۇۋېيمىن بېشىنى لىڭشىتىپ ، — چى گوخاۋمۇ تازا ئاشۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ بىرتاللا قىزىنى تۈزۈكرەك تونۇشمايدىغان بىرسىگە شۇنداقلا تاپشۇرۇۋەتكىنىنى قارىمامدىغان .

— شۇڭا ئۇنى ئەس ـ ھوشى تازا جايىدا ئەمەسكەن دېدىم .

— ئۇنداقتا . . . قانداق قىلاي دەيسەن ؟ جاڭ ئادۋوكات ساڭىلا قاراپ قالدى .

— ھېچ بىلمەيۋاتىمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇھ تارتىپ ، — ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق تاللاش پۇرسىتىم يوق . داچىنى چوقۇم قولغا چۈشۈرۈشۈم كېرەك . بىراق ، پەقەت بىر قېتىملا يۈز كۆرۈشكەن بىرسى بىلەن توي قىل دەۋاتىدۇ . بۇنى ھەرگىزمۇ قىلالمايمەن .

— ئويلاپ باق . ئۇنىڭ قىزىغا ھەممىدىن بەك ئۇۋال بولدى خۇددى تاۋاردەك باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكىلىۋاتىدۇ ، ھەقىقىي تاللاش پۇرسىتى يوق دەپ ئۇنى دېسە بولىدۇ . زېمىنىسىدىكى قەرزدىن

قـۇتۇلاي دېسە ، ئۇ كۆڭلى يوق . . . يوچۇن بىر ئەرگە خوتۇن بولۇشى كېرەك . ئۇ قىزنىڭ قەلبى قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىۋاتقاندۇ ـ ھە .

— مەنمۇ ھازىر ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم . خەقنىڭ كۆڭلى ، ئازابى بىلەن نېمە كارىم . ھەي ! شۇ تاپتا ئاتا ـ ئانام ھايات بولسا ، ماڭا يول كۆرسەتسە قانداق ياخشى بولاتتى .

— ئاتا ـ ئاناڭمۇ چوقۇم مەن دېگەندەكلا ھەم ئۆيگە ، ھەم خو- تۇنغا ئىگە بولسەن ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى دېگەن شۇ ، دەيـتتى . بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئىش بارمۇ جاھاندا ، — دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ تۇرۇپ .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى . دېمە- سىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە ئىدى . گەرچە ئىشلار كۆپ ھاللاردا ئادەمـنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ قېتىم بەكمۇ قېلىپتىن چىقىپ كەتكەندى . شۇڭا بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى . ئاتا ـ ئانىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۆتسۇنمۇ ؟ ياكى بولمىسا ئۆ- زىنى قۇربان قىلىپ ، ئارىدا ھېچقانداق مۇھـەببـەت بولـمىغان تـوينى قىلسۇنمۇ ؟

ئەگەر قاغىش تەككۈر چى گوخاۋ ھايات بولىدىغان بولسا ، فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى .

× × ×

— خېنىم . . .

— بـولدى ، سۆزلىمەيلا قويۇڭ ۋاڭ ئانا . مەن ھەرگىز ، ھەر- گىزمۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن توي قىلمايمەن . ھېچ چۈشەنمىدىم ، دادام نېمىشقا مۇشۇنداق بىمەنە شەرتلەرنى قويغاندۇ ؟ — چـى شياۋيىننىڭ دادىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى ، — ئۇ مـاڭا قىلچە كۆيۈنمەيتتى ، شۇڭا كەلگۈسۈمنىمۇ مۇشۇنداق خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرغان گەپ .

www.uyghurkitap.com

ــ خېنىم . . .

ــ مۇشۇ يېشىمغىچە خۇشاللىق ـ شادلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياشىدىم . ئەجەبا ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىش ھوقۇقۇم يوق بولدىمۇ ؟ ۋاڭ ئانا ئېيتىڭا ، دادام ماڭا بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىپتۇمۇ ـ قانداق ؟

ــ بىراق . . . فاڭ ئەپەندىنىڭ قېشىغا بارسىڭىز پايدىسى بولارمۇ ؟

ــ نېمىشقا بولمىغۇدەك ، ئۇمۇ ئۆزى تونۇمايدىغان بىرسىنى ئەمرىگە ئېلىشنى خالىمايدىغاندۇ ؟

ــ بەلكى ئۇ بېگىمنىڭ مۈلكىنى دەپ بولسىمۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن .

ــ ئەخمەق بولماڭ ، ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ؟ دادامنىڭ ھېچقانچە مۈلكى يوق . تېخى خەقلەرگە جىق قەرزداركەن . كېرەك يوق ، بۇ قەرزلەرگە مەن ئىگە بولىمەن . ھەرگىزمۇ فاڭ فامىلىلىككە يېلىنمايمەن .

ــ سىز ياش ھەم كىچىك بىر قىز بالا تۇرسىڭىز ، قانداقمۇ . . .

ــ ۋاڭ ئانا ، ــ دېدى چى شياۋيىن قايغۇرغان ھالدا ، ــ بىزنىڭ ھېچقانداق يۆلەنچۈكىمىز قالمىدى ، ئۆزىمىزگە تايىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك . مەن ئىشلەپ ھېرىپ ئۆلۈشكە رازىمەن ، دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى دەپ تەقدىرىمنى يات بىرىگە باغلاپ ئولتۇرمايمەن . سىز مېنى قوللىشىڭىز كېرەك . مەن سىزنى ، ھەم ئىنتىلىرىمنى بېقىپ كېتەلەيمەن . مەن چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن .

ــ خېنىم . . . ــ ۋاڭ ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ گەپمۇ قىلالماي قالدى . ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنداق زور ئۆزگىرىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى .

× × ×

جۇ ۋېيمىن چى شياۋيىننى شىركەت بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە باشلاپ چىقتى . بۇ جاي فاڭ لىفەننىڭ تۇرالغۇسى ئىدى .

ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى تېز - تېز باستى .

فاڭ لىفەن كالتە تەنتەربىيە ئىشتىنى بىلەنلا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ :

— ھە نېمە گەپ ؟ سائەت يەتتە بولۇپ قالدى ، تېخىچە قايتمىدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— كاتىپ بەكمۇ دۆتكەن ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ . ھېلىمۇ ياخشى ئىشلەپتىكەنمەن . بولمىسا چى خېنىم بىكارلا ئاۋارە بولىدىكەندۇق ، — دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ .

فاڭ لىفەن ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر ئادەم بارلىقىنى بايقىدى . چى شياۋيىن ؟ ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلگەندىمۇ ؟

— كىرىڭلار ! — دېدى ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن .

چى شياۋيىن بۇرۇلۇپ جۇ ۋېيمىنغا قاراپ :

— فاڭ ئەپەندى بىلەن يالغۇز پاراڭلاشقۇم بار ئىدى ، — دېدى .

جۇ ۋېيمىن گەپ - سۆز قىلالماي مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ ئىلاجسىز چىقىپ كەتتى . ئۇ قىز فاڭ لىفەننى نېمە قىلىۋېتەلەيتتى ؟ !

فاڭ لىفەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆڭلەك ۋە شىمىنى كىيىپ چىقتى . ئارقىدىن ئاشخانىغا كىرىپ ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئاچىقتى .

ئىككىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى . كەيپىيات ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى . بۇ جىمجىتلىقنى ئاخىر فاڭ لىفەن بۇزدى .

— سىز ۋەسىيەتنامىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلدىڭىزغۇ دەيمەن ؟

— شۇنداق .

— ناھايىتى ئەپسۇس . بىكار ئاۋارە بولىدىغان بولدىڭىز . مەن تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم ، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغان قىياپەتتە .

— ياق ! مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىممۇ شۇ . سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم ، سىزنىڭ بۇ ئىشتا توغرا يولنى تاللىشىڭىزغا ياردەم قىلىش ، فاڭ ئەپەندى ، سىز دادامنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ . دادامنىڭ قەرزلىرىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن . گەرچە مەن دادام

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇتتۇرىڭىزدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن دادامنىڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسى سىزگە نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالدى. ئەگەر خاتالاشمىسام سىز ئاشۇ داچا ئۇچۇنلا بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ھە؟ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسىز؟

— بۇنى سىزنىڭ جاڭ ئادۋوكات بىلەن قىلىشقان گېپىڭىزدىن پەرەز قىلدىم. يەنە... سىز جۇ ئەپەندى بىلەن بىللە كېلىپ داچىمىزنى كۆرۈپ كەتكەن.

— يادىڭىزدا باركەن ـ دە.

— ئەگەر بىرەر سەۋەب بولمىسا، ھېچقانداق ئادەم دادامنىڭ ئەگىلىكى ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنداق بىمەنە ۋەسىيەتنامە ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. مېنىڭچە ئۇ داچا سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقمۇ؟

فاڭ لىفەن بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىر بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداق. ئۇ داچا مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا مەن ئاشۇ كۈلكىلىك ۋەسىيەتنامە ئۈستىدە ئويلانمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا سىز ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ. چۈنكى مەن، سىز بىلەن ھەرگىز توي قىلمايمەن. سىزمۇ دادامنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلمايسىز. بايا ئېيتقاندەك، دادامنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم.

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي. چې خېنىم، بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دېدى فاڭ لىفەن كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ.

— 20. بىراق، بىز مۇنازىرە قىلىۋاتقان ئىشلار يېشىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز. فاڭ ئەپەندى، مۇمكىن بولسا، داچىنى سىزگە سېتىپ بېرەتتىم. لېكىن ۋەسىيەتنامىدا بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىز قەرزلەرنى يالغۇز قايتۇرالايمەن دەپ قارامسىز ؟ — دېدى فاڭ لىفەن سوغۇققىنا ، — چى خېنىم ، سىز ئۇ قەرزلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى بىلمىسىڭىز كېرەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز ئىگىلىرىنىڭ قەبىھ ئۇسۇللىرىنى سىز كۆرۈپمۇ باقمىغان . راست گەپنى دېسەم ، مەن سىز- نىڭ بۇ تۇرقىڭىز بىلەن بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلىشىڭىزگە ئىشەنمەيمەن . ماڭا ئىشىنىڭ ، مەنمۇ نارەسىدە بىر قىز بالىنى ئەمرىمگە ئېلىشنى خالىمايمەن . بۇنداق قىلىش دىتىمغا ياقمايدۇ . شۇڭا مەن يەنە ئويلىنىپ كۆرەي ، بىرەر ياخشى ئامال تېپىلىپمۇ قالار . نېمىلا دېگەنبىلەن مەن يەنىلا « قارار قىلغۇچى » . سىزنىڭ ئالاھىتەن كېلىپ ، قانداق قى- لىشىم كېرەكلىكىنى ئۆگىتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . ئەگەر باشقا ئىشى- ڭىز بولمىسا ، خاپا بولماي قايتىپ قېلىڭ . مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار .

بۇ گەپ چى شياۋيىننىڭ غۇرۇرىغا تەگدى . بىراق ئۇنىڭ قاي- تىشتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى . ئۇ ئىشىك ئالدىدا توختاپ فاڭ لىفەنگە بۇرۇلۇپ غەزەپ بىلەن :

— مەن سىزگە ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن ، — دېدى . فاڭ لىفەن قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويۇپ :

— بەلكىم بۇنى مەن قارار قىلىشىم مۇمكىن ، — دېدى سوغۇققىنا .

چى شياۋيىن دېمىغىنى قېقىپ ، ئىشىكنى ياپاي دەپ تۇرۇشىغا ، تۇساتتىن ئىشىكتە جۇ ۋېيمىن پەيدا بولۇپ قالدى ۋە قىستىلىپ ئۆيگە كىردى .

— تېخىچە قايتىپ كەتمىدىڭمۇ ؟ — دېدى فاڭ لىفەن ھەيران بولۇپ .

— قايتىپ كېتەي دېگەن . بىراق ئويلاپ باقسام ، ئىشىنىڭ نەتى- جىسىنى ئەتە ئۇقالىغۇدەكمەن . ئۇنداقتا كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدۇ دەمسەن . ھەي ئاغىنە ، ئۇ زادى نېمىگە كەپتۇ ؟ تومۇرۇڭنى تۇتۇپ باق- قىلىمۇ ؟

www.uyghurkitap.com

— ئەگەر مېنى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسۇن دېسەڭ، سېسىق ئاغزىڭنى يۇم ! — فاڭ لىفەن مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ، بىر ئوتلام قەھۋە ئىچتى، — سەن قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي قېلىۋاتامسەن؟ خەقنىڭ ئىشىغا تولا ئارىلاشمىغىنا.

جۇ ۋېيمىنمۇ مېھمانخانىغا كىردى ۋە تارتىنماستىن كېرىلىپ ئولتۇردى.

— ئاغىنە سېنىڭ ئىشىڭ، مېنىڭ ئىشىم ئەمەسمۇ؟ مېنى تولا تەقەززا قىلماي تېزراق دېگىنە، بولغۇسى ئايالىڭ نېمىگە كەپتۇ؟

— يەنە پەلپەتىش سۆزلىگىلى تۇردۇڭ، ھامان بىر كۈنى خامىرىڭنى ئىزىۋېتىمەن. «بولغۇسى ئايالىم» ئىمىش. ئۇ ماڭا ھەرگىز تەگمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغىلى كەپتۇ. قىزىق. ئۇ مېنى چوقۇم ئالىمەن دەپ يېپىشىۋالىدۇ دەپ ئويلىغان چېغى، — دېدى فاڭ لىفەن زەردە بىلەن.

— ۋاھ، فاڭ خانىم بولۇشنى خالىمايدىغانلارمۇ بارمىكەن تېخى! قارىغاندا ئۇ ئەرلىك غۇرۇرىڭغا تازا قاتتىق تېگىپتۇ ـ ھە.

فاڭ لىفەن ئۇندىمەي ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. گەرچە ھەر قانداق بىر قىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا ئىنتىزار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان، ئاچچىق گەپلەرنى قىلىپ زەردىسىنى قايناتقان قىزلارنى ئۇ تېخى ئۇچراتمىغان بولۇپ، چى شياۋيىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى. غەلىتە ئىش، چى شياۋيىن قەتئىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تەگمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆتكۈر تىغ بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەجەبا، جۇ ۋېيمىن دېگەندەك ئۇ قىز ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا شۇنچە قاتتىق تەگكەنمىدۇ؟

— زادى قانداق قىلاي دەيسەن؟ ئويلانغۇدەك ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى، — دېدى جۇ ۋېيمىن تىت ـ تىت بولۇپ.

فاڭ لىفەن ئۇھ تارتتى:

— گەپىڭنىڭ راستىنى دېسەم، مېنىڭمۇ بەك بېشىم قېتىۋاتىدۇ. بۇ خىل تاللاش ئەسلىدىمۇ بىر بىمەنىلىك ئىدى. ئۇ ئاز كەلگەندەك بۈگۈن

چى شياۋيىن قېشىمغا كەلدى . بۇ ، ھەي ! ئۇنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم . ئۇ مېنىمۇ ئامالسىز قىلىپ قويدى .

— بىر قارارغا كېلىشىڭنىڭ ، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك جۇ ۋېيمىننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ، — ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەن . . .

— بىلجىرلىمىساڭ نېمە بولار ، ئۇ سېرىق تۈك توڭ سويىمنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالاي . بۇ ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق . مەنلا داچىنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن دەيدىكەنمەن ، ئۇمۇ ماڭا ياتلىق بولۇشى كېرەك . ھازىرچە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نىيىتىنىڭ جايىدا ياكى ئەمەسلىكىنى قويۇپ تۇرايلى ، چى شياۋيىن بەربىر گۇناھسىز بىر قۇربانلىق . ناۋادا ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ ، قارارىمنى قوبۇل قىلسا ئىشلار ئاسان بولار ئىدى . ھازىرقى گەپ ، ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ھەرقانچە كۆپ قەرزنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ھەرگىز ماڭا تەگمەيدىغانلىقىنى ئېنىق دېگەن تۇرسا ، يەنە مېنى نېمە قىل دەيسەن ؟ ئۆيدىن كېچەيمۇ ؟ ياكى ئۆزۈمنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ ئۇنى ماڭا ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلايمۇ ؟

— راستىنلا بىر ئىش بولدىغۇ بۇ . سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام ، مېنىڭمۇ تازا بېشىم قاتاتتىكەن — دېدى جۇ ۋېيمىن .

— مېنى داچىغا چىدىمايدۇ دېمە . داچىدىن ۋاز كەچتىم دېگەن تەقدىردىمۇ ، شۇنچىۋالا قەرزلەرنى قانداقمۇ ئۇ قىزغا يۈكلەپ قويغىلى بولسۇن ؟ ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇلدار ئائىلىنىڭ خېنىمى ئاشۇ ئەپتى بىلەن بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ ئۇ قەرزلەرنى قايتۇرۇپ بولالمايدۇ . چى شياۋيىنغا ئوخشاش كىچىككىنە بىر قىزنىڭ ھەر قانچە يۇقىرى ئىش ھەققى ئالىدىغان خىزمەتنى تاپسىمۇ ، قەرزلەرنى قايتۇرالىشىغا ئىشەنمەيمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن .

جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك بولدى :

— سەن ئۇ قىزنىڭ تېنىنى سېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتامسەن ؟ پاھ ! ئۇنىڭ غېمىنى يېگىلى تۇردۇڭغۇ . ئۇنىڭ دادىسى ساڭا ئاز ئاۋارىچىلىق

سالىمدى جۇمۇ !

فاك لىفەن ئىلاجىسىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى .

دادا ، ئاپا ! ئىشلىرىم ھېچ يۈرۈشمەيۋاتىدۇ . سىلەر نېمىشقا ماڭا مەدەت بەرمەيدىغانسىلەر ! . . .

## 4

ــــ نېمە ؟ سەن . . . سەن ئاجرىشىپ كەتتىڭمۇ ؟ ــــ تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن قارشى تەرەپنىڭ ھەيرانلىق بىلەن سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . كې ۋېنۋېننىڭ ئىدىيە تەييارلىقى بولسىمۇ ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئازابلاندى . مۇشۇ ياشقا كېلىپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى غەمدە قويغانلىقىغا ناھايىتى ئۆكۈندى .

ــــ ئاپا ! ھېچ ئىش يوق ، جىددىيلىشىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ ، ــــ ئۇ ئاپىسىغا تەسەللىي بەردى .

ــــ ھېچ ئىش يوق دەمسەن ؟ ئاجرىشىپ بوپسەن ، يەنە ھېچ ئىش يوق دەيسەنغۇ ؟ داداڭ ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر ؟ ۋېنۋېن ئېيتقىنا ، نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ ؟ قاچان ئاجراشتىڭلار ؟

ــــ ئانچە ئۇزۇن بولمىدى ، مەن . . . مەن سىلەرنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ دېمىگەنىدىم . ئاپا ھازىر ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن . ئىش ھەققى ئوبدانغىنا بىر خىزمەت تاپتىم . ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشتى . مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ .

ــــ نېمىشقا شۇنداق بولدى ؟ گۇاڭدا ساڭا ئەسكىلىك قىلدىمۇ ، ياكى ئۇنىڭ . . . ئويىنىشى بارمىكەن ؟ سىلەر مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانغۇ ؟ ئاجرىشىمىز دەپلا ئاجرىشىپ كەتكەن بارمۇ ؟

ــــ ئاپا ، ھازىر بۇلارنى دېگەننىڭ پايدىسى يوق . ئىشقىلىپ بۇنداق قىلغىنىمدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن . مانا ، ئۆزۈم يالغۇزمۇ شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىمەن ، ــــ دېدى ۋېنۋېن تەلەپپۇزنى سىلغايتىپ . بەختىگە يارىشا ئاپىسى ئۇنىڭ ئازابتىن سۇنغان سۇلغۇن چىرايىنى كۆرەلمەيتتى .

— پۇشايمان قىلمايمەن ؟ ئىلگىرى ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان چاغدىمۇ شۇنداق دېگەن . مانا ئەمدىچۇ ؟ ۋېنۋېن ، بۇ ئۆمۈرلۈك ئىش تۇرسا ، نېمىشقا داداڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقمىدىڭ ؟ سەن بىزنىڭ يالغۇز قىزىمىز . ئەگەر راستتىنلا بېشىڭغا كۈن چۈشكەن بولسا ، بىز سەن تەرەپتە تۇراتتۇق ئەمەسمۇ .

— ئاپا ، بۇنى بىلىمەن .

— ئەمىسە بوپتۇ . ئۇنداقتا دەپ باقە ، سەن زادى نېمە ئۈچۈن گۇۋاڭدا بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىڭ ؟

— ئاپا ، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن . بىز كېلىشەلمىدۇق شۇ .

— سىلەر ياشلار - زە ، شۇنى دەستەك قىلىپ ئېغىز تۇۋاقلايسىلەر . مەن داداڭ بىلەن توي قىلغاندا ھەتتا چىرايىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان مانا 20 - 30 يىلدىن بېرى بىر ئۇبدان ئۆتتۇۋاتىمىزغۇ ؟ ئەكسىچە سىلەر ئۆزۈڭلار تېپىشقان ، يەنە تېخى بىر مەزگىل مۇھەببەتلەشكەن تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتەلمىدىڭلار ؟ كېلىشەلمىدۇق دېدىڭمۇ ؟ ئۆزئارا يول قويۇشساڭلار بولماسمىدى . نېمىدەپ يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەنسىلەر ؟

كې ۋېنۋېن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەيلا قالدى . ناۋادا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاپىسىغا دەيدىغان بولسا ، ئىش چوڭىيىپ ، خاپىلىق كۆپىيىشى مۇمكىن . بىراق ئۇنىڭ ھازىر ھېچنەرسىنى ئويلىغۇسى يوق . پەقەت تىنچ ، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈپ ، جاراھەتلەنگەن قەلبىنى ئاستا - ئاستا ساقايتىۋالسا شۇنىڭغا مىڭ شۈكۈر دەيتتى .

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟ بىرنەچچە ئېغىز تەنبىھ بېرىپ قويسام دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىمۇ ؟

— ئۇنداق ئەمەس ئاپا . ئەستا پارچە پۇل قالمىدى . باشقا بىر كۈنى تېلېفون بېرەي ھە . مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدە تېلېفون يوق . توغرا . . . دادامغا دەپ قويغىن ، ھەرگىز خاپا بولمىسۇن . بۇنداق قىلىشىمدا مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار .

كې ۋېنۋېن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى . قولىدىكى پېچىتى يۇرۇلمىغان بىر قۇتا تەڭگە پۇلغا قاراپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى . بەلكىم ئۇ تېخى رېئاللىققا ئىشەنگۈسى كەلمەي ، ھەقىقىي ئەھۋالنى دېگۈسى كەلمىگەندۇ .

ئۇ كوچىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى . كۆز كىرىپ قالغاچقا ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغان . سوغۇق شامال تەنگە نەشتەردەك سانجىلاتتى . كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نېپىز پەلتولارنى كىيىۋېلىشقان . سوغۇقتىن ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى . ئۇ شۈمشىيىپ قوللىرىنى چىڭ گىرەلەشتۈرۈۋالدى . تەيۋەندە كۆز پەسلى ئانچە روشەن بولمايتتى . قىشمۇ كىرىپ قالاي دېدى . ئىش ھەققىنى ئېلىپلا لو ھەدىنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ ، قالغىنىغا بىرەر پەلتو ئېلىۋالغىلى بولارمىكىن ـ تاڭ ؟ مۇستەقىل ياشاشنىڭ نەقەدەر مۇشكۈللۈكىنى ئۇ ئەمدى ھېس قىلماقتا . ئىلگىرى ئۇ بۇنداق نەرسىلەردىن زادىلا غەم قىلمايتتى . بەلكىم ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا خۇشلۇق ـ خاپىلىقى بولسا كېرەك . ئۇ ئەركىنلىكنى دېگەنكەن چوقۇم بەدەل تۆلىشى كېرەك .

جاپا چەكسىمۇ ، ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى . باش دىرېكتورلا ئۇنىڭ ئىككى قۇر كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىسىلا ، ئۇ ھەركۈنى كىر يۇيۇش ، قۇرۇتۇش دېگەندەك ئاۋارىچىلىقلاردىن قورقمايتتى .

شۇلارنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتقاندا ، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يولىنى توستى . كې ۋېنۋېن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ۋە چىرايى دەرھال ئۆڭدى .

ـــ ماڭا نېمىشقا بۇنداق قارايسىز ؟ بىز ھەرھالدا بىر مەزگىللىك ئەر ـ خوتۇنلارغۇ ؟ ـــ دېدى خې گۇاڭدا سەممىي قىياپەتتە .

ئەپسۇس ، كې ۋېنۋېن ئۇنىڭ ياسالما ، نىقابلانغان بۇ چىرايىنى كۆپ كۆرگەن . ئۆز ۋاقتىدا بۇ رەزىل چىراي ئاشۇنداق نىقابلىنىپ ، ئۇنى نۇرغۇن بەدەل تۆلەتكۈزگەن .

ـــ يولۇمنى توسماي ، بىر چەتكە ئۆتۈڭ ، ـــ دېدى ۋېنۋېن

سوغۇققىنا .
— ۋېنۇبېن مەن ئالايىتەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ . ئىككىمىز ئوبدانىراق پاراڭلىشايلى .
— ئارىمىزدا پاراڭلاشقۇدەك ھېچ ئىش يوق . بار دېگەندىمۇ بەكلا كېچىكتۇق . سىز بۇنى بىلەمسىز ؟
— بىلىمەن ، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن . بىراق سىزگە بولغان مۇھەببىتىمدىن گۇمانلانسىڭىز بولمايدۇ . مەن سىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ، راست .
نېمىدېگەن چىرايلىق سۆزلەر بۇ . بۇ كىشى كىنو چولپىنى بولۇشقا يارايدۇ جۇمۇ !
— ئەگەر ماڭا قىلغانلىرىڭىزنى « مۇھەببەت ، ياخشى كۆرۈش » دەپ قارىسىڭىز ، ئۇنداقتا بىر ئادەمگە ئۆچلۈك قىلغان ۋاقتىڭىزدا قانداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن . بولدىلا ، ئەمدى بۇلارنى دېگەننىڭ پايدىسى يوق . مەن ھازىر نېمە دېسىڭىز ساددىلىق بىلەن ئىشىنىدىغان ، ھەتتا سىز ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان ، بۇرۇنقى گۆدەك ۋېنۇبېن ئەمەسمەن .
— ۋېنۇبېن ، ئەجەبا سىز مېنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ ؟ مېنىڭ كۈنداشلىقىم قاتتىق ، شۇڭا ئاچچىقىمدا . . .
— كۈنداشلىق ؟ . . . مەن سىز كۈنداشلىق قىلغۇدەك نېمە ئىش قىلغان ؟ ماڭا ، « باشقا ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشسىڭىزمۇ كۈنداشلىقىم كېلىدۇ » دېگەندەك باھانىلارنى كۆرسەتمەن دېمەڭ . چۈنكى مەن ئىشەنمەيمەن . خې گۋاڭدا ، بولدى ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماڭ ، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلغان ئەمەس .
— بوپتۇ ، مەن خاتا قىلغان بولاي ، سىز مېنى كەچۈرمەمسىز ؟ مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن . سىزدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق ، — خې گۋاڭدانىڭ چىرايىدا ھەسرەت ئەكس ئېتەتتى .
— سىز « مۇھەببەت » دېگەن سۆزگە داغ تەگكۈزدىڭىز ، — ئۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەشتىن ئۆزىنى قاچۇردى ، — مەن ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

سىزنى نۇرغۇن ، نۇرغۇن قېتىم كەچۈرگەن ، بىراق سىز يۈرىكىمنى بەكمۇ ئېغىر ، چوڭقۇر زىدە قىلدىڭىز ، مەن دېگەن ئادەم ، بەرداشلىق بېرىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ . لېكىن سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئەلەملىرىڭىز بۇ چەكتىن كۆپ ھالقىپ كەتتى .

— ۋېنۋېن ، مەن . . .

— بولدى بەس . سىز بىلەن كوچىدا سوقۇشۇپ يۈرگۈم يوق . مېنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىگىنىڭىزدىن قەتئىينەزەر ، شۇنى ئېنىق دەپ قوياي ، ئەمدى پايدىسى يوق . ئۆتكەنگە سالىۋات . ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە پۈتلىكاشاڭ بولماي ، ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى ، — ئۇ خې گۋاڭدانى يانداپ ئۆتۈپ ، ئىجارىگە ئالغان تۇرالغۇسىغا قاراپ يول ئالدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ، بۇنداق ماڭسا ، خې گۋاڭدا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تۇرالغۇسىنى بىلىۋالاتتى . بىراق ئۇ ، ئەمدى قورقمايدۇ . ھازىر ئۇنىڭ خېلى كۆزى ئېچىلدى ، ئىلگىرىكىدىن تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى .

خې گۋاڭدا تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى . ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپمۇ ماڭمىدى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بىپايان چۆل - جەزىرىدە قۇرۇپ - قاقشال بولۇپ قالغان بىر تۈپ توغراقنى ئەسلىتەتتى .

كې ۋېنۋېن ، ئۆزۈڭچە مەندىن مۇشۇنداقلا قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟ ھا . . . ھا . . . مەن — خې گۋاڭدا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەمگە چوقۇم ئېرىشمەي قويمايمەن ، خەپ توختاپ تۇر . . .

ئۇنىڭ سىپايە چىرايىدا شۇنداق بىر كۈلكە پەيدا بولدىكى ، بۇ كۈلكە بەئەينى پەرىزات قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستىنىڭ ھىجىيىشىدەك ئادەمنىڭ تېنىنى تىكەنلەشتۈرەتتى .

× × ×

كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى يوپۇرماقلارنى دەرەخ شېخىدىن ئاجرىتىپ ، زەرپ بىلەن يەرگە

ئۇراتتى . غۇۋا ئايدىڭدا چى شياۋيىن ئوماق ئىتلىرى بىلەن هويلىدا ئول-تۇراتتى . ئىتلار تىپ - تىنچ هالدا ئۇنى چۆرىدەپ يېتىشاتتى . پەقەت بەي بەيلا بەختىيارلىق ئىلكىدە ئۇنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى . دادىسى تۆگەپ كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك تەنها ، غې-رىپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئەمدى هېس قىلىۋاتاتتى . شۇنچە قىيىن ئىشلارغا يولۇقتى ، هەتتا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ مۇڭداشقۇدەك بى-رەر يېقىن ئادىمىمۇ يوق . ئىتلارغا دەپ بېرەي دېسە ، ئۇلار كۆڭۈل قو-يۇپ ئاڭلايدۇ ، بىراق ئۇنىڭغا تەسەللىي بولغۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ . هەي ! ئۇنىڭ بىرەر ئىچ كۆيەر دوستى بولغان بولسا ، مۇ-شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈپ ، ئىچىنى بوشىتىۋالسا ! . . . ئۇ بۇ يەردىن كېتىپ بىراقلا قۇ-تۇلايمۇ دەپ ئويلىدى . چۈنكى فاڭ فامىلىلىك تەتۈرلۈك قىلىپ داچىنى ئېلىشقا چىڭ تۇرىۋالغاندەك قىلاتتى . بۇ چى شياۋيىننىڭ پات يېقىندا ئۇ-نىڭ ئايالى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئاھ خۇدا ! ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ، ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىردى . بىرەرسى بىلەن مۇهەببەتلىشىپمۇ باقمىغان تۇرسا ، ئۇ قانداقمۇ يات بىر ئەرگە خوتۇن بولۇپ بىللە ياشىيالىسۇن ؟ بىراق ، ئۇ بۇ يەردىن كەتسە ، ۋاڭ ئانىنىڭمۇ بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويار ، ئەمما ئىتلىرى قانداق قىلىدۇ ؟ هېچكىممۇ ئۇلارغا ئۇنىڭدەك كۆيۈنمەيدۇ .

ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن كېچە - كېچىلەپ كىرپىك قاقماي چىق-قاتتى . دادىسىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى جىددىي ، كەم سۆز ، سۈرلۈك چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى . « دادا مېنى راستىنلا پەقەتمۇ ياخشى كۆرمەمتىڭىز ؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئازراقمۇ ئويلاپ قويمىغانسىز ؟ سىز كەتكەندىن كېيىن مەن يەككە يېگانە قالدىم . تېخى مېنى يات بىر ئەرگە تاپشۇرۇپسىز ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ » ئويلاپ - ئويلاپ قەلبى ئازابتىن پۈچۈلىناتتى .

— خېنىم ، كەچ بولۇپ كەتتى . تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ ؟ — ئىشىكتىن ۋاڭ ئانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

www.uyghurkitap.com

چى شياۋيىن بىشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن :

— سىز ئۇخلاۋېرىڭ ، مەن يەنە بىرئاز ئولتۇرىمەن ، — دېدى .

ۋاڭ ئانا ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر يوپايكىنى يېپىنچاقلىتىپ قويۇپ :

— بېگىمنىڭ ۋەسىيەتنامىسى توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتامسىز ؟ — دېدى .

چى شياۋيىن يوپايكىنى تۈزۈشتۈرۈپ يېپىنچاقلىدى ، جاۋاب بەرمىدى .

— خېنىم ، قانچە ئويلانغىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار ، فاڭ ئەپەندى بىر قارارغا كەلسىلا ، جاڭ ئادۋوكات سىزگە خەۋەر قىلىدۇ .

— سىز ئەلۋەتتە تىت ـ تىت بولمايسىز ، چۈنكى ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان ئادەم سىز ئەمەس .

— خېنىم ، سىز . . .

چى شياۋيىن ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى ، ئۇ نېمىشقىمۇ ئۆزىگە شۇنچە ئامراق ۋاڭ ئانىسىغا مۇنداق قوپاللىق قىلىدىغاندۇ !

— ۋاڭ ئانا خاپا بولماڭ ، مەن . . . كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس .

ۋاڭ ئانا چۈشەنىدىم دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى .

قەلبى ئازابقا تولغان چى شياۋيىن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى . يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى .

— ۋاڭ ئانا ، بەلكىم قورقۇۋاتىمەن ، نېمە قىلىشىمنىمۇ بىلمەيلا قالدىم . فاڭ لىفەن مېنى « قەرزلەرنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بولالمايسىز » دەۋاتىدۇ . ئەمما ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايمەن ، — بۇگەپلەرنى چى شياۋيىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئىسەدەپ تۇرۇپ دېدى ، — مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان ، مېنىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بىرى بىلەن توي قىلىشىم كېرەك . مېنىڭ ئاتا ـ ئانامدەك يولدا ماڭغۇم يوق . مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ بەختلىك ئائىلىدە چوڭ

بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن . دادا ! سىز نېمىشقا ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدىڭىز ؟ مەن . . . مەن ئېلىشىپ قالايلا دېدىمغۇ !

ۋاڭ ئانىنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى . ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ :

— بىچارە كىچىككىنە بالىغا نېمە كۆپ تارتقۇلۇق بۇ . خېنىم سىزنىڭ بىئارام بولۇپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان . بىراق ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە يەنە نېمىمۇ قىلارسىز ؟ مەن . . . ئىشىنىمەنكى بېگىمنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئويلىغان تەرەپلىرى باردۇ . فاڭ ئەپەندىمۇ خېلىلا قابىلىيەتلىك ئىكەن . سىلەر ياشلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ، ئىسمى — جىسمىغا لايىق ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ياخشى « نامزات » ، ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ چىڭكەن . بېگىم ئۇنى چوقۇم سىزنى بەختلىك قىلالايدۇ دەپ قارىغان ، شۇڭا . . .

— ھازىرقى زاماندا ھېچ بىر ئادەم ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرمايدۇ . دادام مېنى بەختلىك بولسۇن دېگەن بولسا ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان ، مەن بىلەن بىرگە ياشىغان بولار ئىدى . مۇنداقلا . . . مۇنداقلا كېتىپ قالمايتتى .

دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئېلىشىغا چى شياۋيىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى تېخىمۇ ئاشتى . ۋاڭ ئانىمۇ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى . بىر ھازادىن كېيىن چى شياۋيىن ئېغىز ئېچىپ :

— مەنمۇ ھەممىنى تاشلاپ بۇ يەردىن كېتىشنىمۇ ئويلىدىم . دادامىمۇ مېنى تاشلاپ كەتتىغۇ ؟ مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمىغۇدەكمەن . مەن پەقەت مۇنۇ سۆيۈملۈك ئىنى - سىڭىللىرىمغا چىدىمىدىم ، — دېدى ئۇ ئېڭىشىپ پۇتى يېنىدا ياتقان ئىتلارغا قاراپ .

— بۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ خېنىم ! ھەرگىز بۇنداق قارامىلىق قىلماڭ . سىز تېخى كىچىك ، جەمئىيەتنى ئانچە چۈشەنمەيسىز . تاشقى دۇنيانىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز . مۇبادا راستلا كېتىدىغان بولسىڭىز مەن . . . مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن .

چى شياۋىن ئاچچىق كۈلدى :

— بەلكىم مەنمۇ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن . كىممۇ مېنى كۈن نەچچە ئىت بىلەن بىرگە ئېلىپ قېلىشنى خالىسۇن ؟! بۇ ئىتلارنى مەن ئېلىپ كەلگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ئىللىق ئائىلە ئاتا قىلىپ بوران ـ يامغۇردا قويماسلىقتا ، خەقلەرنىڭ ئۇرۇپ ـ تىللىشىغا تاشلاپ بەرمەسلىككە قەسەم قىلغان ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىم بار .

— فاك ئەپەندى ، ئۇ . . .

— ئەگەر ئۇ ئىتلىرىم بىلەن بىرگە تۇرۇشۇمغا قوشۇلمىسا ، ماڭا بۇ جايدىن كېتىشتىن باشقا يول قالمايدۇ . بىراق ، مېنىڭچە ئۇ بۇ داچا ئۈچۈن بولسىمۇ ، بەك زىغىرلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن . ھەتتا قانداق كىشىنىڭ ئۆزىگە خوتۇن بولۇشىنىمۇ ئىرەن قىلمىغان يەردە ، بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئەلۋەتتە پەرۋا قىلماس .

ۋاڭ ئانا قايرىلىپ چى قورۇسىغا نەزەر تاشلىدى . داچا ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ ، ئەمما بەكمۇ كونا ئىدى ، ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە : « زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ ، فاك ئەپەندى بۇ داچىنى سېتىۋېلىپ نېمىمۇ قىلىدىغاندۇ ؟ توۋا ، داچىنىڭ بىر يەرلىرىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار يوشۇرۇپ قويۇلغانمىكىنە ؟ ئۇنداق بولمىسا ئۇ شۇنچىۋالا بايلىقى بىلەن ھەر قانداق ئۆينى سېتىۋالالايدىغۇ » دەپ ئويلىدى . چى شياۋىننىڭ كۆڭلىدىمۇ ئوخشاشلا چېگىش خىياللار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . « ھېچ چۈشەنمىدىم ، فاك لىفەن نېمىدەپ بۇ داچىنى ئالماقچى بولۇپ قالغاندۇ ؟ » ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . ئاھ تەڭرىم ! قارار چىقىرىدىغان ئادەم فاك لىفەن بولماي ، ئۇ ئۆزى بولۇپ قالغان بولسىچۇ !

× × ×

— كې كاتىپ ! سىزگە زادى نېمە بولدى ؟ شۇنچە دېسەم نېمىشقا ئاڭلىمايدىغانسىز . قاراپ بېقىڭا ئۇرغان خەتلىرىڭىزگە ، نەچچە

خەتنى خاتا ئۇرۇپسىز، پەقەتلا كۆڭۈل قويماي ۋاتىسىز، ئۆزىڭىز بۇ يەردە بولغان بىلەن خىيالىڭىز باشقا جايدا.

جۇ ۋېيمىننىڭ بۇ گېپى ۋېنۋېننى خىيال دەرياسىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ نېمىدەپ ئىشخانىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ؟... ھەممىسى خې گۋاڭدانىڭ كاساپىتى، ئۇ يەنە كېلىپ ۋېنۋېننىڭ ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن تۇرمۇشىنى ئېلىشتۇرمىسا بولاتتى.

ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. چۈنكى خې گۋاڭدانىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆزلىرى... توغرا، ئۇنىڭ كۆزى — ئۇ باش ئېگىپ تۇرۇپ ۋېنۋېندىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندا، ئوغرى كۆزلىرى باشقىچە مەنىدە چاقناپ كەتكەن. بۇ قاراشلىرىدىن ۋېنۋېننى ئاسانلىقچە بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى.

— كې كاتىپ، بىرەر ئىچ پۇشۇقىڭىز بارمۇ ـ قانداق؟

كې ۋېنۋېن ئالاقزادىلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، جۇ ۋېيمىننىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بايقىدى. خىجىل بولغىنىدىن ۋىللىدە قىزىرىپ ئىتتىك بېشىنى چايقىدى.

— بىرەر ئىچ پۇشۇقىڭىز بولمىسا، بۈنچە كۆپ خەتنى خاتا ئۇرامتىڭىز؟ خەت ئۇرۇشتا سەۋىيىڭىز خېلى ياخشى بولۇپ قالغانتىغۇ.

— مەن... — ۋېنۋېن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى زادىلا بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ راستىلا ئىش پۇشۇقى بار. بىراق بۇنى قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن؟

— ئەگەر ماڭا دېگۈڭىز كەلمىسە، نېمىشقا لو ھەدىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ باقمايسىز؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ پوزىيىسىيىسى بىردىنلا يۇمشاپ قالدى ھەم يېقىملىقىنا كۈلۈپ قويدى، — بىرەر خاپىلىق بولسا، دائىم ئىچىگە سىلىپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس. بىرەر ئادەم تېپىپ ھال ـ مۇڭ بولسىڭىز ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ. دەم ئېلىش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، بولدى دەم ئېلىڭ، ئىشنى چۈشتىن كېيىن قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھە،

توغرا ،لو ھەدىگە دېگۈڭىز كەلمسە ، ماڭا دەڭ . گەرچە بىز بىر - بىر-
مىزنى ئۇبدان چۈشەنمسەكمۇ ، دەردىڭىزنى تۆكۈۋالسىڭىز بىرئاز يېنىك-
لەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن . ئادەتتە مەن ، بىرئاز كوت - كوت بولغىنىم بى-
لەن بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىزمۇ سىرتلارغا كۆتۈرۈپ يۈرمەيمەن ، —
جۇ ۋېيمىن سۆزىنى تۈگىتىپ ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا ئۆز
ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى .

كې ۋېنۋېن ئىشخانىدىن چىقىپ ، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ-
نىڭ باشقا ھەر قانداق ئادەمگە ،ھەتتا لو يايىغىمۇ بۇ ئىشلارنى دېگۈسى
يوق ئىدى . نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئۇنىڭ شەخسى ئىشى ھەم بىر ئۇيات-
لىق ئىش . يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ ئۆيلىگەنلىرىنىڭ ئارتۇقچە بىر گۇمان
بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . بەلكىم خې گۇاڭدا ئۇنى قايتا پاراكەندە
قىلماس ، شۇنداق بولغاندا ، ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش بولمايتتى .

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋېتىپ ، قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر
ئادەمگە سوقۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ بېشىنى كۆتۈردى :

— كەچۈرۈڭ ، مەن . . . — ئۇ دەيدىغان گېپىنى ئۇنتۇپ كۆز-
لىرىنى يوغان ئېچىپ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى .

ھېلىقى ئادەممۇ تارتىنماستىن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇۋېتىپ ،
ئاندىن غەلىتە بىر جىلمىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن
ۋېنۋېننىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى .

ئۇ ئېسىگە كېلىپ ، كېتىۋاتقان بىر قىزنى توختاتتى :

— ئۇ . . . بىلەمسىز ، ئۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يىراقلاپ
كېتىۋاتقان ئادەمنى كۆرسىتىپ .

— ھە ، ئۇمۇ ؟ يېڭىدىن كەلگەن خىزمەتچى ، بۈگۈن ئىشقا
چۈشتى . نېمە بولدى ؟ بىرەر ئىش بارمىدى ، كې خېنىم !

— ھە ، يوق ، ھېچ ئىش يوق . رەھمەت سىزگە .

ئۇ تاماققا بارماي ، ئۇدۇل ئىشخانىغا قايتىپ كىردى . جۇ ۋېيمىن
ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا :

— تاماق يېگىلى ماڭغاندىڭىزغۇ ؟ نېمىشقا شۇنچە تېز قايتىپ

كـىردىڭىز ؟ چىرايىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدۇ ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟ دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ ـ يە ! ــ دەپ سورىدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

ــ ياق ، ھېچنېمە بولمىدىم . راست ، چۈشتىن كېيىن رۇخسەت سورايمىكىن دېۋىدىم ، بولامدۇ ؟ ــ دېدى ئۇ ئالمان ـ تالمان .

جـۇ ۋېيمىن ئىنتايىن ھەيران قالدى . لېكىن بىشىنى لىڭشىتىپ :

ــ ئەلـۋەتتە بولىدۇ . قارىغاندا راستتىنلا مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ . بىرەرسى ئاپىرىپ قويسۇنمۇ ؟

ــ ھـاجىتى يوق . رەھمەت سىزگە ، ــ ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئىشخانىدا يالغۇز قالغان جۇ ۋېيمىن چوڭقۇر ئويغا چۆمگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .

ئىشخانا بىناسىدىن چىققان ۋېنۋېنغا ، قارشى تەرەپتىن ئۇرۇلغان سالقىن شامال خېلىلا ئاراملىق بەخش ئەتتى . « ئاھ خۇدا ، بۇ شۇنداقلا تـاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشمۇ ؟ ياق ! ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇلارنىڭ ھـەرگىزمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ ؟ خې گـۋاڭدا دېگەن ئەبلەخ بۇ يەرگە ئادەم كىرگۈزگەنمىدۇ ؟ ئاچاڭ ئۇنىڭ قول چوماقچىسى . ۋېنۋېن ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ، خې گۋاڭدانىڭ بۇ ئەبلەخنى بۇ يەرگە كىرگۈزۈشى ۋېنۋېن ئۈچۈنمىدۇ ؟ نېمە ئىش بۇ ؟ ۋېنۋېن خې گۋاڭدانىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك شۇنداق قـىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ . ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويىۋەتمەي قىينايدىغاندۇ ؟

ئۇ خىيال بىلەن مېڭىپ ئاپتوبۇس بېكىتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى . زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟ قېچىپ كەتسۇنمۇ ـ يا ؟ قېچىپ نەگىمۇ بارالايدۇ

× × ×

ــ باش مۇدىر ئىشخانىسى فاڭ لىفەننىڭ چىرايى ھازىرلا يامغۇر تۆكۈۋېتىدىغان ئاسماندەك تۇتۇق .

لو يايى سائىتىگە قارىدى . ئەمدى تۆت بوپتۇ . ۋاقىت نېمانچە ئاستا ئۆتىدىغاندۇ ؟ بولۇپمۇ بۈگۈن شۇنداق . ئۇ باش مۇدىرىنىڭ بۇنداق تۇرقىنى ھېچقاچان كۆرمىگەن . ئۇنىڭ قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى بۈگۈن جۇدۇنلۇق ھاۋادەك تۇتۇلغان . بۈگۈن ھېچكىممۇ ئۇ-نىڭغا چىش يېرىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . كىمدۇ بىرى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى . بەلكىم ئۇ ئادەم تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ ، زەرپ بىلەن يەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن قور-قۇپ ھوشىدىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ھەي ، ئۇنىڭ ئىشخانىدا بۇ باشلىققا قاراپ ئولتۇرغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . ئۇ خۇددى ھەيۋەت بىلەن خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاس ئالدىدىكى بىچارە تۇشقاندەك ، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبا ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قورقتى ، ئارامسىزلاندى . ئەگەر ھەر كۈنى كۈن مۇشۇنداق قورقۇنچ ئى-چىدە ئۆتىدىغان بولسا ، ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىش ھەققى بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھەرگىز ئىشلىمەيدۇ . ئاجايىپ ئىش ، زادى قانداق ئىش بۇ خوجايىنىنى شۇنچە تېرىكتۈرۈۋەتتىكىنە ؟ سودىدا كېلىشەلمەي قالغان-مىدۇ ؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ بىلمەي قالمايتتى . ئۇنداقتا ھېسسىيات مەسىلىسىمۇ ؟ بۇنداق دېيىش تولىمۇ بىمەنىلىك . بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئە-مەس . چۈنكى فاڭ لىفەننىڭ ھەرقانداق بىر ئايال بىلەن ئۇزاق ۋاقىت مۇناسىۋەتتە بولالمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ .

ئۇ خېلى ئۇزۇن خىيال سۈرۈۋىدى . ئەمدى ئۈچ مىنۇت ئۆتۈپتۇ ئۇ يېنىك بىر ئۇھ تارتاي دەپ تۇرۇۋىشىغا ، جۇ ۋېيمىن خۇددى بوراندەك كىرىپ كەلدى .

لو يايى خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى . ئاخىر . . . ئاخىر ئۇنى قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار كىرىپ كەلدى . قارىغاندا ئۇ بال-دۇرراق ئىشتىن چۈشىدىغان ئوخشايدۇ . دېگەندەك فاڭ لىفەن :

— قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ . باشقا ئىشمۇ يوق ، — دېدى .

لو يايى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ جۇ ۋېيمىنگە :

— سىز ئىشتىن چۈشۈپ ۋېنۋېننى يوقلاپ كەلسىڭىز قانداق ،

ئۆزۈم بارماقچىدىم . بىراق بۇگۈن قېيناناملىڭ تۇغۇلغان كۈنى . تەب-
رىكلەش مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ بارمىسام بولمايدۇ .
جۇ ۋېيمىن بېشىنى لىڭشىتىپ ، قولى بىلەن ئۇنى كېتىۋېرىشكە
ئىشارەت قىلدى . ئاندىن بىردىنلا جىددىي ھالدا :
— زادى نېمە بولدى ؟ بۇ بىناغا بىرى پارتلاتقۇچ دورىسى قويۇپ
قويغاندەك ، خادىملارنىڭ ھەممىسى سىرتتا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ .
— ئۇلارنىڭ غېمى يوق ، قىلىدىغان ئىشى يوق شۇنداق قىلى-
شىدۇ .
— سەن ئىشنى بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭ . لو يايىنىڭ تۇرقىنى
كۆرمىدىڭمۇ ؟ « ئىشتىن چۈشسىڭىز بولىدۇ » دېگەن گېپىڭنى ئاڭلاپ ،
ئۇ خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى بىردىنلا ئالاھىدە كە-
چۈرۈمگە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . زادى نېمە ئىش
بولدى ؟ — دېدى .
— جاڭ ئادۋوكات تېلېفون بېرىپ يەنە سۆيلەۋاتىدۇ . بۇنچە
ئالدىرىتىپ نېمە قىلىدىغاندۇ . ئاناڭنى . . . — فاڭ لىفەن زەردە بىلەن
جوزىنى مۇشتلىدى .
— ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئىشىنى بىجىرىدىغان ئادەم . ۋاقىت توش-
قاندىن كېيىن ئەلۋەتتە سۆيلەيدۇ ــ دە . بۇنداق دېسەم رەنجىپ قالما ،
ساڭا تەنبىھ بەرگىنىم ئەمەس ، ئۆزۈڭنى بۇنچە قىيناپ نېمە قىلىسەن ؟
داچىنى قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ . ئويلانغۇدەك نېمىسى بار ؟ ئاغىنە ! بىر
ئايالغا باغلىنىپ قېلىش سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىشمۇ
ئەمەس . چى خېنىممۇ ئىنتايىن چىرايلىق ، بولىدىغان قىزكەنغۇ . سەنمۇ
ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ سەسكىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرمايسەن .
— ئۇنى ئەسلا تونۇمايدىغان تۇرسام . . .
— ئۇمۇ سېنى تونۇمايدىغۇ . دېسەم ــ دېمىسەم ئۇ سەندىنمۇ
بەكرەك قورقۇۋاتىدىغاندۇ .
— مېنى قورقتى دەپ قالدىڭمۇ .
— ئۇنداقتا ياخشىغۇ ، ئويلانغۇدەك ھېچ ئىش قالماپتۇ ئەمەسە .

قەيسەرلىك چاقناپ تۇرغان بىرجۈپ كۆز فاڭ لىفەننىڭ كۆز ئال-دىغا كەلدى . ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مەغرۇرلۇق ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان شەھلا كۆزلەر ئۇنى چەكسىز مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. بىراق بۇلارنى فاڭ لىفەن شەخسىيەتچىلىكى ، بوينى قاتتىقلىقى توپەيلى يوققا چىقىرىۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قىز ئۈچۈن شۇنچە كۆپ باش قا-تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ قورقۇپ كەتتى . ئۇمۇ ئاز بەدەل تۆلە-مەيۋاتىدىغۇ . نېمىشقا خىجالەت بولىدۇ ، ياش پەرقى ئۈچۈنمۇ . ئۇ ، ئۇ قىزدىن ئازغىنا كەم 10 ياش چوڭ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر ـ بىرىگە تامامەن يات . تېخى تونۇگۈن كۆرۈشۈپ ، بۈگۈن توي قىلىش قارارىنى چىقارسا ، ھەي . . . بىرئاز كۈلكىلىك تۇيۇلماقتا . قىزنىڭ ئالدىدا تونۇ-گۈن گىدىيىۋېلىپ ، بۈگۈن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش قارارىنى چىقىرىشقا ئۇنىڭ يۈزى چىدىمايۋاتاتتى . ئاھ خۇدا ، ئەجەبا ئۇ چى شياۋيىننى ياخشى كۆنگە ئېرىشتۈرەلمەسمۇ ؟

ـــ نېمە ئويلاۋاتىسەن ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدىڭغۇ ، ـــ دېدى جۇ ۋېيمىن نارازى بولۇپ .

فاڭ لىفەن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ ئاستاغىنە :

ـــ جاڭ ئادۋوكاتقا تېلېفون بېرىپ ، چى گوخاۋنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوي . قالغان ئىشلارنى ئۇ-نىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن ، ـــ دېدى .

ـــ بارىكاللا ! راستلا توي ھارىقى ئىچىدىكەنمىز ـ دە . ئاغىنە ، مەنمۇ سېنىڭ ساياڭدا بىر يەڭگىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇم .

ـــ خاپا بولماي بۇ ئىشنى چى شياۋيىنغىمۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇق-تۇرۇپ قويغىن .

ـــ بۇنداق قىلساق تازا ياخشى بولماسمىكىن . بۇنداق ئىشنى ئۆ-زۈڭ . . . ـــ جۇ ۋېيمىن تەڭلىكتە قالدى .

ـــ ياخشى بولمىغۇدەك نېمىسى بار . بېرىپ دەپ قويساڭ بولىۋې-رىدۇ . ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ، ـــ دېدى فاڭ لىفەن قەتئىي ھالدا .

ـــ بولىدۇ . بولغۇلۇق ماڭا بولىدىغۇ ئەمدى . توي قىلىدىغان ئادەم

مەن بولمسام، جىمى ئىش ماڭا قالدى.

جۇ ۋېيمىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ كې ۋېنۋېننى يوقلاپ بارىدىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. قانداق زامان بوپكەتتى بۇ؟ خەقنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىشلەتكىلى تۇرىدۇ. خۇددى ئۇ ھەممە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋېتىدىغاندەك. كونىلارنىڭ «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ، ئۇ دۇنيادا سوراق ـ سوئالغا قالىسەن» دېگىنى شۇدە. قارىغاندا ئۇ بەكلا ئاق كۆڭۈل بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

فاڭ لىفەن قارار چىقىرىپ بولۇپمۇ، ئۆزىنى قىلچىلىك يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلمايۋاتاتتى. كۆڭلىدە ھەممىنى بىراقلا دوتىككەنگە ئوخشمايدىغان بىر خىل تۈيغۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇنداق زىددىيەتلىك ھالىتىنى ئۇ بىرەر ئورۇنلۇق سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

× × ×

ئىشىك چېكىلگەن چاغدا كې ۋېنۋېن بوگۇن خې گۇاڭدانىڭ قول چوماقچىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى. شۇڭلاشقىمكىن ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىشىككە قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن ئىككىلىنىپ تۇردى. ئىشىك بىرقانچە قېتىم چېكىلگەندە ئاندىن غەيرەتكە كېلىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا سورىدى:

— كىم... كىم ئۇ؟

— مەن، جۇ ۋېيمىن.

ئۇ شۇندىلا يېنىك تىن ئالدى. بىرئاز خۇشالمۇ بولدى. بۇ بەلكىم بەكلا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك. ئىشىكنى ئالدىغا كەلگەن ئادەم خې گۇاڭدادىن باشقا ھەرقانداق ئادەم بولسا ئۇ خۇشال بولاتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

— باش دىرېكتور! سىز قانداق بولۇپ...

— بۇ يەر شىركەت بولمىغاندىكىن ، ئۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئىسمىمنى ئاتاۋېرىڭ ياكى لوھەدىكە ئوخشاش شىياۋجۇ دەپ چاقىرىڭ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ، ئاندىن توخۇ كاتەكتەك بۇ كىچىك ئۆيگە كىرىپلا تارتىنماستىن ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى .

— خاپا بولماي بىر پىيالە چاي بەرگەن بولسىڭىز ، باپكانىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا قاتراپ ھېچ ھالىم قالمىدى .

كې ۋېنۋېن دەرھال بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى .

— ناھايىتى خىجىلمەن ، قايناقسۇلا باركەن .

— قايناق سۇ بولسا تېخى ياخشى ، — ئۇ چاينى بىر سومۇرۇپلا ئىچىپ بولدى ، ئاندىن ئۆيگە بىرقۇر سەپسېلىپ چىقىپ :

— ئۆيىڭىز كىچىكرەكمۇ ـ قانداق ؟ — دەپ سورىدى .

كې ۋېنۋېن ئۆكۈپ گەپ قىلماستىن يەرگە قارىۋالدى .

جۇ ۋېيمىن خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ ئۇھ تارتتى :

— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ، ئۆزىڭىزنى قاچۇرماي ، مېنىمۇ دوستىڭىز قاتارىدا كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

كې ۋېنۋېن ئاخىر :

— مەن . . . مەن ھازىر مۇشۇنداق ئۆيدىلا ئولتۇرالايمەن ، — دېدى .

— ئىش ھەققىڭىز تۆۋەن ئەمەسقۇ ؟

— ئىش ھەققىمۇ تۆۋەن ئەمەس . . . ئىشنى ئەمدىلا باشلاۋاتىمەن . خۇرجۇندا بىر پۇلنىڭ تاغاردا بىر دەردى بار دېگەندەك ، پۇل خەجلەيدىغان ئىشلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، تېجەپرەك ئىشلىتەي دېدىم . ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ، بىر گەپ بولار ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ .

— نېمىشقا شىركەتتىن قەرز ئېلىپ تۇرمايسىز ؟

— ياق ! مەن . . . مەن سىز ۋە لو ھەدەمنىڭ ياردىمىدە مۇشۇنداق ياخشى خىزمەتكە ئېرىشتىم . دۆتلۈكۈمدىن ھازىرغىچە ئۆز ۋە-

زىپەمنى بىرەر قېتىم كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ باقمىدىم. بۇنىڭدىن تو-لىمۇ خىجىلمەن. يەنە قايسى يۈزۈم بىلەن شىركەتتىن قەرز ئالىمەن.

— بۇ ئىككىسى ئىش ئەمەسمۇ؟

ئۇ يەنىلا بېشىنى چايقىدى.

جۇ ۋېيمىننىڭ توساتتىن ئۇ قىزغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇ قىز نامرات بولسىمۇ خاراكتېرى بەك كۈچلۈك ئىدى. جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ شىشىدەك سۈزۈك ئەمما يادىڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئىختىيارسىز نامەلۇم ئىسسىق ئېقىم «شۇر» قىلىپ پۈتۈن بەدىنىگە تارالغاندەك بولۇپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. «بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەر كۈنى يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ شۇنچە لاتاپەتلىك ئىكەنلىكىگە ئەجەب زەن قويماپتىمەن ـ ھە!»

— نېمە بولدى، باش دىرېكتور؟ — سورىدى ۋېنۋېن ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويۇپ.

— ھە، ھېچنېمە، — جۇ ۋېيمىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — بۈگۈن چىرايىڭىز ئۇسال ھالدا كەتتىڭىز، لو ھەدىڭىز بەكمۇ ئەنسىرىدى. ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغاچقا سىزنى يوقلاپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلغانىدى. قانداقراق تۇرىسىز؟ بىرئاز ياخشى بو-لۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— بۇنچە ئەنسىرىگۈدەك ئىشقۇ يوق ئىدى. سىزنى ئاۋارە قىلغان-لىقىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن.

— كەيپىياتىڭىز تازا ياخشى ئەمەسقۇ؟ — جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالدى، — بىرەر كېسەللىكىڭىز يوقتۇ. بىراق كېسىپ ئېيت-تالايمەنكى، سىز چوقۇم بىر ئىشقا يولۇقتىڭىز، نېمىشقا بىزگە دېمەيسىز. بەلكىم ياردەم قىلالىشىمىز مۇمكىنغۇ؟

— بۇ دېگەن شەخسى ئىشىم، باشقىلارنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، — دېدى ئۇ. چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

— لېكىن، ئەمەلىيەتتە سىز ئاۋارە قىلدىڭىز، تېخى شىركەتنىڭ ئىشىغىمۇ دەخلى يەتكۈزدىڭىز. ئەجەبا، بۇنى تېخىچە سەزمىدىڭىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com

جۇ ۋېيمىن ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنچە قوپال گەپلەرنى دەۋەتكىنىنى بىلمەي قالدى. ئىشقىلىپ ئۇ ۋېنۋېننىڭ بۇنداق ئوسال، تەشۋىشلىك چىرايىنى كۆرۈشتىن بىزار بولماقتا ئىدى.

— مەن... مەن ئەتەي شۇنداق قىلمىدىم، راستلا، — دېدى ۋېنۋېن ئازابلانغان ھالدا.

— بۇنى بىلىمەن. بىراق بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز بولمايدۇ - دە. كىچىككىرەك خاتالىقلارنىڭمۇ تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر چوڭراق خاتالىق كۆرۈلۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇنداق كۆڭۈل جايىدا ئەمەس تۇرۇپ قىلغان ھەرقانداق ئىش ناھايىتى خەتەرلىك...

— كەچۈرۈڭ... كەچۈرۈڭ! — ۋېنۋېن توساتتىن ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋارقىراپ كەتتى، — مېنىڭمۇ بۇنداق قىلغۇم يوق، بىراق مەن بەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. دەردى - ھالىمنى كىمگىمۇ ئېيتىمەن، ماڭا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ. ھەممىسى ئۇنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. مېنى قىستىماڭ، بولدى قىستاۋەرمەڭ...

ئۇنىڭ مۇشتۇمى مەھكەم تۈگۈلگەنىدى. كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

جۇ ۋېيمىن بىر پەس تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى باغرىغا باستى.

— بولدى، بولدى يىغلىماڭ، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم. سىزنى مەجبۇرلىماسلىقىم كېرەك ئىدى. دېگۈڭىز كەلمىسە، بوپتۇ، دېمەيلا قويۇڭ يىغلىماڭ ماقۇلمۇ؟

— مەن... مەن ئېنىتالمايدىن دۆت. ھېچنەرسىنى ئۆگىنەلمىدىم، — دېدى ئۇ ئېسەدىگىنىچە.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن قېتىرقىنىپ ئۆگەتمىدىم.

— مەن بەكلا توخۇ يۈرەك، قورقۇشتىن باشقىنى بىلمەيمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىز ئىنتايىن قەيسەر، باتۇر.

كۆڭلۈمنى ياساپ قويۇۋاتىسىز. ھېچكىم مېنى بۇنداق دەپ باق-

مىغان . سىز چوقۇم مېنى ئالداۋاتىسىز .
— راست دەۋاتىمەن . ماڭا ئىشىنىڭ .
ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا يېپىشقىنىچە ، ئىختىيارسىز هالدا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى . ۋېنۋېن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى .
جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا ئىچى كۆيگەن هالدا جىمجىت قاراپ قويدى . « هەي ، ۋېنۋېن بەكلا قورقۇپ كەتكەچكە ، بىرەر قېتىم قېنىپ ئۇخلىماپتۇ . مانا ئەمدى بىرئاز يەڭگىللىگەندەك بولۇپ ئۇخلاپ قالدى » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .
جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۈستىگە يوتقاننى يېپىپ قويدى . ئاندىن ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر مېهىر بىلەن قارىدى . « سەن تولۇقتىكى جۇ ۋېيمىن » ئۇ قەلبىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلدى ـ دە ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

× × ×

كې ۋېنۋېن زورىغا كۆزىنى ئاچتى . نېمانچە تېز ، كۈن يورۇپلا كېتىپتىغۇ . ئۇ ياستۇقنى قۇچاقلىغىنىچە ئىسسىق يوتقاندىن مېهرىنى ئۈزەلمەي هۇرۇنلۇق قىلىپ ئازراق يېتىۋالماقچى بولدى . ئىشقىلىپ تۈنۈگۈن بىر كۆڭۈلسىز كۈن بولدى .
— تۈنۈگۈن . . . ئۇ توساتتىن خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . ئاغزى بولسا كاماردەك ئېچىلىپلا قالدى .
جۇ ۋېيمىن ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن . . . ئاندىن . . . ۋاي خۇدايىمەم ! ئۇ بىرەر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغانمىدۇ ؟ خەقنىڭ كۆزىچىلا ئۇخلاپ قالغان بولسا هە . . . ياكى هوشىدىن كەتكەنمىدۇ . . . بولمىسا ، جۇ ۋېيمىنىنىڭ قانداق ۋاقىتتا كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالارمىدى ؟
ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . ئۇ ئۆزىنى سەگىتىشكە ، تۈنۈگۈن زادى قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلەشكە تىرىشتى . تولا

ئۇيلاپ بىشىمۇ ئاغرىپ كەتتى . بىراق ھېچنەرسىنى ئېسىگە كەلتۈرەل-
مىدى .

نىمە ئىش بولغاندۇ ، ئۇ ھاراق ئىچمىگەنغۇ ، شۇنچە قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنمىدۇ . جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش پۇشۇقىڭىز بار ئوخشايدۇ ، دېگەن ، بىراق ئۇنىڭ دەپ بەرگۈسى كەلمىگەن ئاندىن . . . كېيىنكى ئىشلار زادىلا ئېسىدە يوق .

پەرۋەردىگار ! ئۇ ئەمدى جۇ ۋېيمىننىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ ؟ ئۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بوزەك قىلدىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمايدۇ . بىراق ئۇيقۇلۇقتا ئۇنىڭغا نىمىلەرنى دەپ ، قانداق ئىشلارنى قىلىپ قويدىمىكىن ! نىمىدىگەن سەتچىلىك بۇ ، ئۇيات ! ئۇ گاھ قېتىپ تۇرۇپ قىلىپ ، گاھ تىت - تىت بولۇپ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى . ئۇ سائەتكە قاراپلا چۆچۈپ كەتتى . سا-ئەت سەككىزگە ئاز قاپتۇ . كۆڭلى شۇنچە پاراكەندە ھەم غەش بولسىمۇ ئۇ ئادەتتى بويىچە كىيىملەرنى يەڭگۈشلەپ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى .

ئۇ قورقۇدەك بىرەر ئىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىگە شەكسىز ئى-شەنسىمۇ ، ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ ، ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتاتتى . گەرچە ئۇ قايرىلىپ قارىمايمۇ ، ئۇن نەچچە جۈپ كۆزدىن كېلىۋاتقان ھارارەتنى سېزىپ تۇراتتى .

دەل شۇ چاغدا ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . جۇ ۋېيمىن ئۇ-نىڭغا ھەيرانلىق بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاندىن كەم كۆرۈ-لىدىغان يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن :

— مەن تېخى سىزنى ، نىمىشقا مۇشۇ ۋاقىتچە ئىشقا كەلمەيدى-غاندۇ دەپ ئويلاپ تۇراتتىم . قېنى كىرىڭ ، مەن سىزگە موھتاج ، — دېدى .

كې ۋېنۋېن نىمە ئۈچۈندۇر شەلپەردەك قىززىرىپ كەتتى . بۇ جۇ ۋېيمىننىڭ ھەمىشە ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزىغۇ . ھەمدە ئادەم ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن . ئۇنىڭ مۇشۇ گېپى ئۈچۈن قىزىرىپ كېتىش-

نىڭ نېمە ھاجىتى .
ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ ، بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇۋىشىغا ، جۇ ۋېيمىن ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى .
— تونۇگۇن ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ ؟ — ئۇنىڭ كۈلكىسى غەلىتىرەك تۇيۇلۇپ ، كې ۋېنۋېننىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئالدى .
— شۇنداق ھەر ھالدا ياخشى .
جۇ ۋېيمىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— قىزارسىڭىز قىزىل گۈلدىن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز .
— باش دىرېكتور ، سىز . . .
— ئىسمىمنى چاقىرىڭ !
ۋېنۋېن بېشىنى چايقىدى . جۇ ۋېيمىن مۈرىسىنى قىسىپ قويدى :
— بوپتۇ ئەمىسە ، باش دىرېكتور دەپ چاقىرىۋېرىڭ ،گېپىڭىزگە جاۋاب بېرەمدىكەنمەن قېنى ، شۇ چاغدا كۆرۈۋالىمىز .
— سىز . . . سىز ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسىز ؟
— مېنى تەھدىت سالدىڭ ، دەيدىغانغا نېمە ئاساسىڭىز بار ؟ — دېدى ئۇ « مۇتتەھەملىك » بىلەن .
— تونۇگۇن ـ تونۇگۇن مەن . . .
— تېخى ئىسمىمنى چاقىرمىدىڭىز جۇمۇ
ۋېنۋېن ناھايىتى جىلە بولدى . بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ، ھەدىسىلا ئۇنى جىلە قىلىپ جېنىغا تېگىدىغۇ . ئەجەبا ، تونۇگۇن ۋېنۋېن راستتىنلا بىرەر ئىش قىلىپ قويغانمىدۇ ؟
— چاقىرىپ بېقىڭا ، ناھايىتى ئاسانغۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ تۇرۇپ .
ۋېنۋېن خېلى بىر ھازا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى
— جۇ ـ ۋېيمىن . . .
ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك سىلىق ، زىل بولۇپ ، جۇ ۋېيمىنغا نا-

ھايتى يېقىملىق ئاڭلاندى .

— مانا شۇنچىلىك ئاسان گەپقۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ تارتىنىپ خىجىل بولۇپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ ، — سىز بەك ساددىكەنسىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ بولدى ئىچىمنى ئاغرىتىپ بۇنداق تۇرۇۋەرمەڭ . تۈنۈگۈن سىز ھارغىنلىقتا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا ئۇخلاپ قالدىڭىز . مەن ئويغىتىشقا ئۇنىمىدىم ، بۇ ئارامدا ئىش يوق ، — ئۆيگە قايتىپ كەتتىم . باشقا ھېچ ئىش بولمىدى .

— بىراق ئويغانسام كارىۋاتتا يېتىپتىمەن ، — دېدى ۋېنۋېن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— ھە ؟ بەلكىم كېچىدە ئۆزىڭىز كارىۋاتقا چىقىۋالغانسىز . ئۇمۇ بىر خىل قابىلىيەت دەڭا .

— شۇنداقمۇ ، ھېچ ئىش ئېسىمدە يوق . مەن بىرەر نەرسە دەپ ، بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن ؟ — دېدى ۋېنۋېن تەشۋىشلىنىپ .

— ياق . ماڭا « زوراۋانلىق » قىلمىدىڭىز ، — دېدى جۇ ۋېيمىن چاقچاق قىلىپ كۈلۈپ ، — بىراق شۇنداق ئويغا كېلىپ قالسىڭىز ، مالال كۆرمەي ماڭا ھايت دەۋېتىڭ ، مەن چوقۇم ئۇبدان ماسلىشىمەن .

ۋېنۋېن قولىدىكى سومكىنى جۇ ۋېيمىنىنىڭ بېشىغا ئاتقىلى تاس قالدى . لېكىن ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇ ، ئۇنىڭ باشلىقى . يەرگە قاراپ قىزىرىپ – بوزىرىپ تۇرۇشتىن باشقا ئۇ نېمىمۇ قىلالايتتى .

— پەرۋەردىگار ! مەن يۈزىڭىز قىزارغان ھالدا يەرگە قارىغان مۇشۇ تۇرقىڭىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن . بولدى . خىزمىتىمىزگە كېلەيلى . بۈگۈن بىجىرىدىغان ئىش ئاز ئەمەس جۇمۇ .

ۋېنۋېن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھومايدى . ئاشۇ غەزەپلىك كۆز نۇرىنىڭ ، ھېچبولمىغاندا جۇ ۋېيمىنىنىڭ دۈمبىسىنى كۆيدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى . بۇ ئەر تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىكەن . ھەتتا شۇنچە يىل بىرگە ئىشلىگەن لو ھەدەممۇ ئۇنى چۈشىنەلمىگەن يەردە . ماڭا ئوخشاش خىزمەتكە كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان بىر كاتىپنىڭ ، ئۇنى چۈشىنىشىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن .

كې ۋېنۋېن توساتتىن باش قاتۇرىدىغان بىر مۇنچە ئىشلىرى بار-
لىقىنى ، يەنى خې گۇاڭدا ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىسىنى ئېسىگە ئالدى .
شۇنداق تۇرۇقلۇق بايا جۇ ۋېيمىن بىلەن قۇرۇق گەپ ساتتى .
ھەي ! ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدىكىنە .

## 5

ئۇ قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى زەردە بىلەن يەرگە ئاتماقتا . چى
شىياۋيىن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، يىغلاپ ـ قاقشاپ ئاۋارە بولماي ، مۇ-
شۇنداق نەرسىلەرنى بۇزۇش ـ چېقىش بىلەن ئىچىدىكى ئاچچىقىنى چى-
قىرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئىشقىلىپ بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئەمدى فاڭ لىفەن دېگەن مۇتتەھەمگە مەنسۇپ ، ئۇنىڭ نېمە كارى ؟
فاڭ لىفەننىڭ ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىگە چى
شىياۋيىننىڭ تېخىچە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى . ئەجەبا ، مۇشۇ نامرات
داچا ئۇچۇنمۇ ؟ چى شىياۋيىن ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئازار يەپ باقمىغان-
دى . ئۆزىنىڭ بىر سوۋغات بۇيۇمى سۈپىتىدە باشقىلارغا تەۋە بولۇپ
قالغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە فاڭ لىفەن دېگەن
مەنمەنچى ئەبلەخ ھەتتا مۇشۇ قارارغا كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۆز ئاغزى
بىلەن يەتكۈزۈپ قويۇشنىمۇ خالىمىدى . چى شىياۋيىننىڭ ئۇنى بوغۇپ
ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ دەردى چىقمايتتى .
چى شىياۋيىن جۇ . . . جۇ ۋېيمىننىڭ ئۆزىگە ئېچىنغان نەزەردە
قاراپ كەتكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ . ئۇ فاڭ لىفەننىڭ قارارىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن جۇ ۋېيمىنغا فاڭ لىفەنگە ۋەكالەتەن بۇ « خۇش ـ خە-
ۋەرنى » يەتكۈزگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى . ئادەتتە ئۇ قائىدە ـ يو-
سۇنلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى . بىراق جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ
ئاغزىدىن بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىغۇسى باردەك تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاچ-
قىلا ، رەھمەت دەپ قويدى . بەلكىم ئۇ چى شىياۋيىندىن « مەن فاڭ ئە-
پەندىنىڭ ئايالى بولىدىغانلىقىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن »

دېگەن جاۋابنى كۈتكەن بولغىيدى .
فاڭ لىفەننىڭ قارارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، چى شياۋيىننىڭ كەيپىياتىدا زور داۋالغۇش بولدى . ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىگە ئىچىناتتى، ئۆزىنى كەمسىتەتتى . لېكىن ھازىرقى غەزەپ ۋە ئەلەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئىنتايىن زەردىسى قايىندى . بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇپ ، ئىككى ئېغىز ئادىل گەپ قىلىپ قويمىغىنىغا ئاچچىقى كەلدى . ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن راسا يىغلاپ كۆكسى ـ قارنىنى بوشۇتىۋالغۇسى كېلەتتى .
ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بولغان كىشىلەر ئۇنى ئويلاپ قويمىغان تۇرسا ، ياتتىن ئاغرىنغىلى بولامدۇ ؟ ئويلىغانسېرى يۈرىكى ئېزىلدى . ئۇ يوتقانغا بېشىنى چۆمكەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى .
ۋاڭ ئانا نەرسە ـ كېرەكلەر چېقىلغان ئاۋازنىڭ پەسلەپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ، خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى .
— خېنىم . . . خېنىم ، — ۋاڭ ئانا چى شياۋيىننىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇردى :
— بۇنداق قىلماڭ بولامدۇ ؟ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز بېگىمنىڭ روھى قورۇنامدۇ ؟
— ئۇ ئەزەلدىن ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان تۇرسا ، نېمىدەپ روھى قورۇنغۇدەك ! مەن قانداق قىلاي ، ۋاڭ ئانا ، قانداق قىلسام بولىدۇ ! مېنىڭ توي قىلغۇم يوق . بولۇپمۇ ھېلىقى ئەبلەخكە تەگكىم يوق ، — دېدى ئۇ يىغلاپ .
— فاڭ ئەپەندى ئەسكى ئادەمدەك تۇرمايدىغۇ . . .
— مەن ئۇنىڭغا ئۆچ ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن ، ئۇ بىر شەخسىيەتچى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ، ئۇ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىلا بىلىدۇ ، ئۇ ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلسىكەن ئىلاھىم . شۇنداق بولغاندا مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولار ئىدىم .
— خېنىم . . . — ۋاڭ ئانا چۆچۈپ كەتتى ، — نېمىدەپ بۇنداق يامان تىللار بىلەن ئۆز يولدىشىڭىزنى قارغايسىز ؟

— چىقىپ كېتىڭ ! سىزمۇ ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىسىز. سىزنىڭمۇ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمايۋاتىدۇ، — دېدى چى شياۋيىن ئىسەدەپ تۇرۇپ.

— سىزگە ئىچىم ئاغرىغاچقا، بۇ تۇرقىڭىزغا چىدىمايۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ ئانا ئۇھ تارتىپ، — بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىش ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولدى. بەلكىم ئەھۋال سىز ئويلىغاندەك يامان بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. نېمىشقا ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىسىز ؟

— ئەجەبا، بۇنداق ئىشقا « سىناپ بېقىپ » ئاندىن بىر نەرسە دېگىلى بولسۇنمۇ ؟

ۋاڭ ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مەنمۇ ئېرىم بىلەن بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ باقمايلا توي قىلغان، — دېدى، — ئۇ چاغلاردا ئائىلىمىز ناھايىتى خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ ئىدى. تونۇشمايدىغان بىر ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئەر - خوتۇن بولۇپ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولسۇن، دېگەن ئوي - خىيال مەندىمۇ بولغان. شۇڭا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىپ ئېرىڭىز بىلەن شۇنچە يىل بىرگە ياشىيالىدىڭىز ؟ — سورىدى چى شياۋيىن يىغلاشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن.

— بىزنىڭ سوقۇشۇپ قالىدىغان چاغلىرىمىزمۇ كۆپ ئىدى. بىراق، ئۆزئارا يول قويۇشۇپ، بىر - بىرىمىزنى ئەپۇ قىلاتتۇق. بالىمىز يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن بىزدە ئورتاق بىر ئۈمىد پەيدا بولدى . . . بارا - بارا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ كەتتۇق، — ۋاڭ ئانىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — بالىمىز ئۈچۈن بىز كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، ئاز راقلا پۇلنى تاپساقمۇ ئىنتايىن قانائەتلەندۇق. چۈنكى ئۇ، كېلەچەكتە بالىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايتتى.

www.uyghurkitap.com

— بىراق ئۇلار سىزنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇغۇ!

— ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ تەيۋەندىن كەتكىم كەلمىدى. مەن . . . ئېرىمدىن ئايرىلىشنى خالىمىدىم.

— لېكىن ئۇمۇ سىزنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

ۋاڭ ئانىنىڭ چىرايىدا ھەسرەتلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— ئەگەر مەن كېتىپ قالغان بولسام، ئۇنىڭ روھى تۇپراق ئاستىدا تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قالامدۇ؟ ھەي! نېمىلا دېگەنبىلەن مەنمۇ بەرىبىر بېرىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىمەن ـ دە . . . ھەي! بۇلارنى دەپ نېمە قىلاي؟ خېنىم! مەن بىر قارا قورساق، بەلكىم كۆڭلۈمدىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەندىمەن . . . مېنىڭچە سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىزدە ئويلىغىنىڭىز باردۇ. سىزمۇ ئۆز بەختىڭىزنى تېپىڭ، فاڭ ئەپەندىم بولىدىغان ئادەم! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزگە ھەمراھ بولىمەن. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، يېڭى كېلىن بولغىلىۋاتىسىز، كەيپىياتىڭىز ياخشى بولمىسا سەتلىشىپ قالىسىز!

— فاڭ لىفەننىڭ مېنىڭ سەت ياكى چىرايلىق بولۇشۇم بىلەن كارى يوق. ئۇنىڭغا كېرىكى بۇ داچا، — دېدى ئۇ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئۇ دېگەن ئىنسانىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىملا بولىدىغان ئىش. مەن سىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق كېلىن بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بولدى مەن بېرىپ سىزگە ئازراق يەيدىغان نەرسە تەييارلاپ كىرەي، بولامدۇ؟

چى شياۋيىن شۇندىلا قورسىقىنىڭ راسا ئاچقانلىقىنى بايقىدى. قاچان تاماق يېگەنلىكى ئېسىدە يوق ئىدى. ھەي! ۋاڭ ئانىنىڭ گەپلىرى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. ئەگەر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئاشۇنداق مۇھەببەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغان بولسا ئۇ خېلى بەختلىك بولاتتىمىكىن تاڭ؟

— ماقۇل. ئازراق شوۋگۇرۇچ ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— دېگىنىز مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەييارلانغان شوۋىگۇرۇچ شۇنداقمۇ ؟ مەن ھازىرلا تەييار قىلاي ، — ۋاڭ ئانا خۇشال بولغان ھالدا پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

چى شياۋيىن ۋاڭ ئانىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئىلگىرى ئۇ يولسىز ، غەرەز ئۇقمايدىغان بىر خېنىم ئىدى . ئۇ « ئۆز ئاپام ماڭا ئانىلىق مېھرىنى ۋاڭ ئانىچىلىك قىلغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ــ ھە ! » دەپ ئويلاپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىندى .

يېڭى كېلىن ؟ يېڭى كېلىن بولىدىغان ئادەم نېمە ئىشلارنى قىلىدىغاندۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ! ئۇ ھەقتىكى ئىشلارنى ئۇ پەقەتلا ئۇقمايتتى . بولمىسا . . . ۋاڭ ئانىدىن سوراپ باقىدىغان ئىشمىكىن ؟ ياق ! نېمىدەپ ئۇنداق قىلغۇدەك ؟ فاڭ لىفەن دېگەن نەرسە ، ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۆجىگە ئوخشاش « پەقەتلا كۆزى ئېچىلمىغان يېڭى كېلىننى » ئالسۇن .

× × ×

— نېمە ، باش مۇدىر توي قىلامدىكەن ؟ ئۇنداق ئەمەستۇ ؟

— شۇنداق ! ئۇنى بىرەر قىز بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىمىغانىدۇققۇ ؟

— ھېلىقى ناخشا چولپىنى بولمىسۇن يەنە ؟!

— ئەمەس . ئۇ ئايالنى بۇرۇنلا تاشلىۋېتكەن . ئۇچۇ ، ھېچقانداق ئايال بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئارىلاشمايدۇ .

— مېنىڭچە ئۇ ئاياللارغا ئۆچ بولسا كېرەك .

— سېنىڭچە ئۇ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىكەن ــ دە ، ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ ، قارىغاندا ئۇ راۋۇرۇس ئەركەكتەك قىلىدىغۇ ، بۇنداق نورمالسىز ئەمەستۇ ؟

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ؟

— ھەي ! ئۇ راستلا توي قىلىدىغان بولسىزە ، نۇرغۇن قىزلار داغدا قالىدىغان بولدى ، ھەي ، بىچارىلەر .

— مېنىڭچە، سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرسىغۇ دەيمەن.
— قالايمىقان جۆيلىمە جۇمۇ. مېنىڭ... مېنىڭ يىگىتىم بار.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمى چىقىشىغىلا كۆزلىرىڭ خۇمارلىشىپ كېتىدۇ.
— نەدە شۇنداق.
— ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەي! ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقىڭ پەخىرلىنىپ كەتكۈچىلىكى يوق. ئۇيلاپ باقمامسەن، ئاشۇنداق بىر «مۆك»، مۇز چىراي ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولسۇن.
— ماڭا قارا، قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىققۇ دەيمەن.
فاڭ جەمەتى كارخانىسىدا ئاشۇنداق ھەرتۈرلۈك سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا، فاڭ لىفەن توي قىلىدىكەن؟ كىم بىلەن قىلىدىكەن؟ نېمە ئۈچۈن توي قىلىدىكەن؟... دېگەندەك مىش - مىش پاراڭلار. بىراق بۇ پەرەزلەر پەرەز پېتى قېلىۋەردى. چۈنكى ھېچكىممۇ بۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگىنى پەقەت فاڭ لىفەن «بويتاق» ياشاۋېرىشنى خالىمىغان بولۇشى «مۇمكىن» دېگەن سۆز ئىدى.
جۇ ۋېيمىن فاڭ لىفەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، فاڭ لىفەن ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى.
— ئاغىنە! تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا.
— قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى فاڭ لىفەن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.
— ساڭا زادى نېمە بولدى. ھەركۈنى مۇشۇنداق خامۇش يۈرسەن، ياكى ئىلگىرى ئۆزۈڭ خان، ئۆزۈڭ بەگ ئەركىن - ئازادە تۇرمۇشۇڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەن؟
— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ.
— شىركەتتىكى نۇرغۇن خىزمەتچى قىزلارمۇ سېنىڭدىن مېھرىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزەلمەسلىكى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، سەن تويى قىلساڭلا، ئۇلار-نىڭ شېرىن خىياللىرى بەربات بولىدۇ.

— بۇ خەۋەرنى كىممۇ شۇنچە تېز ھەممە يەرگە تارقىتىۋەتكەندۇ؟

جۇ ۋېيمىن مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— كىم بىلىدۇ. ئىشقىلىپ مەن ئەمەس. بەلكىم قىزلاردىن بىرەرسى ئىككىمىزنىڭ قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، دەرھاللا «خەۋەرنى ئېلان قىلىۋەتتىمىكىن».

— ئۇلارغا ئېيتقىن. مېنى چىشلەپ - تارتىۋەرمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى قىلىشسۇن، — دېدى فاڭ لىفەن ئاچچىقلاپ.

— ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتەلەيمەن، — دېدى جۇ ۋېيمىن غۇتۇلداپ. ئاندىن ئۇجىددىي قىياپەتتە سۆزلىدى، — قىلىشقا تېگىشلىك تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇق. مەن شۇنى دەپ قويغىلى كەلدىم. گۇۋاھلىق تويى مەرىكىسى ناھايىتى ئاددىي بولىدىكەن. تويى كۈنىنى كىلەر شەنبىگە توختاتتۇق، قانداق؟

— قانداق ئورۇنلاشتۇرغان بولساڭ، شۇ بويىچە بولسۇن، باشقا پىكرىم يوق.

— ھەي، خوتۇنىنى مەن ئالمايمەن سەن ئالىسەن جۇمۇ! شۇنىمۇ ئايرىيالمايۋاتامدۇ نېمە بۇ!

— ئۇ... چى شياۋيىن نېمە دەيدۇ؟

— راستىنى دېسەم، ئۇ ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدى. بىراق ۋاڭ ئانىنىڭ دېيىشىچە خېنىمنىڭ بۇ تويغا ھېچقانداق پىكرى يوقكەن.

— ھە؟ — فاڭ لىفەننىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمىگىنى بىلەن، جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتكەن ئىنتىزارلىققا دىققەت قىلمىدى.

— بىرنەچچە كۈنلا قالدى. دوستۇم! ئەمدى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مۇشۇ ئازغىنا ئەركىن - ئازادە كۈنلىرىڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋالغىن. مەن تاماققا ماڭدىم، — جۇ ۋېيمىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە چىقىپ

كەتتى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى پۇرۇپ قاراپ قويدى . ئۇ بۇ تويىنىڭ قانداق « توي » ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق . جۇ ۋېيمىن تېخى ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنىنى ھەممە ئىشقا چات كىرىپ ئۇنىڭ « ئەركىن » تۇرمۇشىنى يوق قىلىدۇ ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ . جۇ ۋېيمىننىڭ بۇ خىيالى تازىمۇ كۈلكىلىك جۇمۇ .

نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان ئىدى . ھالقىلىق پەيت يېتىپ كېلىپ قالغاندىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا ياكى خاتا قىلغانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى .

× × ×

ئاجايىپ گۈزەل بىر سەھەر .

قۇياش ئالتۇن نۇرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا . قۇشلار بەس ــ بەستە چاڭىلداپ ناخشا ئېيتماقتا . سارغىيىپ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخلەرمۇ كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلاتتى

چى شياۋېيىنىڭ قەلبى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كۈز پەسلىگە تامامەن قارمۇقارشى بولۇپ ، زىمىستان قىشىنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرىدەك تۇتۇق ئىدى . مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەردە ، نۇرغۇن يېڭى جۇپلار ئۆزئارا قەسەم بېرىشىپ ، مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا تاتلىق ۋەدىلەرنى بېرىشىۋاتقاندۇ . بىراق ئۇچۇ ؟ ئۇ بارلىق يېڭى توي قىلىدىغان قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ بىتەلەي ، قەلبى غەزەپ ــ نەپرەت بىلەن تولغان بىردىنبىر قىز بولسا كېرەك .

ئۇ ھېلىقى ئەرنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ . بەلكىم ئۇ ئەرمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولسا كېرەك . كەلگۈسىدە ئۇنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن !

كۈتۈش ؟ ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشىغا ئەرزىگۇدەك نېمە بار ؟ ئاھ خۇدا ، ئۇ پەقەت بۇنداق بىمەنە ئىشلارنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىنى نە-

قەدەر ئارزۇ قىلىدۇ ــ ھە !

مانا ئاخىر بىرەر ئەسىردەك ئۇزاق تۇيۇلغان ۋاقىتمۇ ئۆتتۈپ ، ۋاڭ ئانىنىڭ پەستە تۇرۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

ــ خېنىم ، فاڭ ئەپەندى سىزنى ئالغىلى كەپتۇ .

ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى . « مانا ، ئويۇن باشلىنىدىغان بولدى ! يەنە شۇنداق تېز ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ! » ئۇ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ، تەمكىنلىك بىلەن ئۆيدىن چىقتى .

## 6

فاڭ لىفەن توي قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ، بىر قىسىم كونا ئۆي جاھازىلىرىنى يىغىلىغان ، ئادەم تەكلىپ قىلىپ يىغىۋاشتىن سىرلاتقان يېڭى ئۆيىگە رەسمىي كۆچۈپ كىردى .

ئۇ داچىغا يېڭىدىن ئېسىلغان « فاڭ قەسرى » دېگەن تاختايغا قاراپ ئېيتقۇسىز ھاياجانلاندى . نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ ، ئۇ ئاخىر ئاتا ــ ئانىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى ئورۇندىدى . ئۇ توي كۈنى چى شياۋيىننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ، ئۆزىنىڭ قەلبى ئۆچمەنلىككە تولغان بىر ئايال بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقى ، ھەتتا بىر بىنادا ياشىيالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى ــ دە ، چى شياۋيىنغا يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر ھەپتە ۋاقىت بەردى . بۇ ئارىلىقتا ئۇ شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن تەيبېيگە باردى ، ھەم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ داچىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرگۈزدى .

چى شياۋيىن ئۇنىڭ تەيبېيگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇۋچىدىن قۇتۇلغان توشقاندەك يىنىك تىن ئالدى . فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ . چۈنكى چى شياۋيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۈزۈل ــ كېسىل يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنىدى .

ئۇ ئاچقۇچنى سېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىشىگە بىرتوپ ئىت ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش . ئۇ ئۆتكەندە جۇ ۋېيمىننىڭ شىمىنىڭ پۇشقىقىنى يىرتىۋەتكەن ئىت ئىدى .

ئۆلگۈرلەر ! ئۇ ئەجەب بۇ ئىتلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ تويۇپتۇ !

— ۋاڭ ئانا ! — ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى ئۇ .

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاڭ ئانا يۈگۈرۈپ چىقتى ، ئۇنى كۆرۈپلا چىرايىنى سەممىي كۈلكە قاپلىدى .

— ئەپەندىم ! خۇش كەپسىز .

فاڭ لىفەن ئاۋازىنى سىلغايتىپ مۇلايىملىق بىلەن :

— نېمانچە كۆپ ئىتلار بۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ چۆرىسىگە ئولىشىپ ، ئاياغلىرىنى پۇراپ ، ئاياغ شوينىسىنى چىشلەپ تارتىشىۋاتقان جانىۋارلارنى كۆرسىتىپ .

— بۇلار . . . بۇلار خېنىمنىڭ ئىتلىرى ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ ئانا ئەيمىنىپقىنا .

— ھە ، خانىمنىڭ دەمسىز .

— توغرا ! توغرا ! خانىمنىڭ .

— ئۇ نېمىدەپ شۇنچە كۆپ ئىت باقىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى لالما ئىتلار ئىكەن ، — ۋاڭ ئانا خىجىل بولغاندەك بېشىنى چايقاپ ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، سۇسلا كۈلۈپ قويۇپ :

— كېرەك يوق . خانىم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي ، — دەپ قويدى .

— خېنىم ، ھە توغرا خانىم ، ئۆيدە يوق .

— ھە ! نەگە كەتتى ، — ئۇ يېڭىلا توي قىلغان ئايالىنىڭ سىرتقا چىقىشقا كۆڭلى تارتقىنىدىن ئىنتايىن ھەيران بولدى . قارىغاندا ئۇ ئۆيدە يوق چاغدا ، چى شياۋيىن بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ، شادلى-

ىنىپ راسا يايرىۋاپتۇ ـ دە .
— دەرس ئۆتكىلى كەتتى ، — جاۋاب بەردى ۋاڭ ئانا .
— دەرس ئۆتكىلى ؟ قانداق دەرس ئۆتىدىكەن ؟
— خانىم ، قول ھۈنەر ـ سەنئەت دەرسى ئۆتىدۇ . بولكىغا گۈل چېقىرىش ، قەغەز ، سېغىز توپا بىلەن بىر نەرسىلەرنى ياساش دېگەندەك . ھەپتىدە تۆت قېتىم ، ھەر قېتىم بىر سائەت دەرس ئۆتىدۇ .
بۇ ، فاڭ لىفەننى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئىش بولدى . ئەسلىدە چى شياۋيىن ئۇ ئۆيلىگەندەك قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان مىشچانكا بولماستىن ، كەم ـ كۈتىسىز ، نازاكەتلىك ئېسىلزادە خېنىم ئىكەن ئەمەسمۇ . ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :
— بوپتۇ . بۇ ئىتلارنى ھەيدىۋېتىڭ . ئازراق ئارام ئېلىۋالاي ، — دېدى .
ۋاڭ ئانا بىر بۇيرۇق بېرىۋىدى ، ئىتلارنىڭ ھەممىسى كەتتى .
فاڭ لىفەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى .
— سىزنىڭ ھۈجرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ ، رەتلەپ قويدۇم ، — دېدى ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن .
— مېنىڭ ھۈجرام ؟ — فاڭ لىفەن قاشلىرىنى ئۈچۈردى ، — بۇ قانداق گەپ ؟ مېنىڭچە ، مەن ئايالىم بىلەن بىر ھۈجرىدا تۇرۇشۇم كېرەك . شۇنداققۇ دەيمەن ؟
— خېنىم ئۇ . . .
— ھازىر ئۇ خېنىم ئەمەس ، خانىم . دەڭا ئۇ تاماققا كېلەمدۇ ؟
ۋاڭ ئانا بېشىنى لىڭشىتتى .
— ئۇنداقتا بوپتۇ . مەن ھازىرچە « ئۇنىڭ » ھۈجرىسىدا ساقلاپ تۇراي . خانىم قايتىپ كەلسىلا ، يېنىمغا كىرسۇن .
— بۇ . . . — ۋاڭ ئانا بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى .
— گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ـ يوق ؟ — دېدى فاڭ لىفەن قاتتىقراق تەلەپپۇزدا .
— ئاڭلىدىم .

فاڭ لىفەن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ياخشى ، ئەمدى مېنى خانىمىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاڭ . كەچلىك تاماققا ئاچچىق - چۈچۈك قوۋۇرغا قورۇمىسى تەييارلىسىڭىز قانداق ؟ تەيىپىدە بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ، ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمىدىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋاڭ ئانىغا .

ۋاڭ ئانا دەرھال بېشىنى لىڭشىتتى :

— بولىدۇ ئەپەندىم ، ھازىرلا تەييار قىلاي .

— سىزنىڭ تاماققا ئۇستىلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ، خانىمىنىڭ ھۇجرىسىدا مۇنچا بارمۇ ؟

— بار .

— ئەمىسە مەن بىر يۇيۇنۇۋالاي ، يۈرۈڭ !

ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى . كۆڭلىدە بولسا ، « بۇ يېڭى خوجايىنىنىڭ مىجەز - خۇيىنى بىلمەك تەسكەن . تۇرۇپ قوپال ، تۇرۇپلا يەنە ئىللىق . نېمىلا دېگەنبىلەن ، بۇ خوجايىنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن خېنىمىنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ » دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى . ئۇ ئىختىيارسىز خېنىمدىن ئەنسىرەپ قالدى .

× × ×

چى شياۋيىن كوچىدا سالقىن شامالدىن ھوزۇرلىنىپ ئاستا كېتىپ باراتتى .

ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر قول ھۈنەر - سەنئەت ماتېرىياللىرى ئورنىدا دەرس ئۆتەتتى . دەرستىن چۈشكەندە دائىم مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ ماشىنىغا چىقاتتى .

— مۇئەللىم ! چى مۇئەللىم ! — ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى چاقىردى .

ئۇ قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى . ئۇنى سىنىپىدىكى بىردىنبىر ئو-

غۇل ئوقۇغۇچى خۇاڭ جىڭدې چاقىرغاندى . چى شياۋيىن توختىدى ئۇ يۇگۈرۈپ يېتىشىپ كەلگىچە قاراپ تۇردى .

— خۇاڭ ئاكا ، ئىسمىمنى چاقىرىۋېرىڭ دەپ نەچچە قېتىم دېـ دىم . نېمىشقا هە دېسىلا مۇئەللىم ، مۇئەللىم دەۋېرىدىغانسىز ؟ — دېدى چى شياۋيىن كۈلۈپ .

ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭ بۇ ئوغۇل بالا هاسىراپ كەتكەنىدى . قىزىرىپ كەتكەن سىپايە چىرايىدىن ئۇياتچانلىق چىقىپ تۇراتتى .

— دېگەنىبىلەن سىز ئوقۇتقۇچۇم . « بىلىمى بارنىڭ هۆرمىتى چوڭ » دەيدىغان گەپ بار ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— مەن سىزنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولۇپقالغانلىقىڭىزغا بەكمۇ هەيران . ئوغۇللارنىڭ هەممىسى بۇنداق ئىشلارنى ياراتمايدۇ .

ئۇلار ماڭغاچ پاراڭلاشتى .

— بەلكىم مەن بىرئاز غەلىتە بولسام كېرەك ، — خۇاڭ جىڭدېـ نىڭ كۆزلىرى باشقىچە مەنىدە يېنىپ تۇراتتى .

چى شياۋيىن كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكەپ سورىدى :

— مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

— هە ، ياقەي ، باشقا ئىشقۇ يوق . كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقانلىـ قىڭىزنى كۆرۈپ . . . ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسام بولامدۇ ؟

— هاجىتى يوق ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ ، — ئۆيۈمگە خېلى يول بار . ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتىمەن . ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەهمەت .

— ئۇنداقتا . . . ئۇنداقتا ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە هەمراھ بولاي .

— بولدى ، يولىمىز بىر ئەمەس ، ئاۋارە بولماڭ . سىز كېتىۋېـ رىڭ ، ئۆگىنىلۈككە دەرستە كۆرۈشەيلى .

چى شياۋيىن شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاچقا خۇاڭ جىڭدې كۆڭلى ئۇنىمىسىمۇ خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى .

ئەگەر چى شياۋيىن ئوبدانراق سەپسالغان هەم تەجرىبىلىك بولـ

غان بولسا ، چوقۇم بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ـ بىقارار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى . لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كۆڭلىنى ئەش قىلى-دىغان ئىشلار تولا ئىدى . شۇنداقلا ئۇ هازىر ئۆزىنىڭ « ئەرلىك ئايال » بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى .

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇ شۇنداق ئازادە ، ئەركىن ياشىدى . بىراق ھېسابلاپ بېقىپ ، فاڭ لىفەننىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قال-غانلىقىنى بىلدى . ئەتە ساق بىر ھەپتە بولىدۇ . فاڭ لىفەن چوقۇم دەل ۋاقتىدا قايتىپ كېلىدۇ . فاڭ فامىلىلىك بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆت-كۈزۈۋەتمەيدۇ . بۇ ھال چى شياۋيىننى قانداقمۇ بىزار قىلمىسۇن ؟

ھەرقېتىم « فاڭ قەسىرى » گە قەدەم باسقاندا ، كۆڭلى ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كېتەتتى . ئەسلى بۇ ئۇنىڭ ئۆيى ئىدى . مانا ھازىر ئۆزىنىڭ خۇددى سىرتتىن سەرگەردان بولۇپ كېلىپ ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئا-دەمگە ئوخشاپ قالغىنىغا ئاچچىقى كېلەتتى . بىراق نېمە ئامال دەيسىز ؟ فاڭ لىفەن دادىسىنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ بولغاندا ، ئاندىن چى شياۋ-يىن بۇ قەرزلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى .

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، ۋاڭ ئانا ئاشخانىدا قورۇما قورۇۋا-تاتتى . بوس تارتقۇنىڭ ئاۋازى بەك يۇقىرى بولسا كېرەك ، بىرقانچە قې-تىم چاقىرسىمۇ ۋاڭ ئانا چىقمىدى . ئاۋۋال ھۇجرىغا كىرىپ راھەتلىنىپ بىر يۇيۇنۇۋالاي ، ئاندىن چۈشۈپ تاماق يەي دەپ ئويلىدى ئۇ . مەززى-لىك پۇراقتىن قارىغاندا ۋاڭ ئانا ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاچچىق ـ چۈچۈك قوۋۇرغا قورۇمىسى تەييارلاۋاتقان ئوخشايدۇ .

ئۇ ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتقاچ سەل تۇرۇپ ئىتلارغا يەم بېرىۋې-تەي ، دەپ ئويلىدى . ئۇ بۈگۈن ئىتلارغا بىرخىل يېمەكلىك سېتىۋالدى . باشقىلارنىڭ دېيىشىچە بۇ يېمەكلىكنىڭ باھاسى قىممەترەك بولسىمۇ ئو-زۇقلۇق قىممىتى يۇقىرىكەن . ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ « كىچىككىنە » خىزمىتى بولۇپ قاپتىكەن . بولمىسا كۈندىلىك پارچە ـ پۇرات خىراجەت-لىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ يەنە بۇ جانىۋارلارنى قانداق باقاتتىكىن ـ

تاك .

ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپلا ، قول سومكىسىنى كارىۋاتقا ئاتماقچى بو-لۇپ كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي ۋارقىراپ سالغىلى تاس قالدى .

بىر ئەر قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئۇنىڭ كارىۋىتىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى ( يوتقاندىن چىقىپ تۇرغان يەرلىرىگە قاراپ ئۇنى يالىڭاچ دېيىشكە بولاتتى ) .

چــى شياۋيىننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ئەنسىز سوقۇپ كەتتى . ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ ، ئىككىلەنگەن ھالدا ئاستا كارىۋاتقا يېقىنلاشتى .

فـاڭ لىفەن ! پەرۋەردىگار ، ئۇ قايتىپ كەپتۇ ـ دە . تېخى ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ . چـى شياۋيىن بىرەر نەرسـە تېپىپ ئۇنـى « ئويغاتماقچى » ھەم دوختۇرخانىغا يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ ، بىر چوڭ ئىت ئېيىقنى قولىغا ئالدى . بىردىنلا باغرى يۇمشاپ ، ئۇنى ئېتىشقا يۈرىكى چىدىمىدى . چۈنكى فاڭ لىفەننىڭ ھازىرقى تۇرقىدا ئادەتتىكى توڭلۇق ، زالىملىقىدىن قىلچە ئەسەر يوق . ئۇ خۇددى ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك غەمسىز ، شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى .

چـى شياۋيىن ئويلاپ قالدى ، فاڭ لىفەن ھەقىقەتەن قاملاشقان يىگىت . بۇنداق قاملاشقان چىراي ئۇنىڭغا ـــ بىر ئەر كىشىگە بىرئاز ئارتۇقلۇق قىلاتتى . ئۇنىڭ كەڭ يەلكىلىرى ، كۈچلۈك كۆكرەكلىرى ، ئىنتايىن . . . ئاھ خۇدا ، ئۇ قانداقسىگە بۇ ئىشلارنى ئويلاپ قالدىكىنە . نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق .

چى شياۋيىن گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى قانداق ئويـ-غىتىشنى ئويلىماقتا ئىدى . ئەينەكتە ئۇنىڭ قىزارغان يۈزلىرىدىن جىلە بـولۇۋاتقانلىقىنى ، پۈرۈشكەن ئاغزىدىن قانداق قىلىشنى بىلمەيۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

بۇ ئەبلەخ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . بالدۇر قايتىپ كېلىۋې-لىپ ، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىنى « ئوغرىلىدى » . ۋاڭ ئانىنىڭمۇ نېمە

قىلغىنى بۇ ؟ نېمىدەپ بۇ لۈكچەكنى مېنىڭ ھۇجرامغا باشلاپ قويدىڭ-نە

توغرا ، ۋاڭ ئاندىن سوراپ باقسىلا ھەممىنى بىلىدىغۇ . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇرۇلدى - دە ، يەنە ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدى . فاڭ لىفەن ئويغىنىپ كارىۋاتتا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى .

— سىز . . . سىز ، — چى شياۋيىن قوللىرى بىلەن كۆكرىكىنى بېسىپ كېكەچلىگىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى .

— مەن قايتىپ كەلدىم ، قەدىرلىك خوتۇن ، — فاڭ لىفەننىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكىسى ، سىپايىلىقى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى .

— سىز . . . سىز نېمىدەپ مېنىڭ كارىۋىتىمدا ئۇخلايسىز ؟ بۇ مېنىڭ ھۇجرام ئىكەنلىكىنى ۋاڭ ئانا سىزگە دېمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— دېدى . ئۇ مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كىردى .

— مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ . . . سىزگە بىر ھۇجرا تەييارلاپ قويۇل-غانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ . . .

— ھە . . . شۇنداقمۇ ؟ — ئو يوتقاندىن چىقىپ كارىۋاتتىن چۈشتى . چى شياۋيىن ھاپىلا شاپىلا قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى . فاڭ لىفەننىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى ئاڭلاپ قولىنى چۈشۈردى . فاڭ لىفەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قارا رەڭلىك قىسقا تەنھەرىكەت ئىشتىنىنى كىيىۋالغانىدى .

— مېنىڭ قىپيالىڭاچ ئۇخلايدىغان ئادىتىم يوق . خاتىرجەم بو-لۇڭ ، — ئۇ چامادانىدىن بىر مايكىنى ئېلىپ كىيدى .

— ئىككىمىز بەزىبىر ئىشلارنى سۆزلىشىۋالايلى ، بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ .

فاڭ لىفەن كارىۋات يېنىدىكى يۇمىلاق كرىسلوغا ئولتۇردى . چى شياۋيىنمۇ بويىنىدىن باغلىغاندەك بېرىپ گىرىم ئۈستىلى ئالدىدىكى ئو-رۇندۇقتا ئولتۇردى .

— سىزنىڭچە ئارىمىزدا دېيىشكۈدەك گەپ بارمىدۇ ؟

— ئەلـۋەتتە بار ، — ئۇ پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇردى ، — ئالدى بىلەن ياتىدىغان ھۇجرىمىز توغرۇلۇق پاراڭلىشايلى . ھازىر سىز فاڭ خانىم بولۇپ قالدىڭىز . مەيلى خالاڭ ـ خالىماڭ ، ئىككىمىز بىر ھۇجرىدا تۇرۇشىمىز كېرەك ، دەپ قارايمەن .

— ياق ! . . . — ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى .

— سىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي ، مەن سىزدىن قوـ شۇلامسىز ـ قوشۇلمامسىز دەپ پىكرىڭىزنى ئالماقچى ئەمەسمەن . مېـ نىڭچە مەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ « تەكلىپ » ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىق . ھەرقانداق بىر ئەر ـ خوتۇن مۇشۇنداق قىلىدۇ .

— ئىكـكىمىزنىڭ باشـقىلارغـا ئوخـشمايـدىغانـلىقىمىزنـى بىــلىسىزغۇ ، — چى شياۋيىن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى .

— ماڭا بۇنداق ۋارقىراپ گەپ قىلماڭ ، — ئۇنىڭ سىپايە سۆـ زىدە بىرئاز ھەيۋە بار ئىدى .

— دادىـڭىزنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن بىر ئۆـ مۈر خەـۋەر ئېلىشىم بەلگىلەنگەن . بۇ ئۆمرۈمدە سىزدىن باشقا ئايال بىـ لەن توي قىلالمايدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ . مەن فاڭ جەمەتىنىڭ يالغۇز ئوغلى . ئەگەر بىز بىر ھۇجرىدا تۇرمىساق . . . دەپ بېقىڭا ، مەن قانداقمۇ فاڭ جەمەتى ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرالايمەن ؟

چى شياۋيىننىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى ، ھوشىدىن كـەتكىلى تاس قالدى . « ئۇ نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ ؟ بۇ نومۇسسىز نېمىـ لەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ ؟ »

— قارىڭا تۇرقىڭىزغا ، ئەجەبا ماڭا لازىمى ئاتاقتا بار ، ئەمەلىيەتتە يوق ، نامىدىكى نىكاھ دەپ قارىغانمىدىڭىز ؟ ئۇنداقتا سىزنى ئۈمىدسىزـ لەندۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن . بايا دېگىنىمدەك فاڭ جەمەتىگە ئەۋلاد تۇـ غۇپ بېرىشىڭىز كېرەك .

چى شياۋيىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىدىغاندەك قىلمايتتى .

فاڭ لىفەن قىزنىقسىنغان نەزەردە ئايالىغا قارىدى . چى شياۋيىن

ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەندەك ئەمەس . ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى 80 ياشقا كىرگەن تۇل خوتۇننىڭ توساتتىن « مۇبارەك بولسۇن ھامىلدار بولۇپ قاپسىز » دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىكى ھالىتىگە ئوخشايتتى . بۇ قىز ھەقىقەتەن بەك ساددا ئىكەن ، دەپ ئويلىدى فاڭ لىفەن .

فاڭ لىفەن چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغان مۇشۇ پەيتتە چى شياۋ-يىن توساتتىن ۋارقىراشقا باشلىدى .

— ۋاڭ ئانا ! ۋاڭ ئانا ، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئېچىنىشلىق ئىدى .

فاڭ لىفەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، يۈگۈرۈپ باردى - دە ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى .

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ .

فاڭ لىفەن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چى شياۋيىننىڭ ئاغزىنى ئې-تىۋالغاچقا ، ئۇ ئەلەملىك ، ياشقا تولغا كۆزلىرى بىلەن فاڭ لىفەنگە مۆل-دۈرلەپ قارىدى .

بۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ فاڭ لىفەن ئۆزىنىڭ بىرئاز چەكتىن ئاشۇ-رۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ چى شياۋيىن قىلچە چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى قورقۇتۇۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ فاڭ لىفەن قەلبىدە نازۇك بىر ھېس-سىياتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى .

— ئەمدى ۋارقىرىماڭ ، بولامدۇ ؟

فاڭ لىفەننىڭ ئاۋازى پەس ھەم سىلىق ئىدى . چى شياۋيىن ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى . فاڭ لىفەنمۇ ئاستا - ئاستا قولىنى چۈ-شۈردى . ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشتى . بىرھازادىن كېيىن چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ فاڭ لىفەنگە ئەخمەقلارچە تىكىلىپ تۇر-غانلىقىنى سېزىپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى ، دەرھال كىرىسلونىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ، ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالدى . فاڭ لىفەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارى-غاندا ، ئۇ فاڭ لىفەنگە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى .

— ۋاڭ ئانىنى چاقىرىپ نېمە قىلماقچىسىز ، — دېدى ئۇ چى شى-ياۋيىنگە ، — بايا دېگەنلىرىم ھەرگىزمۇ چاقچاق گەپ ئەمەس ؛ لېكىن

بىلىمەن ، سىز تېخى كىچىك ، ھەم بۇ جەھەتتە ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق يوق . مېنىڭچە . . . سىزنىڭ بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەجرىبىڭىز يوققۇ دەيمەن ؟

— مەن . . . قايسى جەھەتتىن دەيسىز ؟ — چى شياۋيىن يەرگە قارىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق يۇمشاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى .

— ئوغۇللار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باققانمىدىڭىز ، — سورىدى فاڭ لىفەن .

چى شياۋيىن بېشىنى قاتتىق چايقىدى .

فاڭ لىفەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . كۆڭلىدە بولسا ئىنتايىن خۇشال بولدى . تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ غەلىتە ئوي ـ خىياللىرىدىن خاپا بولدى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . مەن سىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزغا ماسلىشىپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت بېرىمەن . لېكىن بالىنى چوقۇم تۇغۇشىڭىز كېرەك . بىر ـ بىرىمىزگە ئىجىل بولىدىغان ئىشلارنى كېيىن دېيىشەرمىز . بىراق مېنىڭ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر قىزنى مەجبۇرلىغۇم يوق ، — دېدى فاڭ لىفەن .

— ئۇنداقتا بىز ۋاقىتىنچە بىر ھۇجرىدا . . . بىر ھۇجرىدا تۇرمىساقمۇ بولامدۇ ؟

— ياق ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە . مېنىڭچە بۇنداق قىلىش سىزنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىمىزغا ماسلىشىشىڭىزغا ئەڭ مۇۋاپىق ، ئەتە ۋاڭ ئانا نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى مېنىڭ ھۇجرامغا يۆتكەپ بەرسۇن ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۆكتەملىك قىلىپ .

— ياق ، بولمايدۇ ، — چى شياۋيىن يۈرەكلىك ھالدا قارشى چىقتى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ قەتئىي رەۋىشتە :

— ئەتىلا كۆچۈپ كىرىڭ ، — دېدى .

چى شياۋيىن يەنە گەپ قىلالماي قالدى . ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئە-

مەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ باشقىلارنىڭ ئۇنى قىل ، بۇنى قىل دەپ بۇيرۇق بېرىشىدىن بىزار ئىدى . ئۇ هازىر نېمە ئۇچۇن فاڭ لىفەن قوپاللىق قىلسىلا ، بوشاپ بىچارىلىشىپ قالىدۇ ؟ هازىر بۇ ئۆي ئۆزىگە تەۋە بولمىغاچقىلا ئۇ شۇنچە ئىتائەتمەن بولۇپ قېلىۋاتقانمىدۇ ؟

قاراڭلار ، ئۇنىڭ ئامراق ئويۇنچۇقىنى باشقىلار ئېلىپ قاچقان كىچىك بالىدەك تۇرقىغا . فاڭ لىفەن ئىتلار توغرۇلۇق تېخى ئېغىز ئاچمىدى . ئۇنىڭ هايۋانات باغچىسىدا تۇرغۇسى يوق . بىراق ئۇ چى شياۋيىنىڭ ئەپتى ــ ئەگىزىگە قاراپ ، ئىتلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئوييىدىن ۋاز كەچتى . هازىر ئۇنىڭغا ئىتلارنى هەيدىۋېتىشنى بۇيرۇسا ، ئۇ ئالەمنى ــ مالەم قىلىپ ، پوتلىسىنى ئېقىتىشى تۇرغان گەپ . هەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالايدۇ ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ . فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئاشۇ « دوستلىرى » ئۈچۈن جېنىدىنمۇ كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى چۈشەندى .

فاڭ لىفەن بېشىنى چايقاپ : بۇ ئىشلارنى باشقا بىر كۈنى دېيىشسەك بولغۇدەك . هەرئىش بولسا ئاستا ــ ئاستا بولغىنى ياخشى . بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىقىۋالغىلى بولمايدۇ ــ دە ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ــــ بولدى ، كۆڭلىگىزنى يېرىم قىلماڭ . قاراڭ ، تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ . قورساقىمۇ راسا ئاچتى . مەن ئامراق ، ئاچچىق ــ چۈچۈك قوۋۇرغا قورۇمىسىنى ئويلىسام ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىۋاتىدۇ ، ــــ دېدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقچى بولۇپ .

ئۇنىڭ « ئاچچىق ــ چۈچۈك قوۋۇرغا قورۇمىسى » دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا چى شياۋيىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى . ئەسلىدە . . . ئەسلىدە قورۇمىلارنى ئۇ بۇيرۇتقانىكەن ــ دە ، جاهاندىكى ئەسكى ئىشلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا ئۇچرامدىغاندۇ . بۇ چى شياۋيىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قورۇما ئەمەسمىدى .

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا چى شياۋيىن ئاچچىقىدا تاماقنى بىر چوكىمۇ يېمىدى . فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭ تامىقىنى يە-

ۋەردى . ۋاڭ ئانا بولسا ، گاڭگىرىغان ۋە ئويغا چۆمگەن هالدا قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇردى .

× × ×

فاڭ لىفەن ئىتلارنى باقماسلىق ئىشىنى ۋاقتىنچە تىلغا ئالماي دې-گەنىدى . كىم بىلسۇن ، شۇ كۈنى ئاخشىمى بولغان بەزى ئىشلار ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بەربات قىلىۋەتتى .

كەچلىك تاماقتىن كېيىن فاڭ لىفەن بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىش-لىك ئىشلارنى بىجىرىش ئۈچۈن كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەتتى .

چى شياۋيىن مېهمانخانىدا تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى ، كاللى-سىغا هېچنەرسە كىرمىسىمۇ ، بىراق تېلېۋىزور نەچچە سائەت ئەنە شۇنداق ئوچۇق تۇردى .

سائەت 11 بولدى . چى شياۋيىنىنىڭ كۆزلىرى تېلىپ ئاچچىق بولدى . ئۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ، يېنىك قەدەم بىلەن ئۈستىگە چىقتى . كۇتۇپخانا چىرىغىنىڭ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كەيپى ئۇچقان هالدا قايتىپ چۈشتى .

ئۇ ئۇدۇل هويلىغا چىقىپ ياتما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىغا ئىتلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى . قىزىق ئىش ، مانا مۇشۇ جانىۋارلارلا ئۇنىڭغا ئىللىقلىق بېغىشلىيالايتتى . ئىتلارنى سىلاپ تۇرۇپ كۆڭلى بۇزۇلدى . هازىر هەممە نەرسە فاڭ فامىلىلىك ئەبلەخكە تەئەللۇق . دادىسىنىڭ هۇجرىسى ، كۇتۇپخانىسى ، بارلىق ئۆيلەر ، هەتتا ۋاڭ ئانا تەييارلىغا ئاچچىق - چۈچۈك قوۋۇرغا قورۇمىسىغىچە هەممە نەرسە ئەمدى ئۆزىگە تەئەللۇق ئەمەس . ئۇ بۇ خىياللىرىنىڭ تولىمۇ گۆدەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ ، لېكىن مۇشۇ ئىشلارنى باهانە قىلىپ فاڭ لىفەندىن بىزار بولاتتى .

بىراق ئۇ سىبىنىڭ ئېرىك . يۈرىكىدىن چىققان بىر سادا ئۇنى ئا-گاهلاندۇرۇپ تۇراتتى .

هەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، چى شياۋيىن بۇنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىل-مايدۇ . ئۇنى ساقلىتىپ ساقلىغا ئاق كىرگۈزۈۋەتمىسە هېساب ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

— تېخىچە ئارام ئالمىدىڭىزمۇ ، بۇ يەرگە چىقىۋېلىپ نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — فاك لىفەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ چى شياۋيىننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى .

— سىز . . . ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىز ، ئوغرىلىقچە خەقنىڭ ئارقىسىدا تىمىسقىلاپ نېمە قىلىدىكىنە ، — دېدى چى شياۋيىن زەردە بىلەن .

— مەن ئوغرىلىقچە كەلمىدىم . نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭىزكىن تاڭ . شۇنچە قاتتىق دەسسەپ كەلسەممۇ ئاڭلىمىدىڭىز ، — فاك لىفەن نېپىز پەلتۇ يېپىنچاقلىۋالغانىدى ، ئۇنىڭغا ، — ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى خوتۇن ، — دېدى .

— بۇنداق دېمەڭ ، مەن تېخى بۇنداق سۆزلىرىڭىزگە ئادەتلەنمىدىم . بۇنى ئوبدان بىلىسىز ، — چى شياۋيىن زەردە بىلەن ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى .

فاك لىفەننىڭ چىرايى شاپپىدە ئۆڭدى .

— يەنە ۋارقىراپ گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ ، مىجەزىمنىڭ ئوساللىقىنى تېخىچە بىلمىدىڭىزمۇ ؟

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ، مېنى ئۇرماقچىمۇ ؟ ياخشىغۇ ، ئۇرۇڭ ! ئۇرامسىز ! — ئۇ توساتتىن قەيسەرلىشىپ كەتتى . غەزەپ ئۇنىڭغا جۈرئەت ئاتا قىلغانىدى .

فاك لىفەننىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولدى . لېكىن زادىلا چاندۇرمىدى . « بۇ پىيندەكىنىڭ ئاچچىقى خېلى باركىنا . يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈڭ . ئەپسۇس ! فاك لىفەن بۇ تويىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ، شېرىن ـ لەززەتلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، بىراق ئۇ ئەمدىلا توي قىلغان مەھبۇبىسىنىڭ بۆرە تېرىسىنى كىيگەن ئەلپازىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى .

— مەن خوتۇننى ئۇرىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس . بىراق سىزنى « ئەدەپلەشكە » ئامالىم بار . ئەڭ ياخشىسى مېنى مەجبۇرلىماڭ ، — فاك

لىفەن ئۇنىڭغا مەككارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.
چى شياۋيىن ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ دېگىنى مەن قارشى تۇرالمايدىغان « چارە » بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى سۈكۈت ئارقىلىق ئىپادىلىدى.
فاڭ لىفەن مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:
— يۈرۈڭ ياتايلى، سائەت 12 بوپقاپتۇ، ئەتە ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى.
— سىز ئۇخلاۋېرىڭ، مەن بىردەم ئىتلار بىلەن بىللە تۇراي.
— مەن ئۇخلاپ قالغاندا كىرىپ ئويغىتىۋېتىشىڭىزنى خالىمايمەن.
چى شياۋيىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى:
— سىز . . . سىز . . . ئەتە دېمىگەنمىدىڭىز؟ نەرسە كېرەكلىرىم . . .
— مېنىڭ دېگىنىم، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئەتە ئەكىرىسىز، بىراق سىز قەدىرلىك خوتۇن، بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ مېنىڭ يېنىمدا، مەن بىلەن بىرگە ياتىسىز.
چى شياۋيىن بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى - شۇڭا قاتتىق قورقۇپ كەتتى.
— ياق، مەن . . . مەن سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن. سىزنى ئويغىتىۋەتمەيمەن . . . مەن هويلىدا ئىتلىرىم بىلەن بىرگە ئۇخلىساممۇ بولىۋېرىدۇ.
چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى فاڭ لىفەنىڭ چىرايى بايىقىدىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتتى. بىراق ئۇ قايسى گەپنى خاتا دەپ سالغاندۇ. ئەجەبا . . . هەربىر ئېغىز سۆزىمۇ؟
فاڭ لىفەنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بۇ بەغەرەز قىز ئۇنىڭ قەلبىنى زادىلا چۈشەنمەيۋاتىدۇ. فاڭ لىفەن ئۇنى كىچىك، ئىش ئۇق-

www.uyghurkitap.com

مايدۇ ، قورقۇتۇۋەتمەي ، دەپ ئۇنىڭغا شۇنچە يول قويۇپ كەلدى . بىراق ئۇچۇ ؟ ئۇنىڭ ئازراقمۇ تىرىشقىسى ، رېئاللىقتا يۈزلەنگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ .

فاڭ لىفەننىڭ ھەممىدىن بەك جېنىغا تەگكىنى چى شياۋيىن مۇشۇ بىر توپ لالما ئىتلارغا ھەمراھ بولۇشنى خالاپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا ئۇنىمايۋاتاتتى .

— مېنىڭچە ، بىز باشقا بىر مەسىلە توغرۇلۇق پاراڭلاشساق بولغۇدەك . ئىتلىرىڭىزنى قوغلىۋېتىڭ ، — دېدى ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن قاتتىق غەزىپىنى زورىغا بېسىۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن .

« بۇ نېمانچە باغرى تاش ، نېمانچە رەزىل ئادەمدۇ » دەپ ئويلىدى چى شياۋيىن ، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى قانداقمۇ دېگۈسى كەلگەندۇ ، ئەجەبا ئۇ بۇ ئىتلارنىڭ چى شياۋيىنغا ئۆز قېرىنداشلىرىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەمدىغاندۇ ؟ چى شياۋيىن بېشىنى چايقاپ ئازابلانغان ھالدا :

— ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ھەيدىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ . . . راستلا ئۇنداق قىلالمايمەن ، — ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىڭەكنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى ، — سىز بۇنداق قىلىپ مېنىمۇ قوشۇپ ھەيدىۋەتمەكچى ، شۇنداقمۇ ؟ ئالدىڭىزدا خىجىلمەن ، سىز مەن بىلەن توي قىلدىڭىز ، بىراق بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەس . سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، بۇنداق قىلماڭ . . .

فاڭ لىفەن ئېرىپ كەتكىلى تاسلا قالدى . چۈنكى چى شياۋيىن يىغلىغانىدى . ئۇ يىغلاپ ئالەمنى ـ مالەم قىلمىغان بولسىمۇ ، بىراق يىغىسى ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر قىزنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلدى . لېكىن ئۇ كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلسا بولمايتتى . مۇشۇنچىلىك بىر ئىشتىمۇ گېپىنى ئۆتكۈزەلمىسە ، ئۇ كېيىن قانداق كۈن ئۆتكۈزىدۇ ؟

— بولمايدۇ . ھېلىمۇ سىزگە يول قويدۇم . سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزمۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى . بۇنچە كۆپ ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ نەگىمۇ

بارالايسىز ؟ ئويلاپ بېقىڭ .

— ياق ! ئۇلارنى ھەرگىز كەتكۈزۈۋەتمەيمەن ، — ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى .

فاڭ لىفەن ئۆزىنى قاتتىق قول بولۇشقا ، بۇ قىزنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئېرىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى .

— سىزنىڭ بۇنچە كۆپ ئىتلارنى يىغىۋېلىپ بېقىشىڭىز تازىمۇ بىمەنىلىك ، مۇنداق بولسۇن ، ياخشى كۆرىدىغان بولسىڭىز پەقەت بىرىنىلا قالدۇرۇپ ، باشقىلىرىنى قوغلىۋېتىڭ ، — دېدى فاڭ لىفەن يەنە يول قويۇپ .

— بولمايدۇ ، ھەممىنى ئېلىپ قالىمەن . بىرىنىمۇ كەتكۈزمەيمەن . ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئۇلارنى ھەيدىۋەتمىسىڭىز ، مەن ئۇلارنىڭ كوچىلاردا سەرسان بولۇپ ، ئاچ - زارلىقتا ئۆتۈشىنى ھەرگىز خالىمايمەن ، ھەرگىز .

— مەنمۇ داچىمىزنىڭ ھايۋانلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئوخشاپ قېلىشىنى خالىمايمەن ، — فاڭ لىفەن ئۇنىڭ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئۇھ تارتتى ، — بوپتۇ ، ئىككىنى ئېلىپ قېلىڭ ، پەقەت ئىككىلا ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ . بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ . مەن ئىككىمىزنىڭ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن سوقۇشۇپ قېلىشىمىزنى خالىمايمەن ، — فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىگە پەرۋا قىلماسلىققا تىرىشىپ قاتتىق قوللۇق قىلدى ، — مەن ئۇخلاۋېرەي ، ئىتلىرىڭىز بىلەن بىردەم تۇرىۋېلىڭ . بىراق بەك ئۇزۇن تۇرماڭ . بىردەمدىن كېيىن ھۇجرىغا كىرىپ ئۇخلاڭ . ئېسىڭىزدە بولسۇن . بىزنىڭ ھۇجرىمىزغا ، — فاڭ لىفەن ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ياتقاندىن كېيىنمۇ چى شياۋيىننىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى . ئەزەلدىن بىرەر قىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ، بۇنداق ئازابلىنىپ باقمىغان . بىراق چى شياۋيىنچۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس ، ئاشۇ بىر توپ ئىتلار ئۈچۈن ياش تۆكتى . بۇ تازىمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ ؟

فاڭ لىفەن شېرىن چۈش قوينىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ « چاي شياۋيىن بىر توپ لالما ئىتلارنى مەندىن ئەزىز كۆرىدىكەن » دېگەنلەرنى خىيال قىلدى .

× × ×

فاڭ لىفەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇراتتى . كۆپ يىللاردىن بېرى شۇنداق ئادەتلەنگەچكە ، سائەت جىرىڭشىپ ئويغىتىش ھاجەتسىز ئىدى .

ئۇ يات ئۆيدە كۆزىنى ئېچىپلا ھەيرانلىقتا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى . بىراق دەرھال ئېسىگە كەلدى . ئۇ ھازىر فاڭ جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس قورۇسىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى . شۇئان چى شياۋيىن ، يەنى يېڭىلا توي قىلغان خوتۇنى ئېسىگە كەلدى . يېنىدا ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . بىرەرسى ئۇنىڭ يېنىدا ياتقاندەك قىلمايتتى . ئۇ چۆچۈپ كەتتى ــ دە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ پەسكە چۈشتى .

ۋاڭ ئانا ئاشخانىدا ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلاۋاتاتتى . ئۇ فاڭ لىفەننى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ :

ــ ئەپەندىم ، نېمانچە بالدۇر تۇرۇۋالدىڭىز ؟ ــ دېدى .

ــ خانىم قېنى ؟ ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ ــ سورىدى فاڭ لىفەن .

ــ كۆرمىدىمغۇ ، ئەتىگەن ئۆيلەرنى تازىلاۋېتىپ ھۇجرىغا قارىسام يوقكەن . مەن تېخى ئۇنى ئەپەندىمنىڭ ھۇجرىسىدا ياتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن . ئەجەبا ، ئۇ . . . ــ ۋاڭ ئانا ئىككى قولىنى پەشتامىسىغا ئېرتتى . چىرايى تەشۋىشلىك تۈس ئالدى .

فاڭ لىفەن گەپ ــ سۆز قىلمىدى . تۈنۈگۈن دېيىشكەن گەپلەرنى ئويلاپ ، سىرتقا قاراپ ماڭدى .

ئىتلارنىڭ بىرەسىمۇ كەم ئەمەس . ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ قارىشىچە

شۇنداق ئىدى . بىراق ياتما ئورۇندۇقتا ئايالىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئىتلارنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى . چۈنكى ، تۈنۈگۈنكى گېپىدىن قارىغاندا ئامراق ئىتلىرىنى تاشلاپ يۇرتمۇ ـ يۇرت سەرسان بولۇپ يۈرمەيدۇ ، بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇشى ، ياكى سىرتلارنى ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئۆيگە قايتىپ كىردى . ۋاڭ ئانا يۈگۈرۈپ كەلدى :

ـــ ئەپەندىم ، خېنىم ! . . . خانىم ئۇ . . .

فاڭ لىفەن قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ :

ـــ ھېچ ئىش يوق . بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ناشتىنىغا قەھۋە ئىچسەملا بولىدۇ . قەنت سالماڭ . تېزراق تەييارلاپ بېرىڭ . بۈگۈن شىركەتكە بالدۇرراق بارمىسام بولمايدۇ .

ـــ خوپ ! ـــ ۋاڭ ئانا ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ باشقا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قايرىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

فاڭ لىفەن سائەت يەتتىدە ماشىنىسىنى ھەيدەپ شىركەتكە ماڭدى . ئۇ يولغا چىققاندىمۇ خوتۇنى قايتىپ كەلمىگەچكە ، كۆڭلى پەرىشان ئىدى .

ھۇ ئۆلگۈر ! ئەگەر ئۇ شۇنچىلىك ئىشقا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولسا ئۇنى تېپىپ كېلىپ تاناۋىسىنى تازا بىر تارتىپ قويمىسام بولمىغۇدەك .

فاڭ لىفەن ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ، جۇ ۋېيمىن ئارقىسىدىن كىرىپ كەلدى . ئۇمۇ فاڭ لىفەنگە ئوخشاش بالدۇر ئىشقا كېلىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى .

ـــ ھەي ئاغىنە ! توي كېچىسى لەززەتلىك بولامدىكىن ؟ ـــ دېدى جۇ ۋېيمىن چاقچاق قىلىپ .

فاڭ لىفەن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئالايدى :

ـــ قاق بودا ئاغزىمنى تاتىلىغىلى كىردىڭمۇ ؟ بىرقانچە كۈندىن

بىرى دۇمبەك قىچىشىپ تاياق سىغىنىپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟

— ياق ! چىشىڭغا تېگىپ قويدۇممۇ ؟ ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ئەھۋال سورىغىلى كەلدىم جۇمۇ . نېمىشقا مېنى ئۇچى تار ، « ئىشەك ئۆلسە ، كۆتى غىجەك تارتىدىغانلاردىن » دەپ قارايدىغانسەن ؟

— چۈنكى ئىتنىڭ پوق يەيدىغان ئادىتى ئۆزگەرمەيدۇ ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ . ئاندىن ئۇھ تارتتى ، — ئىشلار زادىلا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ . ئۇ بەكلا ساددىكەن . ھېچقانداق ئىشتا كېلىشەلمەيۋاتىمىز .

— سەن بىرئاز يول قويساڭ بولمىدىمۇ . ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا ، باللارغا خاس گۆدەكلىكنى تاشلىيالماسلىقى تۇرغانلا گەپ . بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىساڭلا بولدىغۇ !

— مەن يول قويمىدىم ئەمەس . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، مەن كىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى مۇشۇنچە قىينىغان . بىراق ئۇ زادى . . . ھەي بولدىلا ، دېگەننىڭمۇ پايدىسى يوق .

— دېمەمسەن ، مانا مەن ياردەم قىلىمەن ، — دېدى جۈۋيىمىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى .

— ئۇ ئىتلارنى دەپ . . . ئېسىڭدە بارمۇ ؟ بىر ئىت شىمىڭنىڭ پۇچقىقىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكەن ، ئاشۇ ئىتلارنى دەپ ئۇ مەن بىلەن سوقۇشتى . ئەتىگەندىلا نەگە كەتتىكىن ؛ يوق تۇرىدۇ . ئېيتقىنا ، مەن خاپا بولماي تۇرالامدىمەن ؟

— ئىتلارغا نېمە بولدى ؟ سېنىڭمۇ شىمىڭنى چىشلەپ يىرتىۋەتمىگەندۇ ؟

— ياق ، بىراق مەن ئۇن نەچچە ئىت بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايمەن . بەزى ئىتلار ھەتتا ئادەمگە ئوخشاش يوغان .

— ئىتتىن قورقامسەن ؟

— قورقمايمەن . بىراق خۇشۇم يوق . شۇڭا ئۇنىڭغا ئىتلارنى قوغلىۋېتىڭ دېگەنىدىم .

— ھەممىسسىنمۇ ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن .

— ئىككىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا قوشۇلدۇم . بۇنچە كۆپ ئىتنى بېقىۋېلىش ئۈچىنغا چىققان بىمەنىلىكقۇ ؟ — فاڭ لىفەن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى .

— چى شياۋيىن قوشۇلمىدىمۇ ؟

— شۇنداق . ئۇ قەتئىي قارشى چىقتى

— ئۇنداق بولسا سەن خوجايىنلىق ھەيۋەڭنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى مەجبۇرلىدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ سۆزىدىكى تەنىنى ئاڭلاپ ، فاڭ لىفەننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى .

— ئەمىسە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ ؟ يەنىمۇ كۆپ ئىتلارنى يىغىپ ، بېقىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولايمۇ ؟

— مەنمۇ ئۇنداق دېمىدىم . سېنى بىرئاز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويدىمىكىن ، دەپ قالدىم . ئويلاپ باق ، سىلەر ئەمدىلا بىللە تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر . بىر - بىرىڭلارغا ئازراقمۇ كۆڭلۈڭلار يوق . شۇنداق بولغاندىكىن ئىمكان بار بەزى تالاش - تارتىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىپ ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تەگىمەي ، ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ ، چۈشىنىش ھاسىل قىلماسىلەر . . .

— مەن زۇڭتۇڭ جانابلىرىنىڭ دۆلەت بايرىمىلىق نۇتۇقىنى ئاڭلاۋاتىمەنمۇ - قانداق ؟ — فاڭ لىفەن ئاچچىق تەنە قىلدى .

— سەن ئەبلەخزە ، باشقىلارنىڭ نەسھىتىنى پەقەت ئاڭلاپ باقمايسەن ، مېنىڭمۇ ساڭا گەپ قىلىپ ئولتۇرىدىغان چولام يوق . بىراق چى شياۋيىننى يوق تۇرىدۇ دېدىڭ ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيۋاتامسەن ؟

— مېنىڭچە ئۇ ھەرگىزمۇ ئىتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، بىر يەرگە كېتىپ قالمايدۇ . بەلكىم سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن . ئۆيگە تېلېفون بېرىپ سوراپ باقمەن .

— ئىشلارنىڭ ئويلىغىنىڭدەك بولۇشىنى تىلەيمەن ، — جۇ ۋېيمىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، — مەن ئىشخانامغا چىقاي ، نۇرغۇن ئىشلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

www.uyghurkitap.com

— كاتىپىڭچۇ ؟ سەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى دەۋاتامەنلىك ؟

— هەي ! يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس. ئۇرۇپ چىققان خەتلىرىدە خاتالىق كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ ئەھۋالدا مەن ئالدىراش بولماي كىم ئالدىراش بولسۇن ؟!

— ئۇنى ئەدەپلەپ قويساڭ بولىدىغۇ ، ھۆكۈمەت ئىشى دېگەن ھۆكۈمەت ئىشى . قانداقمۇ شەخسى ئىشنى باھانە قىلىپ ، ھۆكۈمەت ئىشىغا دەخلى قىلغىلى بولسۇن ؟

جۇ ۋېيمىن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . شۇنداق ، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى جۇ ۋېيمىن بولغان بولسا ، ئۇنىڭ دېگىنىدەك كې ۋېنۋېننى راسا بىر ئەدەپلەپ قويغان بولاتتى . ئۇ ھازىر ئۇنداق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپنىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمايدۇ ، بەزىدە تېخى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپمۇ قالىدۇ . بۇ كۈلگۈنچەك شاھزادە بۇ قېتىم مەلىكىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ .

× × ×

كې ۋېنۋېن يەنە ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . بۇ ئۇنىڭ بۈگۈن 5 ـ قېتىم قېتىپ تۇرۇپ قالغىنى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئامال يوق . ئۇ خىزمەتكە كۆڭۈل قويۇشقا ئامالسىز . خې گۇاڭدانىڭ ئىشى ئۇنى يەتكۈدەك قىيناۋاتاتتى .تۈنۈگۈن ئۆيگە تېلېفون بېرىۋىدى ، ئاپىسى يەنە ئەزۋەيلەپ سۈرۈشتۈردى . ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە دادىسى ئىنتايىن خاپا بوپتۇ . ئۇنىڭ ئاجرىشىش سەۋەبىنى چوقۇم ئېنىق بىلمەكچى ئىكەن . خې گۇاڭدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ، پەسكەش ئادەم . يەنە كېلىپ يېقىندىن بېرى ئۇ خې گۇاڭدادىن قورقۇپ قېچىپ يۈرىدۇ . ناۋادا بۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاتا ـ ئانىسىغا دەيدىغان بولسا ، بەلكىم ئىش يوغىناپ كېتىشى ، شۇ سەۋەبتىن ئىشنى يىغىشتۇرغىلى بولماي قېلىشى مۇمكىن . كې ۋېنۋېن جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى . ئاددىيلا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى . لېكىن ئاپىسى قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا ئامال قىلال-

ماي : « مىجەزىمىز كېلىشەلمەيدىكەن . زادىلا چىقىشالمىدۇق . داۋاملىق ئۇرۇش - جېدەل قىلساق ، سىلەرمۇ خاتىرجەم بولالمايسىلەر . ھازىر ئىنتايىن ياخشى بىر يىگىتىم بار . مەندىن ئەنسىرىمەڭلار ، ئۇنى ئېلىپ سىلەرنى يوقلاپ بېرىپ قالارمەن » دەپ يالغان ئېيتتى . بىراق ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق ئاساسسىز گەپلەرگە ئاسانلا ئىشىنىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى . بولۇپمۇ دادىسى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ، ئەمدى ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمىگىچە بولدى قىلمايتتى . ۋاي ، خۇدايىم ، ئەمدى ۋېنۋېن لاياقەتلىك ئوبدان بىر ئوغۇل دوستنى نەدىنمۇ تاپار ؟ ئۇنىڭ قايتا توي قىلغۇسى يوق . بىر قېتىملىق ئاچچىق ساۋاق ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئىبرەت بولىدۇ . « ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى پاتقان جايغا قايتا پۇتنى سالمايدۇ » ئەمەسمۇ . ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ يالغۇز تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى . بەزى چاغلاردا كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى سايە » ئۇنى چۈشلىرىدە مالىماتاڭ قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىپ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى . ئۇ ئەمدى بىر ئەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا ئارىلىشىپ ئۇنى باشقۇرۇشىغا موھتاج ئەمەس .

— يەنە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ ؟ ! — سورىدى جۇ ۋېيمىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

كې ۋېنۋېن خۇددى چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك :

— كەچۈ - كەچۈرۈڭ ، نېمە دېدىڭىز ؟ — دېدى .

— سىزنى ئۈچ قېتىم چاقىردىم . ۋېنۋېن ! سىزگە زادى نېمە بولدى ؟ بۇ ئەھۋالىڭىزدا قانداقمۇ ئىشلىيەلەيسىز ؟ — ھازىر ئىككىسى خېلىلا يېقىن بولۇپ قالغانىدى ، شۇڭا جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ ئىسمىنىلا چاقىراتتى . ۋېنۋېن ئانچە كۆنەلمىسىمۇ بىراق ھودۇقۇپ ، تەمتىرەپ « باش دىرېكتور » دەپ يۈرمەيتتى . ئادەتتە زۆرۈرىيەت بولمىسىلا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرمايتتى .

— كەچۈرۈڭ ، مەن . . .

— بولدى ، ماڭا ناماقۇل بولىۋەرمەڭ . يېقىندىن بېرى مەن تولا

ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتىمەن . بۇ كۆڭلىڭىزنىڭ تازا جايىدا بولمىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ . ياق ، بۇ سىزنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس . پەقەت سىزنىڭ نورمال ھالىتىڭىزگە قايتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . مېنىڭ ئىشلىرىم ئەسلىدىنلا ئىنتايىن كۆپ ئىدى . شۇڭا سىز ماڭا ياردەملەشكىلى كەلگەن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇھ تارتىپ .

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن . مەن . . . مەن چوقۇم دىققەت قىلىمەن ، — دېدى كې ۋېنۋېن ناھايىتى خىجىل بولۇپ .

جۇ ۋېيمىن ئۇنى تەگلىكتە قالدۇرماقچى ئەمەس . ئۇنىڭ بىر دەردى بارلىقىنى بىلىدۇ . لېكىن ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىئارام بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ ، بەلكىم ئۇنىڭ تۈزۈك كىرەك دوستلىرى ، دەردىنى تۆكۈپ بەرگۈدەك ئادىمى يوقتۇر . ھەي ! چوقۇم شۇنداق . ئۇنىڭ بىردىنبىر دوستى لو ھەدە ، بىراق لو ھەدىنىڭ ئائىلىسى ، بالىسى بولغاچقا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش . ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغۇدەك ۋاقتى يوق ، ھەي ! ئەگەر ۋېنۋېن ، جۇ ۋېيمىننى يات كۆرمەي كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرسە ، ئۇ چوقۇم دەردىگە دەرمان بولاتتى .

— ماڭا پەقەتلا دېگۈڭىز يوقمۇ ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن .

— دېگۈدەك . . . دېگۈدەك ھېچ ئىش يوق . راست ، — كې ۋېنۋېن يەرگە قارىدى . چۈنكى ئۇ جۇ ۋېيمىننىڭ قاراشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى .

— بىراق مەن سىزنىڭ مۇنداق خاراموش ، ھېچنەرسىگە قىزىقمايدىغان تۇرقىڭىزدىن خۇيمۇ زېرىكتىم . بۇ تۇرقىڭىزنى كۆرسەم ئىنتايىن بىئارام بولىدىكەنمەن ، — جۇ ۋېيمىن « پەقەت چىدىمايدىكەنمەن » ، دېمەكچى ئىدى .

— جۇ ئاكا ! بىلىمەن ، ماڭا كۆيۈنىسىز ، بىراق بۇ ئىشلار . . . ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم سىزگە دەپ بېرىمەن . ھازىرچە كوچىلاپ سورىماڭ . چۈنكى راستلا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ تەگلىكتە بېشىنى چايقاپ .

جۇ ۋېيمىن ئىلاجسىز ئېغىر خورسىندى . ھەرھالدا ئازراق بول-



www.uyghurkitap.com

سىمۇ ئىلگىرىلەش بار. ئۇ جۇ ۋېيمىنغا چوقۇم دەپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. بىراق ئۇ باشقىلارنى ساقلاشقا ئادەتلەنمىگەن. بەلكىم ئۇ لو ھەدە بىلەن ياخشىراق پاراڭلاشسا، ۋېنۋېننى كۆپرەك چۈشىنەلەرمىكىن – تاڭ.

كې ۋېنۋېنمۇ خىيال قىلماقتا. نېمە ئۈچۈن جۇ ۋېيمىن يېقىندىن بۇيان ئۇنى ئەيىبلىمەيدىغان بولۇپ قالدى. خاتالىق سادىر قىلىپ قالسىمۇ، تۈزىتىشنىلا دەپ قويىدۇ. بەزىدە تېخى «كېرەك يوق» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ زادى نېمە ئىش؟

× × ×

فاڭ لىفەن ئۆيگە ئارقا – ئارقىدىن نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدى. ۋاڭ ئانىدىن ئوخشاشلا «خانىم تېخى قايتىپ كەلمىدى، تېلېفونمۇ بەرمىدى» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى. فاڭ لىفەن ۋاڭ ئانىنىڭ ئاۋازىدىن ئىنتايىن تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىراق ئۆزىنىڭمۇ ئوخشاشلا جىددىيلىشىپ، خاۋاتىرلىنىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولدى. چى شياۋيىن چۈشلۈك تاماقنىمۇ كەلمىگەن بولسا ئۆيدىن بىراقلا چىقىپ كەتكەنمىدۇ. ئەجەبا، ئۇ ئىتلىرىنىمۇ ئويلىمىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ دەرھاللا قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۆيگە ئۈچۈپ بارغۇسى كەلدى. لېكىن تەيبېيگە كاماندۇرۇپكىغا بېرىپ بىر ھەپتە تۇرۇپ قالغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ دېگەن فاڭ جەمەتى كارخانىسىنىڭ باش مۇدىرى. تاشلاپ ئۆيگە قاتىرىغىلى تۇرسا، خەق قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى، بىراق قولى ھېچقانداق ئىشقا بارمىدى. ئۇ يەنە ئىككى قېتىم تېلېفون قىلىۋىدى، چى شياۋيىندىن يەنىلا خەۋەر يوق بولۇپ چىقتى. ئاخىر فاڭ لىفەننىڭ تاقىتى – تاق بولدى. ياندىكى ئىشخانىغا تېلېفون بېرىپ، جۇ ۋېيمىنغا دەرھال يېنىغا كىر-

شنى تاپىلىدى . جۇ ۋېيمىن « دەرھال » ئىشخانىغا ھازىر بولدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن .

— ئۆيگە بالدۇرراق قايتاي . بىر تەرەپ قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن . سەن بىردەم ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ تۇرغىن . مەن ۋاڭ مۇدىرنىڭ تېلېفونىنى ساقلاۋاتاتتىم . ئەگەر ئۇنىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالسا ، ئۆزرەمنى ئېيتىپ ، مېنى جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ، سىز بىلەن ئەتە ئالاقىلاشماقچى دەپ قويغىن ، — دېدى فاڭ لىفەن شىرە ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرغاچ .

جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى باسالمايۋاتقان تۇرقىغا قاراپ ، ئىچىدە ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى . بىراق بۇنداق چاغدا چاقچاق قىلىپ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمىدى . پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپ : « چاتاق يوق ، مېڭىۋەرگىن » دەپ قويدى .

فاڭ لىفەن چىقىپ كېتىشىگىلا ، لو يايى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— شياۋجۇ ، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ؟ پۈتۈن بىر كۈن ئۇ پەقەتلا ئولتۇرالماي قالدى . مانا ئەمدى ئالدىراپلا قايتتى ، — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ .

— ئۇ يېڭىلا توي قىلغاندىكىن ، خوتۇنىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتكەندۇ . بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار ؟ بىز تۆۋەندىكىلەر باشلىقىمىزنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىغا تولا كۆز - قۇلاق بولماي ، ھالىغا يېتىشمىز كېرەك .

— مېنىڭچە ئۇ بەخت پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ئادەمگە ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ . ئۇنىڭ رەڭگى - روھىغا سەپسالمىدىڭىزمۇ ؟ خۇددى بىركىم ئارپىسىنى خام ئورىغاندەك قاپىقىدىن مۇز ياغىدۇ ، — دېدى لو يايى ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

— بىرى ئارپىسىنى خام ئورىغان بولسا ، چىرايى بۇنچە سەت بولۇپ كەتمەستى .

— ھە ، گېپىڭىزچە ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلىدىكەن-

سىزدە، — ماڭا دەپ بېرىڭا، ھەرگىز سىرتقا يېيىپ يۈرمەيمەن، — دېدى لو يايى جۇ ۋېيمىنگە قاراپ.
— بولدى قىلايلى. بۇ دېگەن فاڭ لىفەننىڭ شەخسىي ئىشى. مەن ئۇنداق ئاغزى بوشلاردىن ئەمەس.
— ماڭىمۇ دېگىلى بولمامدۇ؟
— بولۇپمۇ سىزدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بولمىسا ئەتە پۈتۈن شىركەتكە پۈر كېتىدۇ - دە، مېنىڭ كۈنۈم تەس بولىدۇ.
لو يايى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ، تاق - تاق دەسسەپ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
جۇ ۋېيمىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلىپ كې ۋېنۋېنغا ئۆزىنىڭ باش مۇدىر ئىشخانىسىدا ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر تېلېفون كېلىپ قالسا، مۇشۇ يەرگە ئۇلاپ بېرىشىنى تاپىلاپ قويدى. تېلېفوننى قويۇۋېتىپ دەرھال بىر ئىش ئېسىگە كەلدى - دە، لو يايىنىڭ ئالدىغا باردى:
— لو ھەدە، سىزدىن بىر ئىشنى سوراي دېۋىدىم.
— ئوھوي، بايىلا مېنى سۆز تارقىتىدىغان « رادىئو ئۈزۈلى » دەپ مازاق قىلىۋاتاتتىڭىز. ئەمدى كەچۈرۈم سورىغىڭىز كېلىپ قالدىمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، دېدى لو يايى قىيىداپ.
— بۇ سۆيۈملۈك سىڭلىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەمسىز - يا؟
— ۋېنۋېن؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — لو يايى جىددىيلىشىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.
جۇ ۋېيمىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، ئۆزىمۇ بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى:
— بىر ئىشقۇ بولغىنى يوق. لېكىن ۋېنۋېن يېقىندىن بېرى غەلىتە بولۇپ قالدى. كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس. ھەدېسىلا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ. نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ بىر دەردى بار، ئۇ سىزگە بىر نېمە دېمىگەنمىدى؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لو يايى بېشىنى چايقىدى :

— يېقىندىن بېرى بىز ئانچە كۆپ ئۇچرىشالمىدۇق . بىرەر يەركە بېرىپ كېلەيلى دېسەم ، دائىم ئىشىم بار دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ . ئۆتكەندە بىزنىڭ ئۆيگە تاماقتا بېرىشقا دېيىشىپ قويغانىدۇق ، كېيىن ئۇ ئىشىم چىقىپ قالدى ، دەپ بارمىدى . مەن ئۇنى بىرەر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولسا ، ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

— ئۇنىڭ يىگىتى بارمىكەن ؟ سىز كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى جۇ ۋېيمىن .

— ياق كۆرمىدىم . بۇ مېنىڭ پەرزىم . بىراق ئويلاپ باقسام ، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ئۇ نىكاھتىن يېڭىلا ئاجراشقان . مۇھەببەتكە نىسبەتەن ئىشەنچىنى يوقاتقان تۇرسا ، قانداقسىگە بىردەمدىلا باشقا بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشسۇن . بۇ چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئەخمىقانە خىيالىم .

— شۇنداق ، بۇ چوقۇم سىزنىڭ قالايمىقان خىيالىڭىز .

— نېمانچە ۋارقىراپ كېتىسىز ؟ ئۆزۈممۇ قارىسىغىلا پەرەز قىلغىنىمنى ئېتىراپ قىلىۋاتىمەنغۇ ، تازىمۇ بىر نېرۋا ئىكەنسىز .

— بۇ گەپچە ئۇ راستلا ھېچنەرسە دېمىدى ھەم باشقىچە بىرەر ئەھۋالمۇ يوق ، شۇنداقمۇ ؟

لو يايى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئويلاندى :

— يوق ، ۋېنۋېننىڭ تۇرقى ئەزەلدىنلا شۇنداق . ئۇ بەك جىمغۇر تارتىنچاق . بۇ مىجەزى زادىلا ئۆزگەرمىدى . پەقەت . . . — ئۇ توساتتىنلا ۋارقىرىۋەتتى ، — ھە ، ئېسىمگە كەلدى .

— تېزرەك دېسىڭىزچۇ ! — ئالدىراتتى جۇ ۋېيمىن جىددىيلەشىپ .

— ۋېنۋېن شىركەتكە ئىشقا چۈشمەكچى بولغاندا ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كىيىم ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا بارغان ، توساتتىن ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئېرى ، ھە راست ، ئىلگىرىكى ئېرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق .

ۋېنۋېن ئۇنى كۆرۈپ بىردىنلا قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى .

— ھە ! ئېرى ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېگەنمىدى ؟

— ياق . مەن ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كەتكىنىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم . چۈنكى ئۇ خۇددى ساراڭدەكلا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئېرى ناھايىتى ئەدەپلىك ئادەمكەن . ھېچ بىر قاملاشمىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىشلارنى قىلىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ .

جۇ ۋېيمىن گەپ ـ سۆز قىلماي چوڭقۇر خىيالغا پاتتى .

— بىراق ، بۇ ئىشقا خېلى ئۇزۇن بولدى . ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتۇ ؟ — دېدى لو يايى .

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس . بەلكىم ئۇ ئېرىنى يەنە ئۇچراتقان بولۇشى مۇمكىن .

— شۇنداقمىدۇ

— بۇنى ۋېنۋېن ئۆزىلا بىلىدۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇۋھ تارتىپ .

ئۇنىڭ ۋېنۋېننىڭ ئىسمىنىلا دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ھەيرانلىقتىن لو يايىنىڭ قاشلىرى مىدىرلاپ كەتتى . قارىغاندا يېقىندىن بېرى ئۇلار ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك . جۇ ۋېيمىن لو يايىنىڭ گۇمانى نەزەردە ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سەزمىدى .

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق پاراڭلىشىپ بېقىڭ ، ئۇ سىزگە ئېيتىشنى خالاپ قېلىشى مۇمكىن . دەردىنى بىرەرسىگە تۆكۈپ بەرسە ، ئىچى بىرئاز بوشاپ قالىدۇ . ئەكسىچە ئىچىگە سىلىپ يۈرسە ، ئۆزىگە كېسەل تېپىۋالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇ ھەرگىزمۇ خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىيەلمەيدۇ .

— ئۇنىڭغا ئەجەبمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىز ـ ھە ؟ — دېدى لو يايى كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ .

جۇ ۋېيمىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . بىراق دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى :

— ئۇ مېنىڭ شەخسىي كاتىپىم . دائىم ئاشۇنداق خاراموش

يۇرسە ، قانداقمۇ سۇرۇشتە قىلماي تۇرالمايمەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزغان خەتلىرىدىن خاتالىق يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكىدىن كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئەلۋەتتە بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن.

— مۇنداق دەڭ !

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسىز ؟

— ياق ! قانداقمۇ پېتىنالايمەن ؟ — دېدى لو يايى كۆزلىرىنى شوخلۇق قىلىپ

— سىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس ، — دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ ، — ۋاقتىڭىز يەتسە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىپ ، ياردەملەشكۈدەك ئىش بولسا « هايت » دەۋەتەرسىز .

— ماقۇل .

جۇ ۋېيمىن باش مۇدىرنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . كاللىسىدا بولسا ، لو يايى تەسۋىرلەپ بەرگەن ھېلىقى ئەدەپلىك سىپايە ئەرنىڭ — ۋېنۋېننىڭ بورۇنقى ئېرىنىڭ — تۇرقى نامايان بولماقتا ئىدى . ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەندۇ ؟ ۋېنۋېن ھېلىقى ئادەمدىن نېمىشقا شۇنچە قاتتىق بىزاردۇ ؟ ئەجەبا . . . ئۇ ئادەم ئاشنا تۇتۇۋېلىپ ۋېنۋېننى تاشلىۋەتكەن بولغىمىدى ؟

جۇ ۋېيمىننىڭ قەلبىدە غەزەپ بورىنى كۆتۈرۈلدى . ئەگەر ئۇ ئاشۇ ساختىپەز ، پەس ئادەمنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا دۇمبالاپ ، دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمەي قويمايدۇ . ئۇنىڭ ساختا سىپايىلىقى قۇرۇپ كەتسۇن !

× × ×

فاڭ لىفەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، ۋاڭ ئانىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا چىشياۋيىننىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندى - دە ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى .

— ئۇنىڭ دەرس ئۆتىدىغان يېرىگە تېلېفون بېرىپ سوراپ باققىڭىزمۇ ؟

— ھەئە ، سورىدىم . بىراق بۈگۈن دەرسى يوقكەن ، — دېدى ۋاڭ ئانا جىددىيلىشىپ .

فاڭ لىفەن جىمىپ كەتتى . ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان غەزەپىنى زورىغا بېسىپ :

— ئۇ قايتىپ كەلسە ، يېنىمغا چىقسۇن . مەن كۈتۈپخانىدا ، — دېدى .

ۋاڭ ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى .

ئۇ كۈتۈپخانىغا كىردى . قولى ئىشقا بارىدىغاندەك ئەمەس . ئىشخانىدىن ئېلىپ كەلگەن ھۆججەتلەرنى ئېچىپمۇ باقمىدى . ئەجەبا ، ئۇ نېمىنى خاتا قىلدى ؟ ئاشۇ ئىتلار شىياۋيىن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدۇ ؟ ئۇ شۇلارنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشكنى ئېچىپ پەسكە قاراپ ۋارقىرىدى :

— ۋاڭ ئانا ! بۇياققا چىقىڭا !

ۋاڭ ئانا قورقۇپ تۈگۈلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى . فاڭ لىفەن ئەنە شۇ چاغدىلا ، ئۆزىنىڭ ئەلپازىنى بەك يامان قىلغانلىقىنى سەزدى ھەمدە ئاۋازىنى سىلىغلىتىپ :

— قورقماڭ ، مەن بەزى ئىشلارنى سوراپ باقماقچى

— بو . . . بولىدۇ ئەپەندى .

— ھويلىدىكى ئاۋۇ ئىتلار قانداق گەپ ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن .

— ھە ! ئۇلار خېنىم . . . خانىمنىڭ .

— نېمانچە كۆپ ؟

— خانىم بىر ـ بىردىن ئەكېلىپ باققان . ئۇ ئىتلارغا ناھايىتى ئامراق ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدەك كۆرىدۇ . بېگىم ـ ئىلگىرىكى بېگىم نەچچە قېتىم ئۇلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغان . بىراق خانىم جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان .

— ھە ! شۇنداقمۇ ؟

ۋاڭ ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ ئەستايىدىللىق بىلەن :

— خېنىم . . . خانىم ئىچىدىدىن ئارتىپلا تەنھا ياشىدى . چوڭكى بېگىم بىلەن ئايالى بۇرۇنلا ئاجرىشىپ كەتكەن . خانىم دەسلەپتە ئاپىسى بىلەن تۇرغان . ئۇن ياشقا كىرگەن يىلى بۇ يەرگە كەلگەن . بېگىمنىڭ ئايالىغا ئوخشاشلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان . . .

— شۇڭا ئۇ ئىت باققان . شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە . ئۇ كۈچۈكلەرنىڭ كوچىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالسىلا ، چىديالماي ئۆيگە ئەكىلىپ ، يۇيۇپ - تاراپدۇ ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپمۇ قويىدۇ . مەن قارىسام ، ئىتلىرى بىلەن بىرگە بولغاندىلا ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن .

— بولدى ! چۈشۈپ كەتسىڭىز بولىدۇ . يادىڭىزدا بولسۇن ، خانىم قايتىپ كەلسە دەرھال يېنىمغا چىقسۇن .

ۋاڭ ئانا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ خىيالغا پاتتى . چى شياۋيىنغا ئۆزىنىڭ بۇ دوستلىرى ھەققەتەن مۇھىم ئىكەن - دە . ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئىتنىڭ سىرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىنى ، باشقىلارغا بوزەك بولغىنىنى كۆرگۈسى كەلمىسە كېرەك . شۇڭا فاڭ لىفەننىڭ ئىتلارنى ھەيدىۋېتىمەن دېگەن گېپى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولغان ئوخشايدۇ . بەلكىم . . .

تـوساتتىن ۋاڭ ئانىنىڭ چۆچۈپ ۋارقىرىغىنى ، خېنىم دېگەندەك گەپلىرى ئاڭلاندى . فاڭ لىفەن يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ، ئورنىـدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن دەرھال ئېسىنى يىغىپ ، مەغرۇرلۇق ، مەنمەنچىلىكىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇچقاندەك پەسكە يۈگۈردى .

دەرۋازا ئوچۇق ، سىرتتا قاچانلاردىندۇر يامغۇر يېغىپ ، چىملىقنى سۇغۇرۇپ ئۆيەر - بۇيەردە تېخى كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەر ھاسىل قىپتۇ . خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك ، پۈتۈن ئەزاسى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن چى شياۋيىن ۋاڭ ئانىغا يۆلىنىپ تۇراتتى . ئاق قەغەزدەك ئاقارغان يۈزىدە قان دىدارى يوق ئىدى . ۋاڭ ئانا تىت - تىت بولۇپ چى شياۋيىننىڭ ئىسمىنى توختىماي چاقىراتتى ، بىراق ئۇ-

نىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى .
فـاڭ لىفەن پەسكە چۈشۈپلا ، چى شياۋيىننى قۇچىقىغا ئالدى ھەمدە ۋاڭ ئانىغا :
ـــ ئۈستىگە چىقىپ ۋانىنىغا لىق سۇ قۇيۇپ بېرىڭ ، ـــ دېدى .
ۋاڭ ئانا دەرھال ئۈستىگە يۈگۈردى . فاڭ لىفەن ئۇچەتك يېنىك چى شـياۋيىننى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە ۋاڭ ئانىغا ئەگەشتى . ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئـۇنىڭ كىيىملىرىنى سـالـدۇرۇپ ، نېـپىز ئەدىيالغا مـەھكەم ئورىدى ـ دە ، ئاندىن مۇنچىغا ئېلىپ كىردى .
ـــ ئەپەندى ، سۇ تەييار بولدى .
ـــ سۇ قىزىق بولۇپ قالمىغاندۇ ؟ ـــ سورىدى فاڭ لىفەن .
ـــ ياق ، مەن قولۇمنى سېلىپ سىناپ باقتىم .
ـــ بوپتۇ . سىز دەرھال دوختۇرغا تېلېفۇن بېرىۋېتىڭ ، تېز كـەلسۇن . ئىش ئۈستىلىمدىكى تېلېفۇن دەپتىرىدە تېلېفۇن نومۇرى بار .
ۋاڭ ئانا يۈگۈرگەن پېتى مۇنچىدىن چىقىپ كەتتى .
فاڭ لىفەن ئەدىيالنى ئېلىۋېتىپ ، چى شياۋيىننى ئاۋايلاپ ئىسسىق سۇدا ياتقۇزدى . ئۇ بوش ئىڭراپ قويدى ، ئەمما كۆزىنى ئاچمىدى .
ئۇ ئىمكانقەدەر چى شياۋيىنغا تىكىلىپ قاراشتىن ئۆزىنى تارتتى . بولمىسا 20 ياشلىق ، تولغان ، گۈزەل ، نازۇك تەن ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرماي قالاتتىمۇ . ئۇ ھازىر ئاغرىپ ياتىدۇ . مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئۇنىڭ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغۇسى يوق . فاڭ لىفەن ئۇنى ئۇن مىنـۇتچە سۇدا ياتقۇزدى ، مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەندە ، ئاندىن ئۇنى سۇدىن ئېلىپ ئەدىيال بىلەن ئوراپ كۆتۈردى . شۇ ئىشلارنى تۈگەتـكـەندە پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ، كۆڭلەك شىملىرى سۇ بولۇپ كەتتى .
ئۇلار مۇنچىدىن چىققاندا ۋاڭ ئانا تەشۋىشلەنگەن ھالدا كارىۋات يېنىدا ساقلاپ تۇراتتى .
ـــ خېنىم ئۇ . . .
فـاڭ لىفەن ۋاڭ ئانىنىڭ خاتا چاقىرغىنىغىمۇ تۈزىتىش بەرمەي

چى شىاۋيىننى ئاۋايلاپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ، يوتقاننى يېپىپ قويدى . ئاندىن ۋاڭ ئانىغا :
ــ ئۇنىڭغا ئۇخلاش كىيىمى كىيدۈرۈپ قويۇڭ ، رەختىي يۇڭ شاقراقتىن بولسۇن ، ــ دېدى .
ۋاڭ ئانا دەرھال بۇيرۇق بويىچە چى شىاۋيىننىڭ ھۇجرىسىدىن ئۇخلاش كىيىمى ئاچىقتى .
ــ تېلېفون بەردىڭىزمۇ ؟
ــ بەردىم . دوختۇر ھازىرلا يېتىپ بارىمەن دېدى ، ــ ۋاڭ ئانا يۇمشاق پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئۇخلاش كىيىمىنى چى شىاۋيىنغا كىيدۈرۈپ قويدى . فاڭ لىفەن ۋاڭ ئانىنى ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ :
ــ ئېيتىڭا ، بايا نېمە ئىش بولدى ؟ ــ دەپ سورىدى .
ــ مەن ـ مەنمۇ بىلمەي قالدىم . سىزنىڭ يېنىڭىزدىن چىقىپ ، پەسكە چۈشۈپ تاماققا تۇتۇش قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ خېنىم ، ياق خانىم دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ كەلدى . ئۇ . . . ئۇ ئىسىمىنى چاقىرىپلا ھوشىدىن كەتتى . . . ئەپەندى ! ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولماس ؟ چىرايى . . . ــ ۋاڭ ئانا كىككەچلەپ كەتتى .
ــ دوختۇرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى . ئەنسىرىمەڭ ، ــ فاڭ لىفەن ئۆزى شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى .
ــ سىز چۈشۈپ ئازراق قىزىق شورپا تەييارلاڭ . بەلكىم دوختۇر بىرەر نەرسە يېگۈزۈشنى بۇيرۇشى مۇمكىن .
ۋاڭ ئانا چىقىپ كەتتى . فاڭ لىفەن ئۇنىڭ قىزىللىق يۈگۈرگەن ئالمىدەك مەڭزىگە قارىدى ، ئۇتتەك قىزىپ كەتكەن پېشانىسىنى سىلاپ ، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . چى شىاۋيىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇنچە قىينايدىغاندۇ ؟ ئەجەبا ، ئۇنى ئازابلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ ؟ بولدى ! ئۇنىڭ نەچچە ئىت باققۇسى بولسا شۇنچىنى باقسۇن . مۇشۇنداق ئاغرىپ يېتىپ قالمايدىغانلا بولسا ، نېمە

قىلسا مەيلى . فاڭ لىفەننىڭ بۇنداق پۇشايمان ئەلەمنى قايتا تارتقۇسى يوق .

× × ×

چى شياۋيىننىڭ قاپاقلىرى شۇنچە ئېغىر ، بېشى بولسا ، بىرسى بازغان بىلەن ئۇرۇۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى . مەيدىسى چىڭقىلىپ ئاغرىپ ، هاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك نەپەس ئېلىشى قىيىن بولۇۋاتاتتى .

ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ، كىمنىڭ ئۆزىنى شۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن سىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى . بۇ ئاپىسىمىدۇ ؟ دادىسىمىدۇ ـ يا ؟

بۇ قولنىڭ قوپال ، چوڭلۇقىدىن قارىغاندا چوقۇم دادىسى بولۇشى مۇمكىن . دادىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە ، بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ قولدىن بىرخىل مېھرىبانلىق ، ئىللىقلىق سېزىدۇ ؟ ئۇ كۆزىنى ئېچىشى كېرەك ، چۈنكى ئىتلارنىڭ قورسىقى ئاچتى . ئۇلارغا يەيدىغان نەرسە بېرىشى كېرەك .

ۋاي خۇدا ! ئۇ . . . فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئىتلىرىنى هەيدىۋەتمەكچى ئەمەسمىدى . بولمايدۇ ! ئۇنى توسۇپ قېلىش كېرەك . ئۇ چوقۇم يول قويماسلىقى كېرەك . ئۇ بۇ سۆيۈملۈك ئىتلىرىنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىنى خالىمايدۇ . . .

— شياۋيىن ـ شياۋيىن . . . — بىرسى ئۇنى چاقىرماقتا .

ئۇ كۆچەپ كۆزىنى ئاچتى ، لېكىن پېشانىسىنى سىلاۋاتقان قولنىڭ فاڭ لىفەننىڭ قولى ئىكەنلىكىنى سەزمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە فاڭ لىفەن ئىتلىرىمنى هەيدىۋېتىدۇ دېگەن خىيال هۆكۈم سۈرمەكتە .

چى شياۋيىن ئىنتايىن تەسلىكتە فاڭ لىفەننىڭ قولىنى تۇتتى . گەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ :

— سىزدىن ئۆتۈنەي . . . ئۆتۈنۈپ قالاي . . . ئىتلىرىم . . . ئۇلارنى هەيدىۋەتمەي . . . — دېدى .

— هۇش ! بۇنى بىلمەن . بولدى سۆزلىمەڭ ، — فاڭ لىفەننىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاۋازى ئىنتايىن مۇلايىم ئىدى.

— مەن . . . مەن نۇرغۇن ئادەمدىن سورىدىم . . . — ئۇ نەپەس ئېلىشتا قىينىلىۋاتاتتى، — ئۇلار . . . ئۇلار چوڭ ئىتلارنى باقمايدىكەن . . . ھېچكىممۇ ئۇلارنى بېقىۋېلىشنى خالىمىدى . . . ھېچكىم سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. ئۆزۈم پۇل يىغىپ ئۇلارنى بېقىپ كېتەلەيمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي . . . ئۇلارنى ھەرگىز ھەيدىۋەتمەڭ. سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، مېنى ئۇلار بىلەن بىرگە ياشىغىلى قويۇڭ.

چى شياۋيىننىڭ ئۆزۈپ ــ ئۆزۈپ دېگەن سۆزلىرىدىن، چى شياۋيىننىڭ بۇگۈن پۈتۈن بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى فاڭ لىفەننىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولماقتا. ئەنە، كوچىدا زىلۋا، ياش، ئىنتايىن ساھىبجامال بىر قىز. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەمدىن، ئىتىمنى بېقىۋالامسىلەر دەپ سورىماقتا. ئادەتتە كەم سۆز بۇ قىز بۈگۈن خۇددى قۇچقاچتەك ۋىچىرلاپ، ئىتلىرىنىڭ نەقەدەر ياۋاش، سۆيۈملۈك، ساداقەتمەنلىكىنى زېرىكمەي تەرىپلىمەكتە. لېكىن چوقۇم ھەممە ئادەم ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ھازىر كىممۇ تالادىن تېپىۋالغان يەرلىك ئىتنى بېقىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ قىممەت باھالىق ئىتلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆز بايلىقىنى باشقىلارغا ماختاپ، كۆز ــ كۆز قىلىدىغان بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ قالغان. كىممۇ بۇ ئىتلارنى شياۋيىنغا ئوخشاش ئۆز قېرىنداشلىرى، دوستلىرى قاتارىدا كۆرىدۇ دەيسىز؟

ئۇ ئۆزىنىڭ چى شياۋيىنغا قانچىلىك رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى. چى شياۋيىن دېگەن نادانىنىڭ قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغانىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنى ئەجەب چۈشەنمەي يۈرۈپتۇ. ئەجەبا، ئۇ چى شياۋيىننىڭ پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئاشۇ تۆت پۇتلۇق مەخلۇقلارغا بېغىشلىغانلىقىغا قىزغانغانمىدۇ، ھەسەت قىلغاندىمۇ؟ ئەخمىقانە ھەسەتخورلۇق سەۋەبلىك چى شياۋيىن ئۆپكە ياللۇغى بولغىلى تاس قالدى.

فاڭ لىفەن ئۇنى سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭ تونۇشقىنىغا نەچچە كۈن

بولغان بىر قىزنى ياخشى كۆرۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا نېمىگە بۇنچە ھەسەت قىلىدۇ؟ ھازىر چى شياۋيىن ئۇنىڭ خوتۇنى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇ پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىشى كېرەك. فاڭ لىفەن غەزەپ بىلەن «بولۇۋاتقان بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلار، كۆڭۈل- سىزلىكلەرگە مۇشۇ ئۆلگۈر توي سەۋەبچى بولدى...» دەپ ئويلىدى.

چى شياۋيىن ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋېدى، فاڭ لىفەن دەرھال:

— ياخشى دەم ئېلىڭ، سۆزلىمەيلا قويۇڭ. مەن ئېتىلىرىڭىزنى ھەيدىۋەتمەيمەن. ھەممىنى باقىسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى ئۇ ۋەدە بېرىپ.

چى شياۋيىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. نەپەسلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا جايىغا چۈشتى.

فاڭ لىفەن قولى ئۈستىگە تاشلانغان چى شياۋيىننىڭ قولىغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ خوتۇنى پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بې- غىشلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۆتۈشى مۇمكىن.

ھەي! دادا! ئاپا! ئوغلۇڭلارنىڭ قانچىلىك زور بەدەل تۆلەۋات- قانلىقىنى كۆرۈۋاتقانسىلەر ـ ھە!...

# 7

كې ۋېنۆبېن بىلەن لو يايى كې ۋېنۆبېننىڭ كاتەكتەك ئۆيىدە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا جىمجىت ئولتۇراتتى.

قوشۇمىسى تۈرۈلگەن لو يايى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ۋېنۆبېن زادى نېمە بولدىڭىز؟ بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايسىزغۇ.

كې ۋېنۆبېن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارىدى. ئاندىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان خىيال سۈرۈپلا

www.uyghurkitap.com

يۇرىدىغان خاراموش ھالىتىدىن ئۆزىمۇ زېرىكككەنىدى.

يا خې گۇاڭدا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمىدى ، يا شىر كەتتىكى ئا-چاڭنىڭ بىرەر نورمالسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم ئۇ ، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن . لو ھەدىسىنىڭ بۈگۈن كېلىشىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ يېقىنقى بىنورمال كەيپىياتىدىن ئەنسىرىگەن گەپ . ئۇ ئۆزىچە قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ جۇ ۋېيمىن بىلەن لو ھەدىسىنى پاراكەندە قىلغىنىدىن ئىنتايىن خىجىل بولدى .

— ھەدە ، ماڭا شۇنچە كۆيۈنگەنلىكىڭىزگە رەھمەت .

— ئوھو ! شۇنى بىلىپسىز ـ ھە ! — دېدى لو يايى ئۇنىڭغا قاراپ چاقچاق قىلىپ .

— كەچۈرۈڭ ، يېقىندىن بېرى كەيپىياتىمنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى راست . چوقۇم جۇ . . . باش دىرېكتور سىزگە دېدىغۇ دەيمەن ؟

— بولدى قىلىڭە ! جۇ ۋېيمىن ئىسمىڭىزنى چاقىرىۋاتسا سىز تېخىچە ئۇنى « باش دىرېكتور » دەپ يۈرەمسىز . مەندىن يوشۇرماڭ ، — دېدى لو يايى يېقىملىق كۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراپ .

— نېمىدەپ ماڭا بۇنداق قارايسىز ؟ بىز پەقەت دوست خالاس . نېمىشقا ئىسمىمنى چاقىرسا بولمىغۇدەك ، — دېدى كې ۋېنۋېن ئالمىدەك قىزارغان يۈزىنى يوشۇرۇپ .

— مەنمۇ بولمايدۇ ، دەۋاتقىنىم يوققۇ . راست گەپنى دېسەم ، مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى قوللايمەن . ۋېنۋېن ، قارىسام جۇ ۋېيمىن سىزگە بەكلا كۆڭۈل بۆلىدىكەن . سىزنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كەيپىياتىڭىزنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كېتىپتۇ .

— مەن ـ ئۇ مەندىنمۇ نەچچە قېتىم سورىغان . بىراق . . .

— ئۇنىڭغىمۇ دېگىڭىز كەلمەپتۇ . ئەجەبا ماڭىمۇ دېگىڭىز كەلمەمدۇ ؟

— ھەي ، ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىم بولمامدۇ ، ئۆزۈمچە

بىمەنە خىياللارنى قىلىپ ئۆزۈمنى قىينىغانىدەك تۇرىمەن ، — دېدى كې ۋېنۋېن ئاچچىق كۈلۈپ .

— خې گۇاڭدا سەۋەبلىكمۇ ؟ — ئۇسىماقچىلاپ سورىدى لو يايى .

ئۇ باش لىڭشىتتى .

— مەن قايسى كۈنى ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ ـ ئۇ ماڭا بەزى قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلدى . مېنىڭچە ئۇ مېنى ئاسانلىقچە قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس . ھەدە ! شىركىتىمىزگە يېڭى كەلگەن سىرتقى ئىشلار خادىمىنى بىلەمسىز ؟ ئۇنىڭ ئىسمى ئاچاڭ . خې گۇاڭدانىڭ يالاقچىسى . ئۇ خۇددى . . .

— بۇنى جۇ ۋېيمىنغا دېسىڭىز بولماسمىدى ! ئۇلار بىر تەرەپ قىلاتتى .

— بۇ دېگەن شەخسىي ئىشىم تۇرسا . . . بەلكىم ئاچاڭ ھازىر خې گۇاڭدانىڭ يېنىدىن كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن . . . بىراق شۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇكى ، ئۇ ماڭا سالاممۇ قىلمىدى . قاراشلىرىمۇ بىرئاز غەلىتە كۆرۈندى ، — دېدى كې ۋېنۋېن بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن .

— ۋېنۋېن ، بۇنى بالدۇرراق دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى . ئالىمادىن ئۇ سىزگە قەست قىلماقچى بولسا . . . — لو يايى ئۇنى ئەيىبلىدى .

— مېنىڭچە ئۇنداقمۇ بولماس . خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى ، ئۇنى قايتا ئۇچراتمىدىم . ئويلاپ باقسام ، ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ كەتكەن ئوخشايمەن . قىلىقلىرىمغا كۈلگۈم كېلىۋاتىدۇ .

— شۇداقمىدۇ ـ يا . بۇنداق ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بۇنچە يوقىتىپ قويسىڭىز ، خىزمەتكە تەسىر يېتىدىغان گەپ . راستلا بىرئاز ئاشۇرۇۋېتىپسىز .

— جۇ ۋېيمىن ھەممە يەرگە يېيىۋەتمىگەندۇ ؟ — دېدى كې ۋېنۋېن تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

— ياق . سىزگە « كۆيۈنگەنلىكى » ئۈچۈنلا ئۇ ماڭا بۇ گەپـ

www.uyghurkitap.com

لەرنى دېدى . سىز چوقۇم ئۇرنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ ، قەددىڭىزنى رۇسلىشىڭىز كېرەك . شۇندىلا مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولىمەن .

ــ خوپ ! ــ كۈلۈپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتى كې ۋېنۋېن . ئۇ كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشىلىرىنى دوستىغا تۆكۈپ بېرىۋېدى . كۆڭلى باشقىچە ئېچىلىپ ، يېنىكلەپ قالدى . توساتتىن ئاتا ـ ئانىسىغا يالغان سۆزلەپ قويغانلىقى ئېسىگە كەلدى . ۋاي ئۆلەي ، ئۇ مەڭگۈ مۇشۇنداق غەمدىن خالاس بولالماي ئۆتۈپ كېتەرمۇ ؟

قارىغاندا ئۇ ۋاقىتنىچە ئۆيگە تېلېفۇن بەرمەي تۇرسا بولغۇدەك . بىرمەزگىل ئۆتۈپ ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندا ئاندىن بىر گەپ بولار . كې ۋېنۋېن مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرغىنىدا ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ « يېڭى يىگىتى » توغرۇلۇق قىزغىن مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى .

ــ دادىسى ! خېلى ئۇزۇن بولدى ، ۋېنۋېندىن تېلېفون كەلمىدى . مېنىڭچە خەت يېزىپ سوراپ باقسىڭىز بولارمىكىن .

ــ سورىغۇدەك نېمىسى بار . ئاجرىشىدىغان مۇشۇنداق چوڭ ئىشتىمۇ بىز بىلەن مەسلىھەتلەشمىدى ، مانا ھازىر تېلېفۇن بېرىپمۇ قويمايۋاتىدۇ . قارا ، ئۇ بىزنى ئاتا ـ ئانا ئورنىدا كۆرۈپتىمۇ ؟

ــ يائاللا دادىسى . سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز يامان ئەمەسمۇ . ۋېنۋېن سىزنىڭ تىللاپ كېتىشىڭىزدىن قورققان گەپ . بولغۇلۇق بوپتۇ ، ئەمدى خاپا بولغانىڭىزنىڭ پايدىسى يوق . يەنە كېلىپ ھازىر باشقا يىگىت بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ . قىزىڭىزنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمەمسىز ؟

ــ ھىم ! ئۇنىڭ تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش نېمىلەر ، گۇۋاڭدانمۇ ئۆزى تاپقانغۇ ؟ ئۇ يىگىت شۇنچە ئەدەپلىك ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، ئىشلىرىمۇ شۇنچە روناق تاپقان ، ئۇنىڭغا نەرى يارىمايدۇ ؟ مېنىڭچە ۋېنۋېن ئۆزى يېڭىنى كۆرۈپ كونىنى تاشلىغان . قوپاللىق قىلىپ ئېيتساق ، شاللاقلىق قىلغان گەپ .

ــ سىز ـ سىز نېمىدەپ ئۆز قىزىڭىزنى ھاقارەتلەيسىز ؟ ئۇ مېنىڭ قىزىم . ئۇنىڭ ئۇنداق قىز ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىمەن . خەتنى

زادى يازامسىز قانداق ؟ ئەگەر يازمىسىڭىز ، قوشنىمىز ئامىڭنى چاقىرىپ يازدۇرىمەن .

— ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ مۇشۇنداق سەت ئىشنىڭ ئۆيىمىزدىن چىققىنى ئاز كېلىپ ، يەنە سىرتقا يايماقچىمۇ سەن ؟

— ئۇنداقتا يازامسىز يوق ؟

— بوپتۇ ، يازاي ، نېمىدەپ يازىمەن ؟

— يېزىڭ ! بىز ئۇنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىمىز . بىراق ئۇ چوقۇم يۇرۇۋاتقان يىگىتىنى باشلاپ كېلىپ ، بىزگە كۆرسەتسۇن . ئەمدى بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . بىزمۇ پۇرسەت چىقىرىپ ، ئۇنى يوقلاپ بارىمىز . . .

— بىز ئۇنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىمىز . بىراق ئۇ چوقۇم يۇرۇۋاتقان يىگىتىنى باشلاپ كېلىپ بىزگە كۆرسەتسۇن . ئەمدى ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ . . . بىز پۇرسەت چىقىرىپ ئۇنى يوقلاپ بارىمىز . . .

× × ×

چى شياۋيىن توپتوغرا ئۈچ كۈن مىدىرلىماي ياتتى . ياداپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى .

ئەتىگەندە چى شياۋيىن كۆزىنى ئېچىپ ، ۋاڭ ئانىنىڭ سۈت ۋە پىششىق تۇخۇمنى تۇتۇپ كارىۋېتى بېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— ۋاڭ ئانا ! — ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا بىرئاز خىرقىراق ، ئەمما خېلىلا چىڭ ئىدى .

— خانىم ! ئويغاندىڭىزمۇ ؟ — ۋاڭ ئانا دەرھال قولىدىكى پەتنۇسنى قويۇپ ، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى .

— مېنى نېمىشقا « خانىم » دەيسىز ؟ بەكمۇ غەلىتە ئاڭلىنىدىكەن . بۇنداق چاقىرىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن ، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— بىراق ئەپەندىم ، ئۇ . . .

— ئۇ « خانىم » دەپ چاقىرىلىشنى بۇيرۇق قىلدىمۇ. نومۇسسىز ئەبلەخ . بىر بولسا ئىتلىرىمنى ھەيدىۋەتكىنى كېلىپ قالىدۇ . — توساتتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ، — ۋاي ئانا ئىتلىرىم قېنى؟ ئىتلىرىم نەدە ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، سىز ئاغرىپ ياتقان كۈنلەردە ئۇ ئىتلارنى ھەيدىۋېتىش ئۈياقتا تۇرسۇن ، ئۆزى يەم بېرىپ باقتى .

چى شياۋيىن ئاستا ـ ئاستا يادىغا كەلتۈردى . ئەجەبا چۈشىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سىلىق ، يېقىملىق ئاۋاز فاڭ لىفەننىڭمىدۇ ؟ بۇ چۈشى ئەمەسمىكىنە ؟

— ئەپەندىم قېنى ؟ — سورىدى ئۇ ۋاڭ ئانىدىن .

— شىركەتكە كەتتى . ئۇ ئىككى كۈن رۇخسەت سوراپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالدى . دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ، ئاندىن ئىشقا كەتتى . خانىم ! . . . مەن . . .

— مېنى « خانىم » دېمىسىڭىز قانداق ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى چى شياۋيىن .

— ھە ! خېنىم ! قارىسام بېگىم ئادەمنى خاتا تاللىماپتۇ . فاڭ ئەپەندىم ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئىكەن . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

— بولدى بەس . بۇلارنى ئاڭلىغۇم يوق . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ماڭا ئىچ ئاغرىتىشلا ، خالاس . قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدۇ ، سۈتنى ئېلىۋېتىڭ .

ئۇ ھازىر خېلى ياخشىلىنىپ قالدى ، بىراق بېشى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ، پۇت ـ قولىدا ماغدۇر يوق . شۇڭا كارىۋاتتىن چۈشەلمەيتتى . ئەتىگەنلىك تامىقنى يەپ بولۇپ ، ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى . تەبىئىي ھالدا ئۈستەل ئۈستىدىكى كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى .

بۇ رازۋېدكا رومانىنىڭ ۋەقەلىكى جىددىي ۋە تەشۋىشلىك بولۇپ ، ئۇنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى . ئاخىرى قانداق بولاركىن دەپ قول-

دىن چۈشۈرگۈسى كەلمىدى . ۋاڭ ئانا چۈشلۈك تاماقنى ئېلىپ كىر-
گەندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ توپ ـ توغرا يېرىم كۈن كىتاب ئوقۇغۇنل-
قىنى بىلدى . ۋاقىت قانداقسىگە شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتىكىنە ؟

— خېنىم ! چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى . سىزگە دېگىنىز مەھ-
سۇلاتلىرى بىلەن تەييارلىغان شوۋىگۈرۈچ قىلىپ كىردىم ، — ۋاڭ ئانا
پۈرقىراپ هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شوۋىگۈرۈچنى شىرە ئۈستىگە
قويدى ، — تېخىچە كۆرۈۋاتامسىز ؟ چارچاپ قالماڭ يەنە .

— ياق چارچىمايمەن . هازىر تازا قىزىق يېرىگە كەلدىم . ئەڭ
گۇمانلىق قاتىلنىڭ نەق مەيداندا بارلىقىغا ئىسپات يوق بولۇپ قالدى .
ئۆيىمىزدە مۇشۇنداق ياخشى كىتابلارنىڭ بارلىقىنى ئەجەب بىل-
مەپتىمەنا ؟ — چى شياۋيىنىڭ قولىدىكى كىتابنى قويۇپ قويغۇسى
كەلمىدى .

— ئەپەندىم سىز ئۈچۈن سېتىۋېلىپ كەلدى . ئۇ كارىۋىتىڭىزدا
جىم ياتماي ، پەسكە چۈشۈۋېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ ، تۈنۈگۈن ئالاھىدە
كىتابخانىغا بېرىپ بىرنەچچە كىتاب ئەكەلدى . ئىچ ـ پۇشۇقىڭىزنى
ئالارمىكىن دېدىغۇ ـ دەيمەن ، — ۋاڭ ئانا شىرەنىڭ تارتمىسىنى
ئاچتى ، — قاراڭ ! بۇ يەردە يەنە بار .

تارتمىدا ئىككى رازۋېدكا رومانى ، ئىككى نەسىرلەر توپلىمى ،
ئۈچ تەرجىمە رومان تۇراتتى . چى شياۋيىن هەيران قالدى . نېمە ئۈچۈن
فاڭ لىفەن توساتتىنلا ئۇنىڭغا بۇنچە كۆيۈنۈپ كېتىدۇ ؟ چى شياۋيىنىڭ
ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار دەپ ، ئىزا تارتىپ
قالغانمىدۇ ؟

— قېنى ئېيتىڭا ، ئەپەندىم سىزگە راستلا ئىنتايىن كۆيۈنەمدى-
كەن ؟ — سورىدى ۋاڭ ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ .

« كۆيۈنۈش » دېگەن سۆز ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىدى .
بىراق ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا :

— نېمە دېگىنى ؟ بۇنچە كۆپ كىتابنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلىدىكى-
نە ؟ ئۇ مېنى بىر ئىككى ئاي ئاغرىپ ياتىدۇ ، دەپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟

— خېنىم ! نېمىشقا بۇنداق تەتۈرلۈك قىلىدىغانسىز ! ئەپەندىم سىزگە راستلا كۆيۈنىدىكەن . ھوشىڭىزدىن كەتكەن ھېلىقى كۈنى ، ئۆزى ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالدى . سىزنى كۆتۈرۈپ ، ئۈستىگە ئاچقىپ يۇيۇندۇردى ، بېشىڭىزدا پەرۋانە بولدى ، ھېلى تېلېفون بېرىپ ، ھېلى قىزىتمىڭىزنى ئۆلچەپ . . .

— يۇيۇندۇردى ؟ ۋاڭ ئانا ، دېمەكچى بولغىنىڭىز — ئۇ مېنى يۇيۇندۇرۇپ قويدىمۇ ؟ — سورىدى چى شياۋيىن ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي .

— شۇنداق . سىلەر دېگەن ئەر - خوتۇن تۇرساڭلار ، نېمە بولاتتى .

چى شياۋيىننىڭ يۈزى ئاۋۋال قىزاردى ، ئاندىن سۇتتەك ئاقاردى . ئۇ نومۇسسىز ، قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرە ، راستلا ئاشۇنداق . . . پەرۋەردىگارىم ! چى شياۋيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويمايدۇ - خەپ . ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەنسىرىگە ھالدا سورىدى .

— خېنىم نېمە . . . سىلەر تېخىچە . . .

— ۋاي خۇدايىم ! سورىمايلا قويسىڭىزچۇ ، ئەجەبمۇ تويدۇم ، — چى شياۋيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — شوۋىنگورۇچنى ئىلدىۋېتىڭە ، ئىچكىم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدا تاماققا ئازراقمۇ زوقى باردەك قىلمايتتى . شۇنداق بولسىمۇ ۋاڭ ئانا شوۋىنگورۇچنى ئۇنىڭغا سۇندى . ئاندىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

چى شياۋيىن بىر نەچچە قوشۇق ئىچىپلا بولدى قىلدى . قەلبى نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقاندا ، گېلىدىن قانداقمۇ تاماق ئۆتسۇن ؟ بىراق قورسىقى راستلا ئاچقاندەك قىلاتتى . ئۇ ھەممىنى ئىچىپ چىننى بىكار قىلىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ بۇ تاماقنى فاڭ لىفەن دەپ قاراپ ، ئۇنى چايناپ - چايناپ ، ھەتتا ئۈستىخانلىرىدىن بىرنىمۇ قالدۇرماي چايناپ يۇرۇۋەتمەكچى بولدى .

شۇ خىياللار بىلەن ئاچچىقىمۇ بىرئاز پەسلەپ قالغاندەك بولدى . لېكىن ئۇ فاك لىفەننى بۇنداق ئاسان كەچۈرۈۋېتەلمەيتتى .

ھىم ! بۇ ئەبلەخ ئۆزىچە مېنى ئىتلىرىنى قويسام ، بىرنەچچە پارچە كىتاب ئەكىلىپ بەرسەم ، قاپقىنىمغا دەسسەيدۇ ، ئاندىن قانداق قىلسام بولىۋېرىدۇ . . . دەپ ئويلاپ قاپتۇ – دە . چۈچۈرىنى خام ساناپتۇ . ھۇ بېشىنى يېگۈر . چى شياۋىينىڭ بىردىنلا يۈزى ئوت ئېلىپ قىزىرىپ كەتتى .

ئۇ باياتىن يېرىمىنى كۆرۈپ بولغان كىتابقا تىكىلدى . ياق ! ئۇ ئەمدى ھەرگىز ئوقۇمايدۇ . ئوقۇمىسا نېمە بوپتۇ . بىراق . . . يېرىمىنى ئوقۇپ بولۇپ . . . ھېچ بولمىسا بىرەر بابنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش كېرەكقۇ ! بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ پسىخىكىسىغا بىرئاز ماس كېلىدۇ . توغرا ! شۇنداق قىلاي . مۇشۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەي .

كىم بىلسۇن ، بىر بەتلا كۆرۈۋېدى ، بۇ بابمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى . بىراق ئۇنىڭ قوللىرى توختىماي بەت ئۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى . ئاپلا ! ئېھتىياتسىزلىقتىن كېيىنكى بابنىڭ بېشىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدىغۇ ، ئۇنداقتا مۇشۇ بابنى كۆرۈۋېتەي ، مۇشۇنداق قىلىشلا ئۇنىڭ پسىخىكىسىغا ئۇيغۇن . شۇنداق قىلىپ ئۇ ، بىر بابقا يەنە بىر بابنى ئۇلاپ ئوقۇۋەردى . ئاخىر كۆزلىرى تېلىپ ئۇخلاپ قالدى .

× × ×

چى شياۋىين شۇ ئۇخلىغىنىچە سائەت تۆتكە يېقىن ئويغاندى . كۆزىنى ئېچىپلا ، مەيدىسىدە قويغان كىتابنى ئېسىگە ئالدى . توغرا ! بايا ھېلىقى بابنى تېخى ئوقۇپ بولالمىغان ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ پسىخىكىسىغا خىلاپ . ئۇ كىتابنى يەنە قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى . مۇشۇ باب تۇگىسە زادى كىمنىڭ ھەقىقىي قاتىل ئىكەنلىكىنى « پەرەز » قىلغىلى بولىدۇ .

ئىشىك ئېچىلىپ ۋاڭ ئانا كىرىپ كەلدى .

— خېنىم ! خۇاڭ جىڭدې دېگەن بىر ئەپەندى ئىزدەپ كەپتۇ

مەن سىزنى ئاغرىپ قالدى ، تېنى ئىنتايىن ئاجىز دېۋىدىم ، ئۇ « مەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، ئۇنى يوقلاپ كەلگەنتىم » دەيدۇ ، — ۋاڭ ئانا گۇمانسىرىغان هالدا قوشۇپ قويدى ، — خېنىم ! سىزنىڭ قاچانلاردا ئوغۇل ئوقۇغۇچىڭىز بار بولۇپ قالدى ؟ سىز ئۆگىتىدىغان نەرسىلەر گۇل چىقىرىشتەك ئاياللارغا خاس نەرسىلەر تۇرسا . . .

خۇاڭ جىڭدې ؟ ئۇ ـ ئۇ بۇ ئۆينى قانداق بىلىدىغاندۇ ؟

— هە ! شۇنداق . ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئوغۇل ئوقۇغۇچۇم ، ئۇنى كىرگۈزۈۋېتىڭ ، مەن هازىرلا چۈشىمەن .

— بىراق ، ئەپەندىم سىزنى كارىۋاتتىن چۈشسە بولمايدۇ دېگەن . . .

— پەقەت پەسكىلا چۈشىمەن . ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى . تېزراق بېرىڭ . خەقنى تالاغا تاشلاپ قويۇش تازىمۇ ئەدەپسىزلىكقۇ ؟ — ئۇ ۋاڭ ئانىنى تېزراق پەسكە چۈشۈشكە ئىشارەت قىلدى . ۋاڭ ئانا ئىلاجسىز غۇدۇرىغىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

چى شياۋيىن ئۇچىسىدىكى ئىسپورتچىلار كىيىمگە قاراپ ، خېلىلا يارىشىپتۇ ، كىيىم ئالماشتۇرمىسامۇ بولغۇدەك ، پەلتۇنىلا يېپىنچاقلىۋالاي ، دەپ ئويلىدى .

نەچچە كۈن مىدىرلىماي ياتقاچقىمىكىن ، كارىۋاتتىن چۈشۈشىگىلا بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كارىۋاتقا يۆلىنىۋالدى ، بولمىسا يىقىلىپ كەتكەن بولاتتى . كارىۋات قىرىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن باش قېيىشى بارا ـ بارا يوقالدى . قارىغاندا بۇ ، كارىۋاتتا ئۇزۇن ۋاقىت ياتقاندىن بولسا كېرەك . ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ، هېچ ئىش بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا ئىشكىنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى .

ئۇ پەسكە چۈشكەندە خۇاڭ جىڭدې مېهمانخانىدىكى كىرىسلودا ئولتۇراتتى . ۋاڭ ئانا ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى . ئۇ چى شياۋيىننى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى :

— مۇئەللىم ! سىز . . .

چى شياۋيىن كۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :
— خۇاڭ ئاكا ! سىزگە مېنى « مۇئەللىم » دەپ چاقىرماڭ دېمە-
گەنمىدىم ؟ مېنىڭ ئۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىم ، پەقەتلا بىر قىزىـ
قىش ، نەدىمۇ « مۇئەللىم » بولۇشقا سالاھىيتىم توشسۇن . خۇاڭ ئاكا !
قېنى مەرھەمەت ، تارتىنماي ئولتۇرۇڭ ، — ئۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ
ئولتۇردى .
— خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ ؟ — خۇاڭ جىڭدېنىڭ ئاۋازىـ
دىن غەمخورلۇق ، كۆيۈمچانلىق چىقىپ تۇراتتى .
— ھە ! خېلى ياخشى . يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت . توغرا !
بۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىۋالدىڭىز ؟
— ھۇنەر - سەنئەت ماگىزىنىنىڭ خوجايىنىدىن سورىغانىدىم ،
شۇ دەپ بەردى . ئۇ ئايال يەنە سىزنىڭ بۇ ھەپتىدىكى دەرسلىرىڭىزنى
بىكار قىلغانلىقىڭىزنى دەپ بېرۋېدى ، كېسىلىڭىزنى خېلى ئېغىر بولسا
كېرەك دەپ ئەنسىرەپ . . . يوقلاپ كەلدىم .
چى شياۋيىن تەئەججۇپ بىلەن ئىتتىك ۋاڭ ئانىغا قارىدى . ۋاڭ
ئانا خىجىل بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى . ۋاڭ ئانىنىڭ بۇنداق بېشى
چوڭلۇق قىلىپ مەكتەپكە تېلېفون بەرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان . بۇ
چوقۇم فاڭ لىفەننىڭ ئويۇنلىرى . بۇ ئەبلەخ تازىمۇ نومۇسسىزكەن . ئۇـ
نىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قول تىققىنىنى كۆرمەمدىغان .
— چىرايىڭىز ئوسال تۇرىدۇ ھەم جۇدەم قاپسىز . بىرمەزگىل
ياخشىراق ئارام ئالمىسىڭىز بولمىغۇدەك ، — خۇاڭ جىڭدېنىڭ سۆزى
تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇ :
— رەھمەت سىزگە ، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم . ئەھۋالغا
قاراپ باقىمەن . بەلكىم ئەتىلا دەرسكە بېرىپ قالارمەن . ۋاقتى كەلگەندە
تېلېفوندا خەۋەر قىلىمەن ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .
— سىزنىڭ تېزراق دەرسكە بېرىشىڭىزغا تەقەززا بولساقمۇ
بىراق سىزنى ئالدىراتساق بولمايدۇ . سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم
— بۇنى بىلىمەن .

گەپ ئارىلىقىدا خۇۋاڭ جىڭدې سىرتتىكى بىر توپ ئىت ھەققىدە سورىدى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىر تايغان باققانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىرجۈپ ئىت مەستانىسى ئىت بېقىش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ۋاڭ ئانا كىرىپ مېھماننىڭ تاماققا تۇرىدىغان ـ تۇرمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئاندىن ئۇلار كۆن ئولتۇرۇپ خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاشتى.

خۇۋاڭ جىڭدې سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— مەن ماڭاي.

— تاماق يەپ كېتىڭ، — چى شياۋيىنمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت! كەچلىك تاماقنى ئۆيدە يەيمەن دەپ قويۇپتىكەنمەن. ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە بېرىپ ئىتلىرىمنى كۆرۈپ كېلەرسىز. مەن ماڭاي، ئوبدانراق ئارام ئېلىڭ!

— ماقۇل، يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. مەن ئۇزىتىپ قوياي.

— خۇۋاڭ ئەپەندىنى مەن ئۇزىتىپ قوياي! تېنىڭىز تېخى ئاجىز، تالاغا چىقماڭ، — دېدى ۋاڭ ئانا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ئۇزاتمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دېدى خۇۋاڭ جىڭدې تەكەللۇپ قىلىپ.

چى شياۋيىنىنىڭ ھازىر بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن دەتالاش قىلىپ ئولتۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. شۇڭا ۋاڭ ئانىنى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى ـ دە، قايتىپ كىرىسلودا ئولتۇردى. ھەي! پاراڭلىشىشمۇ ئادەمنى ھاردۇرۇپ قويىدىكەن ـ ھە. ساقلىق ئەڭ چوڭ بايلىق دېگەن گەپ ئەجەب توغرا ئېيتىلغانىكەن.

ۋاڭ ئانا مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇپلا شاپاشلاپ كىردى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا:

— خېنىم! تېزرەك ئۈستىگە چىقىپ كېتىڭ. ئەپەندىمنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ پەسكە چۈشۈپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، چوقۇم مېنى تىللاپ رەسۋايىمنى

چـىقىرىۋېتىدۇ . خۇاڭ جىڭدې دېگەن تازىمۇ بىر ئەزمە ئادەمكەن . ئەر-كىشى دېگەنمۇ شۇنداق ۋات ـ ۋات بولامدۇ ، نېمانچە تۆگىمىگەن گەپ ئۇ . . . ـــ دېدى .

ـــ گېپىڭىزنى قاراڭ ، ۋاڭ ئانا ، مەن تېخى سىز بىلەن ھې-سابلاشمىدىم . ئېيتىڭا ، بۇ ھەپتىلىك دەرسمنى كىم بىكار قىلىۋەتتى ؟

ـــ شۇ . . . ئەپەندىم مېنى تېلېفون بىرىشكە بۇيرۇدى . ئەمەلـ يەتتە بۇمۇ توغرا . سىز كېسەل تۇرسىڭىز قانداقمۇ دەرس ئۆتەلەيتتى-ڭىز ؟ ئالىمادىس . . .

ـــ مەن ساقىيىپ كەتتىم . ئەتە چوقۇم دەرس ئۆتكىلى بارىمەن . بىر ھەپتە دەرس ئۆتمىسەم قانداق بولىدۇ .

ـــ بۇ ئەپەندىمنىڭ تاپشۇرۇقى ، مەن پەقەت بۇيرۇقنى ئىجرا قى-لىمەن ، ـــ ۋاڭ ئانا تام سائىتىگە قاراپلا ھودۇقۇپ كەتتى ، ـــ تېز چى-قىپ كېتىڭ ! ئەپەندىم ئۇ . . .

ـــ نېمە كارىم ، مېنى قاچانغىچە ياتقۇزماقچىكىنە ، زادىلا چىدى-يالماي قېلىۋاتىمەن . قاراڭ ، ساپساق تۇرامدىكەن مانا ، ـــ دېدى چى شـياۋيىن ئاچچىقلاپ ، ئاندىن ئاستا ئۇھ تارتىپ قويدى ، ـــ مېنى بىر پەس ئارامىمدا ئىتلىرىم بىلەن ئوينىغىلى قويۇڭ . ئۇلارنى كۆرمىگىلى نەچچە كۈن بولدى .

ـــ بولمايدۇ ! ئەگەر سىز تالاغا چىقىپ شامالداپ قالسىڭىز ، ئە-پەندىم مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ ، ـــ دېدى ۋاڭ ئانا ۋارقىراپ .

ـــ ئۇ ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ .

ـــ ھە ! شۇنداقمۇ ؟ ـــ تاشقىرىدىن فاڭ لىفەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى

× × ×

فاڭ لىفەن ئادەتلەنگەن مەغرۇر ، سالماق قەدەملىرى بىلەن مېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى . چىرايىدا بولسا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر

ئىپادە بار ئىدى .

— ئەپەندىم ! سىز ـ قايتىپ كەلدىڭىزمۇ ، — دېدى ۋاڭ ئانا دۇدۇقلاپ .

فاڭ لىفەن ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنى كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىشقا بۇيرۇدى . ۋاڭ ئانا خۇددى ئالاھىدە كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن جىنايەتچىدەك دەرھال ئاشخانىغا يۈگۈردى .

— نېمىشقا پەسكە چۈشتىڭىز ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا قاراپ .

— پۈتۈم ئۈزۈمنىڭ ، پەسكە چۈشكۈم كەلسە چۈشىمەن ، ياتقۇم كەلسە ياتىمەن . سىز باشقۇرالمايسىز ، — دېدى چى شياۋيىن ئۇنىڭلۇك ئاۋازدا . ئاندىن بېشى بىرئاز قايغاندەك بولۇپ دەرھال كرىسلودا ئولتۇ-رۇۋالدى .

— سىز ھەممىنى باشقۇرماقچىمۇ ، تېخى قول ھۈنەر ـ سەنئەت دەرسىمنى بىكار قىلىپسىز ، سىز . . . سىز تازىمۇ . . . — چى شياۋيىن خېلى ئويلىنىپمۇ ئۇنىڭ مەنمەنچىلىكىنى سۈپەتلەيدىغان مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى .

فاڭ لىفەن كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كېرىلىپ قويۇپ :

— ئىككى كۈندىن بېرى رۇخسەت سوراپ ، خوتۇنۇمنىڭ ھالى-دىن خەۋەر ئالىمەن دەپ پايپېتەك بولۇپ ھالىمدىن كەتسەم ، بىرەر ئېغىز رەھمىتىڭىز يوق ، تېخى مەندىن ئاغرىنىۋاتامسىز . سىز ئادەتتىكى زۇكام بىلەن ئاغرىمىدىڭىز . كېسىلىڭىز ئۆپكە ياللۇغىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى . نېمانچىمۇ كاجلىق قىلىدىغانسىز ؟ سالامەتلىكىڭىزنى كۆزدە تۇ-تۇپ ۋاڭ ئانىغا دەرسلىرىڭىزنى بىكار قىلدۇردۇم . سىزگە ياخشى بول-سۇن دېدىم .

— ماڭا ياخشى بولسۇن دېدىڭىز ؟ ماڭا قانداق قىلسا ياخشى بو-لىدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىسىز ؟ سىزگە مەجبۇرىي ياتلىق بولغىنىم ، سىزنى تۇرمۇشۇمدىكى جىمى ئىشقا ئارىلىشىپ ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى

خالىغانچە باشقۇرسا بولىدۇ ، دېگەنلىك ئەمەس .

فاڭ لىفەننىڭ چىرايى دەرھال ئۆڭدى . لېكىن ھېچنەرسە دېمىدى .

ھېلىقى نومۇسلۇق ئىش چى شياۋيىننىڭ ئېسىگە كەلدى :

— سىز . . . سىز نېمىدەپ ئەر - ئايال بىرگە بولماي تۇرۇپ - سىز - سىز نېمىشقا مېنى يۇيۇندۇرۇپ يۇرىسىز ، — دەپ ۋارقىرىدى ، — ئاخىر ئۇنىڭ غەزەپ نەپرىتى ئىزا ۋە تارتىنىشتىن غالىپ كەلدى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ نومۇستىن قىزارغان يۈزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغاندەك :

— يەنە قىزىتمىڭىز ئۆرلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ . سىزنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىڭىزغا ئاچىقىپ قوياي ، — فاڭ لىفەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

چى شياۋيىن خۇددى چايان چاققاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى توسماقچى بولدى . ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى خالىمايتتى . ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرغاچقىمىكىن بېشى قاتتىق قىيىپ كەتتى .

فاڭ لىفەن يىقىلىپ كەتكىلىۋاتقان چى شياۋيىننى دەرھال يۆلەپ باغرىغا باستى ھەمدە ئۇنى بوش قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئۇستىگە ماڭدى .

فاڭ لىفەننىڭ قەدەملىرى بىلەن يۈرەك رىتىمى ئاجايىپ ماسلاشقانىدى . چى شياۋيىن ئۇنىڭ قۇچىقىدا خىيالغا غەرق بولدى ، تووۋا ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇچىقى شۇنچە ئىللىق ، شۇنچە . . . ھۇزۇرلۇق . ئۇنىڭدىكى فاڭ لىفەنگە بولغان ئاچچىق - غەزەپلەر ئاللىقاياقلارغا كەتتى .

— سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن پەسكە چۈشكەنلىكىڭىزنى پەرەز قىلىپ باقاي . دېسەم - دېمىسەم سىز بايا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن يىگىتنى دەپ پەسكە چۈشتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن .

— سىز . . . سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى چى شياۋيىن .

www.uyghurkitap.com

— مەن ماشىنىنى توختۇتۇۋاتسام ، ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . دەگىا ئۇ كىم ؟

— دوستۇم ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا .

— دوستۇم ؟ نەدە تونۇشقان ؟ — فاڭ لىفەن زىخىرلاپ سورىدى .

— ئاللا ، ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم . خەق كېسىلىمنى يوقلاپ كەلسىمۇ بولمامدىكەن ؟ مەن خۇددى بىر جىنايەتچىدەك ئەجەپ ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتىڭىزغۇ ؟

— ئوقۇغۇچى ؟ — فاڭ لىفەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ قىزلارغا خاس ئاشۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقامدىكەن ؟ مېنىڭچە ، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدىغۇ دەيمەن .

— سىز . . . سىز زادى نېمە دېمەكچى ؟ ئوغۇللار ئۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ . سىز ھەدېسىلا ئوغۇل بالىلىقىڭىزنى پەس قىلىدىغان نوچى ئوخشىمامسىز ؟ ئىشىمغا ئارىلاشماڭ !

فاڭ لىفەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئاۋايلاپ كارىۋاتقان ياتقۇزۇپ ئۈستىگە يوتقاننى يېپىپ قويدى .

— دورىلىرىڭىزنى ۋاقتىدا يېدىڭىزمۇ ؟ — فاڭ لىفەننىڭ بايىقى ئىش ئۈستىدە دەتالا قىلغۇسى يوق ئىدى .

— يېدىم . ۋاڭ ئانام قاراپ تۇردى .

— ياخشى بوپتۇ . ۋاڭ ئانىغا دەپ قوياي ، كەچلىك تامىقىڭىزنى مەشەگە ئاچىقىپ بەرسۇن . تامىقىڭىزنى يەپ بولۇپ ، دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ .

— توختاپ تۇرۇڭە ! — چى شياۋيىن ئۇنى توختاتتى ، — مېنىڭ ئىككى تۇرلۇك تەلىپىم بار .

كەچلىك تاماق يېيىشكىمۇ تەلەپ قويامدىكىنە ؟ فاڭ لىفەن قوشۇمىسىنى تۇردى .

— بوپتۇ دەڭ ، ئاڭلاپ باقاي .

— بىرىنچى ، ھازىر خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم . ئەتىلا . . . ئەتىلا

دەرسكە بارايمىكىن دەيمەن. ئىككىنچى، ۋاڭ ئانا مېنى «خانىم» دېمە
بۇرۇنقىدەك «خېنىم» دەپ چاقىرىۋەرسۇن، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىن
چۈشۈرۈپ بولغىچە فاڭ لىفەن ئېغىز ئاچتى.
— بولمايدۇ.
— قايسىسىغا بولمايدۇ؟ — غۇدۇرىدى چى شياۋيىن.
— ھەر ئىككىلىسىگە بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— بىرىنچىدىن، سىز تېخى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمىدىڭىز
ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا تازا ياخشى ئەمەس. ئالىما
دىس يەنە زۇكام بولۇپ قالسىڭىز، قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا ھازىرچ
دەرسكە بېرىشىڭىزغا رۇخسەت يوق. ھېچبولمىسا مۇشۇ بىر ھەپتىدە بو
مايدۇ. ئىككىنچى، سىز ھازىر مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتتىڭىز، خەق يە
سىزنى «خېنىم» دەپ چاقىرىپ يۈرسە، بۇ تويىمىز نېمىگە ھېساب
مەنچۇ؟ شۇڭا ھەرگىز بولمايدۇ.
— بىراق ئەمدىلا 20 ياشقا كىردىم. مېنى «خانىم» دەپ چ
قىرسا غەلىتە تۇرىدىكەن، — دەپ تۇمشۇقىنى ئۇشلىدى.
— غەلىتە تۇرىدىغان نېمىسى بار؟ سىزدەك ياشتىكى «خا
نىملار» كۆپقۇ! بەزىلىرىنىڭ تېخى ئىككى - ئۈچتىن بالىسى بار. قار
غاندا سىزنى بالدۇرراق ئىسمى - جىسمىغا لايىق «خانىم» قىلمىس
بولمىغۇدەك، بولمىسا بۇنى دەپ مەن بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگىدەكسىز
— سىز... سىز...
— مەن قانداقكەنمەن؟ — دېدى فاڭ لىفەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقد
ئۇنىڭغا قاراپ، — ھالىڭىز شۇنچىلىك، بەغەرەزلىك بىلەن غەلۋە قىل
سىز. ۋاڭ ئانىنى چاقىراي، سىزگە تاماق ئەكىرىپ بەرسۇن.
— مەن... مەن يېمەيمەن، — ئۇ خاپىلىقتا يىغلىۋېتىدىغا
دەكلا قىلاتتى.
— سىز يەنە ئاچچىقلانغىلى تۇردىڭىز، — فاڭ لىفەنىنىڭ جۇدۇن
ئۆرلىدى، — پىكىرىمىز بىريەردىن چىقمىسىلا، سىز سالامەتلىكىڭىز

دوغا تىكىسىز .

— مەن ئاران ئىككى تەلەپنى قويسام . بىرەرسىگىمۇ قوشۇلمىسى-ڭىز ئەمىسە .

فاڭ لىفەن ئاياللارنىڭ يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلغىنىنى كۆپ كۆرگەنىدى . لېكىن ئۇنىڭ دومسىيىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى سەل يۇمشىدى ــ دە ، ئىلاجسىز ئۇھ تارتىپ دېدى :

— مۇنداق بولسۇن ! ۋاڭ ئانا سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا چاقىرسۇن . « خانىم » ، « خېنىم » دېگەنلەرنى دېمىسۇن . ئۇ شۇنچە يىل ھالىڭىز-دىن خەۋەر ئالدى ھەم ياشىنىپ قالدى . كۆڭلىڭىزدە ئۇنى ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن كۆرۈپ يۈرسىڭىز ئەپلەشمەيدۇ . شياۋيىن دەپ چاقىرىۋەرسۇن ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ .

چى شياۋيىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى :

— ئۇنداقتا ئەتە . . .

— بولمايدۇ . بۇ ھەپتە دەرسكە بارسىڭىز بولمايدۇ . مەن بىر تە-لىپىڭىزگە قوشۇلدۇم ، ئەمدىغۇ تاماق يەيدىغانسىز ؟

چى شياۋيىن ئۇنى پۇشايمان قىلىپ ، بايىقى گېپىدىن يېنىۋال-مىسۇن دەپ ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ باش لىڭشىتتى .

— يەنە بىر ئىش ، كېيىن ئارىمىزدا يەنە تالاش ــ تارتىش بولۇپ قالسا — مېنىڭچە بۇنداق ئىشلارنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ — ھەرگىز سالامەتلىكىڭىزگە چاقچاق قىلماڭ ، چۈشەندىڭىزمۇ ؟

چى شياۋيىن يەنە بېشىنى لىڭشىتتى .

ۋاڭ ئانىنىڭ دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ . فاڭ لىفەن راستلا ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىكەن . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مۇزدەك سوغۇق تەلەتىنى ئۇ كۆرۈپ باقمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شياۋيىنىنىڭ ئىتلىرىنى ھەيدىۋەتمىدى ، كىتاب ئېلىپ بەردى .

ئەگەر فاڭ لىفەن ئۇنىڭدىن بىزار بولغان بولسا نېمىشقا بۇنچە ياخشىلىق قىلىدۇ ؟

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئىنتائەتمەنلىكىدىن ھەيران قالدى ، خۇشالمۇ

www.uyghurkitap.com

بولدى . پەسكە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا ، 20 ياشلىق خوتۇنغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا :

— ئەگەر كەچلىك تاماقنى ياۋاشلىق بىلەن ئوبدان يەيدىغان بولسىڭىز ، سىزنى تالاغا ئاچىقىپ ئىت دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن ، — دېدى .

چى شياۋيىننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق گەپ بولمىسا كېرەك . ئۇ ئۇلارنى شۇقەدەر سېغىنىپ كەتكەنىدى . شۇئان ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزى خۇشال كۈلكىدىن قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ چاقناپ كەتتى .

فاڭ لىفەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ دەرھال قوپال ئاۋازدا :

— يادىڭىزدا بولسۇن ، تاماقنى چوقۇم تۈگىتىپ يېيىشىڭىز شەرت . بىر قوشۇق ئاشۇرۇپ قويۇشىڭىزغىمۇ رۇخسەت يوق ، — دېدى .

ئۇ پەسكە چۈشۈپ كەتتى . ئۆيدە يالغۇز قالغان چى شياۋيىن خۇشاللىقىدا خۇددى كىچىك باللاردەك سەكرەپ كەتتى .

# 8

— مەن سېنى ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بول دېگەن ، سەن زادى دېگىنىم بويىچە قىلدىڭمۇ - يوق ؟ — خې گۇاڭدا يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئالغاچ يېنىدىكى يىگىتتىن سورىدى .

يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ تاماكىسىغا چاقماق يېقىپ بەردى ئاندىن ئېھتىرام بىلەن :

— خوجايىن ! مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ پېيىدىلا يۈرۈۋاتىمەن . ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە كېتىدۇ . تالا - تۈزىگىمۇ چىقمايدۇ .

— ھە ؟ — خې گۇاڭدا تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىۋەتتى .

— ئۇنداقتا شىركەتتىچۇ ؟

— بۇ . . . ئۇ باش دىرېكتورنىڭ كاتىپى بولغاچقا ، ئادەتتە ئۇنى كۆرەلمەيمەن . بىراق ، ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا كۆرسەتمىگىز بويىچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېنىق كۆرسىتىپ قويدۇم . ئۇ ئىنتايىن ھەيران قالدى .

— ناھايىتى ياخشى ! يەنە باشقا ئەھۋاللار بارمۇ ؟

— يوق .

خې گۇاڭدا ھىجايغىنىچە سۆزلىدى :

— باشلىقنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشمىدىمۇ ؟ ھا . . . ھا . . . بۇ قېتىمچە ۋېنۋېن مېنىڭ ئىشلىرىمنى فاڭ جەمەتى شىركىتىدىكىلەرگە دېيىشكە پېتىنالماپتۇ ـ دە . مەن ئۇنىڭ ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم . بۇ شەرمەندە بۇزۇق كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ يۈرسۇن ، مېنىڭ فاڭ جەمەتى شىركىتى بىلەن قىلىشىدىغان چوڭ بىر سودام بار . ئەگەر ئۇ ئىشىمغا توپا سالىمەن دېسە . . . ئاچاڭ ! سەن كۆپرەك ئېھتىيات قىلغىن جۇمۇ !

— خوپ ! خوجايىن .

— ئۇ ، كىملەر بىلەن بەكرەك يېقىن ئۆتىدۇ ؟

— ھازىرغىچە مەن ۋېنۋېننىڭ پەقەت ئىككى ئادەم بىلەنلا بىرگە چىقىدىغانلىقىنى كۆردۈم . بىرى فاڭ باش مۇدىرنىڭ كاتىپى لو يايى ، يەنە بىرى فاڭ جەمەتى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جۇ ۋېيمىن .

خې گۇاڭدا سول قېشىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ يەرگە « چىرتتىدە » تۈكۈردى .

— ئۇ جۇ ۋېيمىننىڭ كاتىپى بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدۇ . لېكىن بۇ تازا ياخشى ئەھۋال ئەمەس ، مەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرەي ، ئاچاڭ ! سەن داۋاملىق ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولغىن ، ھەرگىز بىخەستىلىك قىلما .

— خوپ .

— كې ۋېنۋېن ! سەن مەندىن مۇشۇنداقلا قۇتۇلماقچىمۇ ؟ نەدە

ئۇنداق ئاسان ئىش بار ؟ مەن خې گۇاڭدا ئىبرىشمەكچى بولغان نەرە
نىڭ ھەرقاندىقىغا ئىبرىشمەي قويمايمەي . فاڭ جەمەتى شىركىتى بىلە
قىلىشىدىغان سودىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ، سەنمۇ شۇنداق !
خې گۇاڭدا كۈلۈمسىرىدى ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاۋازىنى چ
قىرىپ كۈلۈشكە باشلىدى . ئاخىرىدا خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمد
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . . .
ئاچاڭ ھەيران بولماستىن ئۇنىڭغا جىمجىدە قاراپ تۇراتتى . قار
غاندا ئۇ ، خې گۇاڭدانىڭ بۇنداق ئەسەبىي كۈلۈشلىرىگە كۆنۈك بول
كېرەك .

× × ×

— دادىسى ، خاتا مېڭىپ قالمىغاندىمىز ؟ بىرەرسىدىن سور
كۆرمەيلىمۇ ؟
— بىز يا خەت تونۇمايدىغان قارا قورساق بولمىساق ، ۋېنۆۋ
ئادرىسىنى شۇنچە ئېنىق يازغان تۇرسا ، سوراپ نېمە قىلىمىز ، ئۆزى
تاپالايمىز .
— ئادرىسى ئېنىق بولغىنى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغ
تۇرساق قايسى كوچا قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز ئەمەسمۇ . بۇ پەدد
ئىزدىگىلى تۇرساق ، قاراڭغۇ چۈشكىچىمۇ تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن .
— خوتۇن ! نېمانداق كوتۇلداۋېرىدىغانسەن ! سەن بارىمە
دەپ غەلۋە قىلغاچقا كەلدۇق . بولمىسا مەن بۇ چاغدا ئۆيدە چاينى ئاتند
قېنىدەك دەملەپ قويۇپ ، ياستۇقنى قىرلاپ ئارام ئالغان بولاتتىم .
يەردە جاپا تارتىپ يۈرمەيتتىم .
— سىززە ئەجەب باغرى تاش ئادەم . ۋېنۆۋېن شۇنچە ۋاقىتت
بىرى بىرەر قېتىممۇ تېلېفون بەرمىدى . سىز ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ ئەند
قىلمىدىڭىزمۇ ؟ سىزنىمۇ « دادا » دېگىلى بولامدۇ ؟
— تېلېفون بەرمىگىنى بىلەن خەت يېزىپ تۇردىغۇ . مەن ھ
چۈشىنەلمىدىم . سەن زادى نېمىگە شۇنچە ئۆپكەڭنى باسالماي قالدىڭ

ﯖ

— ئۇ خېتىدە بىز كۆكۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى يازماپتۇ ئەمەس. ئىشقىلىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ كەلمىگىچە كۆڭلۈم ھەرگىز
من تاپمايدۇ. تېز بېرىلىڭ، بىرەرسىدىن سوراپ كۆرۈڭ، بۇ ئادرىسقا
دى قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدىكىن.
— سورىغۇڭ بولسا، ئۆزۈڭ بېرىپ سورا.
— ئەستا سىزگە زادى نېمە بولدى؟ مەن خەت تونۇمىغاچقا،
سزنى سوراڭ دەۋاتىمەن. سوراپ باققانغا بىرسى ئۆلتۈرۈۋېتەمتى؟
— مەن بارمايمەن.
— سىز...
چى شياۋيىن دەرۋازا ئالدىدىكى چىغىر يولدا ئۇياقتىن - بۇياققا
ڭىپ يۈرەتتى. ئۇ، بۇ بىرجۈپ ياشانغان ئەر - ئايالنىڭ نېمىلەرنىدۇ
ەپ تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىيىنىشلىرى ۋە قوللىرىدىكى سەپەر
ومكىلىرىدىن بۇيەرلىك ئادەملەر ئەمەسلىكىگە جەزىم قىلدى. بەلكىم
لار يىولدىن ئادىشىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇ خىياللار بىلەن چى شـ
ۋيىن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ:
— تاغا! ئاچا! سىلەر يولدىن ئادىشىپ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ
وردى.
ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئايالنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئالدىغا
ېلىپ:
— ھەئە، شۇنداق، — دېدى ۋە يولدىشىنىڭ قولىدىكى خەتنى
لكىشلەپ ئېلىپ كونۋېرتتىكى ئادرىسنى كۆرسەتتى، — بىز مۇشۇ
رگە بارماقچى ئىدۇق. خېنىم، بۇيەر خېلى يىراقمۇ؟
چى شياۋيىن ئادرىسقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئەپسۇسلانغان ھالدا:
— سىلەر يولدىن ئادىشىپ كېتىپسىلەر. بۇ جاي بىلەن ئادرىس
كى يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق. توغرا، سىلەر نېمىشقا تاكسىغا ئول
رمىدىڭلار؟
— ھەي تاكسا قىممەت ھەم خەتەرلىك، پۇلنى بۇلاپ ئادەم ئۆل

تۇرۇپتۇ ، دېگەندەك ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن . شۇڭا قورقۇپ تاكسىدا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق .

— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس . مەن چاقىرىپ بېرەيمۇ يە ؟

— بولدى رەھمەت . بىزگە يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىزلا ئالدىرىماي پىيادە بارساقمۇ بولىدۇ . بۇمۇ بەدەن چېنىقتۇرغىنىمىز بولۇپ قالار ، — دېدى ياشانغان ئادەم .

— لېكىن . . . بەكلا يىراق . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا ئاپتوبۇسمۇ ناھايىتى ئاز . سىلەر قانداق بولۇپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالغانسىلەر ؟

— ھەممىسى مۇشۇ ئادەمنىڭ گېرىلىكى بولمامدۇ ، ئۇخلاپ قاپتۇ . ئاپتوبۇس ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ يەردە توختىۋېدى ، — ئايال ئالدى تەرەپتىكى بېكەت تاختىسىنى كۆرسەتتى ، — شۇ يەردە چۈشۈپ قېلىپ بۇياققا كېلىپ قالدۇق .

— سىلەر راستلا پىيادە ماڭماقچىمۇ ؟

ھەر ئىككىلىسى باش لىڭشىتتى ، چې شياۋيىن ئىلاجسىز ئۇدارتىپ قويۇپ كۈلۈپ :

— ئۇنىداقتا بوپتۇ . مەن سىلەرگە يولنى دەپ بېرەي ، — دېدى ، — ئېسىڭلاردا تۇتۇۋېلىڭلار ـ ھە ؟ ئاۋۋال ئۇدۇل ماڭسىلەر ئۇدۇل بىر يەرگە بارغاندا ، بىر ئۆي . . .

شۇ ئارىلىقتا فاڭ لىفەننىڭ ماشىنىسى كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى . فاڭ لىفەن بېشىنى چىقىرىپ :

— نېمە ئىش بولدى ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ ؟ — چې شياۋيىن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى .

— بۇ تاغام بىلەن ئاچام يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ . ئۇلارنى ماشىنىڭىزدا ئاپىرىپ قويسىڭىز قانداق ؟ ئۇلار پىيادە بارىمىز دېيىشىۋاتىدۇ بارىدىغان يېرى ناھايىتى يىراق ئىكەن .

— مەن ؟ — فاڭ لىفەننىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ قوشۇمىلىرى تۇ- رلدى .

— توغرا ، بىردەملىك يولغۇ ، ماقۇل دەڭا ، — دېدى ئۇ يالۋۇر- ندەك .

فاڭ لىفەن ئىلاجسىز قالدى . ھەم بۇ ئىككى قېرىنىڭ يۈزىچىلا ت قىلىشتىن ئۇيالدى . شۇڭا نائىلاج باش لىڭشىتىپ :

— بوپتۇ ، ئۇلار ماشىنىغا چىقسۇن ، ئەكىلىڭە ، ئادرىسنى كۆرۈپ اي ، — دېدى .

ئەپەندىم بىلەن خانىم قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ ماشىنىغا چىد- شتى .

— سىزمۇ بىللە بارامسىز ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن چى شياۋيىنغا راپ .

چى شياۋيىن سەل ئويلىنىپ ماشىنىغا چىقتى . فاڭ لىفەن ئاد- سنى كۆرگەندىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى .

— ئىككىلىرى تۇغقان يوقلاپ كېلىشلىمۇ ؟ — ئالدى ئورۇندۇقتا لتۇرغان چى شياۋيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، ئۇلار بىلەن مۇڭدى- شقا باشلىدى .

— شۇنداق . بىز قىزىمىزنى يوقلاپ كېلىۋېدۇق . ئۇ مۇشۇ يەردە زمەت قىلاتتى . ئۇزۇن بولدى ، ئۆيگىمۇ قايتمىدى . ئۇنى كۆرۈپ لەيلى دەپ كەلگەن ، — خانىم سۆزلىدى . ئەپەندىم بولسا ماشىنا ئە- دىكى نەرسىلەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ ، ھېلى ماشىنا ئورۇندۇقىنى ، لى ئەينەكلەرنى توختىماي سىلاپ كۆرۈۋاتاتتى .

— ئۇ سىلەرنى كۆرۈپ ، تازا خۇشال بولىدىغان بولدى ـ دە .

خانىم بۇنى ئاڭلاپ ، خۇددى شۇ مەنزىرىنى كۆرگەندەكلا خۇش لۇپ ، كۈلۈپ باش لىڭشىتتى .

چى شياۋيىن توساتتىن ئويلىنىپ قالدى . ئەگەر بۇ ئىككىيلەن اشىنىدىن چۈشۈپ كەتسە ، مەن فاڭ لىفەن بىلەن يالغۇز قالىمەن ، ئۇ اغدا سىقىلىپ ئۆلۈپ قالارمەن . فاڭ لىفەننىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ، خەققە

www.uyghurkitap.com

بىرەر ئېغىز ياخشى گەپ قىلمىدى. سالاملىشىپمۇ قويمىدى. مەن تېخى ئۇنــى بۇرۇنقى ھاكاۋۇرلۇقىدىن خېلى تۈزۈلۈپ قالدى دېسەم، سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ، دېگەندەك ھېچقانچە ئۆزگەرمەپتۇ.

كۆزلىگەن جايغا ئازلا قالغانىدى. چى شياۋيىن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. قېنى كىم ماشىنا ئىچىدىكى بۇرۇقتۇمچىلىق، سۈكۈتكە چىدىماي بالدۇر ئېغىز ئاچاركىن، بىر كۆرەي.

× × ×

ــــ مەن پەستە سىزنى ساقلاپ تۇراي، نەرسە كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىپ تېزراق چۈشەرسىز، ــــ دېدى جۇ ۋېيمىن كې ۋېنۋېنغا.

بۈگۈن لو يايىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، ئۇ جۇ ۋېيمىن بىلەن كې ۋېنۋېننى ئۆيىگە تاماققا چاقىرغان، شۇڭا جۇ ۋېيمىن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ۋېنۋېننى ماشىنىسىغا سېلىپ، ۋېنۋېننىڭ ئۆيىگە ئالدىن تەييارلاپ قويغان سوۋغاتنى ئالغىلى كەلگەنىدى.

ــــ ماقۇل. مەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپلا چۈشىمەن، ــــ دېدى كې ۋېنۋېن يۈگۈرگىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتتۈېتىپ.

جۇ ۋېيمىن سائىتىگە قاراپ قويدى. تاماكا چەكمەكچى بولۇپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېدى، قولىغا قۇرۇق قاپ چىقتى. ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ يول ياقىسىدىكى بىر كىچىك بوتكىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، تاماكا ئېلىش ئۈچۈن شۇياققا يۈگۈردى.

شۇ چاغدا فاڭ لىفەن كې ۋېنۋېننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئېلىپ، بۇ قورۇغا كىرىپ توختىدى. ئۇلارغا ئىنىق چۈشەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى ھاياجانلانغان ھالدا ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. فاڭ لىفەن ماشىنىسىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئەينەكتىن جۇ ۋېيمىننىڭ تونۇش گەۋدىسىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدى. لېكىن ئۇ، جۇ ۋېيمىن لو يايىنىڭ ئۆيىگە تاماققا بارىدىغان بولغان، لو يايىنىڭ ئۆيى بۇ ئەتراپتا ئەمەس، جۇ ۋېيمىن بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ، خاتا كۆرۈپ قال-

غانـدىمەن ، دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇبدانىراق قارىمايلا قورۇدىن چىقىپ كەتتى .

كې ۋىنۋېن ئۇستىۋىشىغا قارىدى . ئاق كوپتا ، چاقماق تارىيوپكا تـازا مـاسلاشماپتۇ . لو ھەدەمنىڭ ئۆيىگە بارغاندىكىن چىرايلىقراق كىيىنەي ، دەپ ئويلاپ ئاچ سىرىق رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلىكىنى تاللىدى . بۇ ياۋروپاچە كۆڭلەكنىڭ پاسۇنى ئادەتتىكىچە بولغان بىلەن خىلىلا ئىسىل كۆرۈنەتتى .

ئۇ ئەمدىلا كىيىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ، ئىشىك چېكىلدى . ئاپلا چاتاق بولدى . بۇ چوقۇم جۇ ۋىيمىن . بۇ ئۆپكىسى يوق ساقلاپ زىرىكىپ كېتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ ـ دە .

ۋىنۋېن ئىشىكنى ئاچتى ـ دە ، كۆزئالدىدىكى مەنزىرىدىن چۆچۈپ ۋە ھەيران بولۇپ نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى .

ـــ دادا ! ئاپا ! سىلەر ـ سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟ ـــ ۋارقىرىۋەتتى ۋىنۋېن . ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن كۆپرەك ھەيرانلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى . ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ ئاپىسىنىڭ قولىنى تارتتى .

ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ئىككى جۈپ كۆزدىن ئىتىلىپ چىققان ياش ئاستا ـ ئاستا مەڭزىلەرنى بويلاپ ئاقتى . كې ۋىنۋېن تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ، ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئامراقلىق ، مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتكەن بەختىيار كۈنلىرىنى ئەسلەپ ياش تۆكسە ، ئاپىسى يۈرەك پارىسى بولغان يالغۇز قىزىنىڭ سىرتلاردا جاپا ۋە ھەسرەت چېكىپ ياداپ كەتكەن تۇرقىغا ئىچىنىپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئىزىلىپ يىغلىدى .

كې بوۋاينىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولدى . ئۇ بوش يۆتىلىپ قويۇپ :

ـــ ئاپاڭنىڭ سېنى كۆرگۈسى كېلىپ ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمىسەم بولمايدۇ دەپ مېنى ئۇلتۇرغىلى قويمىدى ، ـــ دېدى .

ـــ سىز سېغىنمىدىڭىزمۇ ؟ ھەركۈنى دېگۈدەك قىزىمىز بىزنى

ئۇنتۇپ كەتتى ، ئۆيگە كىلىپ ـ كىتەيمۇ دىمەيدۇ دەپ كوتۇلداپلا يۇرەتتىڭىزغۇ . ئەمدى خىجىل بولماي ماڭا دۆڭگەۋاتىسىزا .

كې ۋېنۋېن دادىسىنىڭ ئىچى كۈچلۈك ئادەملىكىنى ، كۆڭلىدىكىنى ئاسانلىقچە سىرتقا چىقارمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنى شۇنچىۋالا غەم ـ ئەندىشىدە قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى ، ۋاپاسىز قىز بولۇپ قاپتىمەن ، دەپ ئۆزىنى ئەيىپلىدى .

— دادا ، ئاپا ! كەچۈرۈڭلار ، — ئۇ ئوچۇق چىراي ، تەبەسسۇم بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆيگە باشلىدى .

— ۋېنۋېن بۇ ئۆيلەر نېمانچە تار . سەن . . .

— ئاپا ! ياتاق دېگەن شۇ . پاكىزە ، ئەرزان بولسىلا بولمىدىمۇ . كىچىك بولغانىغا نېمە بولاتتى ؟

— مەن سېنى . . . ۋېنۋېن ، ئەگەر بەكلا جاپادا قالغان بولساڭ ، بىز بىلەن قايتىپ كەتكىن . ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن ، — دېدى ئاپىسى مېھرىبانلىق بىلەن .

ۋېنۋېن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— دادا ، ئاپا ! سىلەر بۈگۈن قونۇپ قالامسىلەر ؟ بۇ ئۆيلەر بەكلا تار . مەن سىلەرگە مېھمانساراي ئۇقۇشاي . . .

— بولدى ئاۋارە بولما . ئۆي يالغۇز قالدى . داداڭمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئىشقىلىپ ئارىلىق بەكمۇ يىراق ئەمەس . بىردەم ئولتۇرۇپ ، پويىز بىلەن قايتىپ كىتىمىز .

خېلىدىن بېرى گەپ ـ سۆز قىلماي جىمجىت ئولتۇرغان كې بوۋاي ئېغىز ئاچتى .

— ۋېنۋېن ، سەندىن گۇۋاڭدا بىلەن نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرغۇم يوق . بولغۇلۇق بوپتۇ . سەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك جۆرە تېپىپسەن . بۇرۇنقى ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق . بۇدا تونۇشقان ئادىمىڭنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى قانداقراق ؟ هەرگىز يېنىكلىك بىلەن قارار چىقارمىغىن . ئوبدان ئويلىنىپ ئىش قىل .

ئاپلا ، چاتاق بولدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاپتاپ ئۆچكەندەك نە-بەسسۇم قالدى . بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان . كې ۋېنۇېنىڭ كەمدىن ـ كەم سىرتلارغا چىقىدىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالايتەن ئۇنى يوقلاپ كېلىشى ئەسلىدە ئۇنىڭ « ئۆمۈرلۈك ئىشى » ئۈچۈنكەن ئەمەسمۇ .

— تـوغرا . ئۇنى بىز بىلەن كۆرۈشتۇرگىن . داداڭ ئىككىمىز ئۇنـى بىر كۆرۈپ باقايلى . سىلەر ياشلار ئارىسىدا ، هازىر ئەركىن مۇ-ھەببەتلىشىش مودا بولۇپ كەتتى . نەتىجىدىچۇ ؟ ئاجراشقانلار يەنىلا ساماندەك . بىز قېرىپ قالدۇق ، بىراق ئادەمنى خاتا تاللىمايمىز ، — گەپ قىستۇردى ئاپىسى .

— دادا ، ئاپا ! بـۇ . . . ئـۇنىڭ بۈگـۈن چـولىسـى تەگـمـەس-مىكىن ، — ۋېنۇېن قىيىن ئەھۋالـدا قېلىپ نىمـە قىلـىشىنى بىلـەلمەي ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن كارىۋات ئۈستىدىكى تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ جۇ ۋېيمىن ئېسىگە كېلىپ هوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى . ئۇ تېخىچە پەستە تۇر-غانمىدۇ . ھەقاچان ساقلاۋېرىپ ئۇخلاپ قالدى .

— ئەستا ، نېمىشقا چولىسى تەگمەيدۇ ؟ ئۇنىڭغا بىزنىڭ كېتەلـ-دىغانلىقىمىزنى ئېيتقىن . بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، پاراڭلىشىپ ، ئۆزئارا چـۈشىنىشىپ باقايلى . ئۇ مۇشـۇنچىلىك ۋاقىتـنىمۇ چىـقىرالماي قالماس ؟

— ئاپا ! . . .

— تېز بول ، پەسكە چۈشۈپ تېلېفون بېرىپ باققىن . ۋېنۇېن ، ئاپام خاتىرجەم قايتىپ كەتسۇن دېسەڭ شۇنداق قىل .

— تېلېفون بېرەمدۇ ؟ ئۇنى كىمگە تېلېفون بەرسۇن دەيدىغان-دۇ ؟ ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي داۋاغا دېگەن شۇدە . ئۇ نېمىشقىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولـغىدى ؟ ئـۇ پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ، ھەممە ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانغۇ . ئەمدىچۇ . . .

ھەي ! شۇتاپتا ئۇ ئاسمانغا چىقاي دېسە يىراق ، يەرگە كىرەي دېسە قاتـ
تىق بولۇۋاتىدۇ ! ئۇ تەڭگە پۇللارنى ئالغاچ ، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل
قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇردى . يوقكەن ، تاپالمىدىم دەپ قويايمۇ يا .
بۇنداق قىلسام ، ناۋادا ئۇلار ، ئەمىسە بىر كۈن تۇرايلى دەپ قالسا قانداق
قىلىمەن ؟ ئاھ پەرۋەردىگار ، قانداق قىلسام كاۋاپمۇ ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان
مۇۋاپىق ئامال تاپارمەن ؟

توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ جۇ ۋېيمىن كىرىپ كەلدى . ئۇ پەستە
ساقلاۋېرىپ تىت ـ تىت بولۇپ چىققانىدى .

— ۋېنۋېن تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ ؟ نېماندا . . . — جۇ ۋېيمىن ،
ۋېنۋېننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ، —
بۇ . . . بۇ قانداق ئىش ؟ — ئۇ ئويلايسىزلانغان ھالدا جايىدا تۇرۇپلا
قالدى .

ۋېنۋېن ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى . ئىشلار نېمىشقا بۇنداق
بـولۇپ كېتىدىغاندۇ ؟ توساتتىن بىر قاراملارچە خىيال ئۇنى خىيال دەر-
ياسىدىن ، ئۈمىد قىرغىقىغا چىقاردى . خەير ، مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئىلاج
يوق . بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن .

ۋېنۋېن يۈگۈرۈپ جۇ ۋېيمىننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنى قولىدىن
تارتىپ ئىچكىرىگە ئەكىردى . ئاندىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ :

— دادا ، ئاپا ! بۇياق جۇ ۋېيمىن . . . — ئۇ جۇ ۋېيمىننىڭ
چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي ، — مېنىڭ يۈرگەن يىگىتىم بولىدۇ ، —
دەپ تونۇشتۇردى .

× × ×

فـاڭ لىفەننىڭ ماشىنىسى ئىچىدە بىرخىل جىمجىتلىق ھۆكۈم
سۈرمەكتە . لەرزان مۇزىكا ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بىرئاز بېسىپ
تـۇراتتى . چى شياۋيىن مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئىچىدە غىڭشىماقتا ،
بـېشىمۇ مۇزىكا رېتىمىغا ماسلىشىپ ئوڭ ـ سولغا تەۋرەنمەكتە . بۇنداق
مەستخۇش بولۇش ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەس . بىراق فاڭ لىفەندەك

ئادەم بىلەن بىرگە بولغاندا ، ياكى ئۆزىگە ئازراق ئەمەك تېپىپ شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولسا ، ياكى ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپ ئولتۇرسا بولىدۇ .

ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرغاچقىمىكىن ، فاڭ لىفەن ئېغىز ئېچىشىغا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى .

— بېشىڭىزنى گىلدىڭلىتىۋەرمەي ، گەپ قىلىڭ .

— گەپ قىلىڭ ؟ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەمدىمەن ؟ — دېدى ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا .

— مەن ئاڭلايمەن .

— ھە ؟ ئۇنداق قىلىش زۆۋانسىز ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە گەپ قىلغانغا ئوخشاشلىغۇ ؟

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ نەزەرىنى دەرھال يولغا يۆتكىدى .

— سىزنىڭ گەپ قىلغىڭىز بولمىسا مەن قىلاي ، ئاڭلاشنى خالامسىز ؟

— ئەلۋەتتە ، — دېدى ئۇ باش لىڭشىتىپ . بىراق دىققىتى مۇزىكىدا ئىدى . رادىئودىن ياڭراۋاتقان ئىنگلىزچە ناخشا مۇزىكىسى كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكەتتى .

— سالامەتلىكىڭىز خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاندۇ ؟

— ھەئە ، — ئۇ يەنىلا ناخشىغا غىڭشىپ ئولتۇردى .

— بىر كۈنى مەن سىزنى ئاتا ـ ئانامنىڭ قەبرىسىگە ئاپىراي ، كۆجە كۆيدۇرۇپ كېلەيلى .

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى . قولىنى مۇزىكا رىتىمىگە تەڭكەش قىلىپ تىزىغا ئاستا ئۇرماقتا ئىدى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ :

— يەنە بىر گەپ ، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى « بىزنىڭ » ھۇجرىمىزغا ئەكىرەيلى .

— بولىدۇ ، — ئۇ مۇزىكىغا مەست بولۇپ كۆزلىرىنى يۇ-

مۇۋالدى .

فالك لىفەن رادىئونى ئۆچۈرۈۋەتتى .

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ئاڭلاۋاتقان تۇرسام . . . — دېدى ئۇ قارشىلىق بىلدۈرۈپ .

— ھازىر دېگەن گېپىمنى ئېنىق ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟

ئۇ ئويلانمايلا قارىسىغا باش لىڭشىتتى . قانداقسىگە ئاڭلىمسۇن ؟ ئۇنىڭدىن سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ ، دەپ سورىدى . ئاندىن ئۇنى قەبرە بېشىغا كۆچە يېقىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى يەنە . . . ئاپلا ، چوقۇم بۇنىڭدىن كېيىن سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ دېگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ مۆرىمەسقۇ ئۇنىڭدىن باشقا گەپلەرنى ئاساسەن دېمەيدۇ .

— ئەمىسە ياخشى ، — فالك لىفەن رادىئونى يەنە ئېچىۋەتتى ، — ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ ، ئەتىدىن قالدۇرماي نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى « بىزنىڭ » ھۇجرىمىزغا يۆتكەيسىز ، بىلدىڭىزمۇ ؟

بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى .

— ياق ! مەن ئۆز ھۇجرامدا ئۇخلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان ، — مۇزىكا ھەرقانچە يېقىملىق بولسىمۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكىنى ياپالمىدى . ئۇ . . . ئۇ بايا مۇشۇ ئىشنى تىلغا ئالغان بولغىمىدى ؟

— ئۇنداق بولسا ، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كۆچۈپ چىقسامىمۇ بولۇۋېرىدۇ .

— بولمايدۇ . مېنىڭ كارىۋېتىم . . . - مېنىڭ كارىۋېتىم بەكمۇ تار .

— تار بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ، قىش كىرىۋاتىدۇ . يېقىنراق ياتسام توڭۇپمۇ قالمايمىز ، — ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قىلچىلىك چاقچاق پۇرىقى چىقمايتتى . قارىغاندا ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋاتقان بولسا كېرەك .

چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ ھېچقانداق قارار چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . بىراق « بىر ھۇجرىدا يېتىش » ئىشى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈ-

لۇپ كەتكەنىدى . چۈنكى كېسەل بولۇپ قالغاندىن بېرى فاك لىفەن بۇ ئىشنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىغانىدى . ئەگەر ئۇ ساقىيىپلا ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈپ چىقىدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا ، كارىۋاتتىن چۈشمەيلا يېتىۋالغان بولاتتى .

ۋاي خۇدايىم ! ئۇ ھەرگىزمۇ ئەركىشى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتمايدۇ . ئازراقلا مىدىرلىسا قارشى تەرەپكە تېگىپ كېتىدىغان گەپ . بولۇپمۇ ئۇ بەك ئەسكى ياتىدۇ . كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ ئاتقاندا ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى قىستاپ كارىۋاتتىن چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىدەك كۆلكىلىك مەنزىرىنى كۆرسە قانداق قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە . . . فاك لىفەن ئەگەر بالا تۇغۇش دېگەن گەپنى يەنە تىلغا ئالسا . . . ۋاي ئاللا ، ئۇ نومۇستىن ئۆلۈپ كېتەر . ھەرقانداق بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن ھېلىقى . . . ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئىشنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ . ھەرگىز ئۇنىمايدۇ .

— چىرايىڭىز ئاجايىپلا تۇرىدۇ ، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز ؟

فاك لىفەنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى . فاك لىفەن ماتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى .

چى شياۋيىن ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . فاك لىفەنىنىڭ گېپىدىن يانمايدىغان ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان . چى شياۋيىن بولسا ر ئالدىدىكى ئاجىز چۆجە ، ئۇنداق بولغانىكەن ، ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنماقتىن باشقا نېمە ئامالى بار ؟

— مەن ـ مېنىڭ ئويلىغىنىم ، ئىككىمىز بىر ھۇجرىدا ياتساق تازا ياخشى بولماسمىكىن . چۈنكى ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر ئادەم بىلەن بۇنداق يېقىنلىشىپ باقمىغان . مەن ئۇخلىيالمىسام ، سىزمۇ قىيلىنىپ قالىسىز . شۇڭا بىز ھەرئىككىمىز پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى ، دەپ قارىغان چاغدا كۆچۈپ كىرسەم بولمامدۇ ؟

فاك لىفەن ئاستا ـ ئاستا بېشىنى چايقىدى .

— نېمە ئۈچۈن ؟ مۇشۇنداق قىلساق ھەر ئىككىلىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى چى شياۋيىن مەيۇس ھالدا .

— ئەگەر مەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ساقلاشقا ماقۇل بولسام ، سىز مېنى ساقلىتىپ قېرىتىۋېتىسىزغۇ دەيمەن ؟ سىز بۇنداق ئاقماس باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ رېئاللىقتا يۈزلىنىشتىن قاچىسىز ، بىز مەڭگۈ بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنەلمەيمىز . قەدىرلىكىم ! مەن سىزگە مۇھەببىتىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرسەم بولغۇدەك .

چى شياۋيىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە فاڭ لىفەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ، ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىنى ئۇنىڭ ئويماقتەك لەۋلىرىگە باستى . . .

چى شياۋيىن بىر دەقىقە نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي قېتىپ قالدى . ئاندىن دەرھال ئېسىگە كېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى . ھايۋان ! چى شياۋيىننىڭ كۈتكىنى بۇنداق قوپال ھەرىكەت بولماستىن ، بەلكى كىنو ـ تېلېۋىزورلاردىكىگە ئوخشاش ، مۇھەببەتكە تولغان شېرىن ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان دەسلەپكى سۆيۈش ئىدى . بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئېرى بولغان ، ئۇ ئۇنى خاپا قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەكتە .

فاڭ لىفەننىڭ ئاتەشتەك لەۋلىرى ، چى شياۋيىننىڭ يۈرەك باغرىنى شوراپ تارتىۋالىدىغاندەك ، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۈستىدە ئىختىيارسىز ئايلانماقتا ئىدى .

چى شياۋيىن بارا ـ بارا شېرىن لەززەت ئىلكىدە بوشىشىپ ئۆزىنى فاڭ لىفەننىڭ ئىختىيارىغا تاشلىدى . شۇئان فاڭ لىفەننىڭ قوپاللىقى يوقاپ ، لەۋلىرىمۇ سىلىقلاشتى . چى شياۋيىننىڭ ۋۇجۇدى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل شېرىن لەززەتتىن يېقىملىق تىترەپ ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى . . .

ئاھ پەرۋەردىگار ! ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلارسەن . ئۇ بۇنداق ئىشتىن سەسكەنمىدى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشى ھەم رېتىمسىز يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى

تاس قالدى . فاڭ لىفەن ئۇنى مۇھەببەت ئىلاھىغا باش ئەگدۇرۇپلا قال-
ماستىن ، ئۆزىمۇ قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى .

فاڭ لىفەن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ ئۇنى قۇچىقىدىن ئاجراتتى .
ئۇنىڭ ئەسلىدە بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى . ھېچبولمىسا ئۆزىنى بۇن-
چىۋالا ئۇرۇپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغان . ئۇ ياشلىق دەۋرىگە ئەمدىلا
قەدەم قويغان ، 18 ياشلىق يىگىت بولمىغاچقا ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئە-
شەنچى كامىل ئىدى . نېمە ئۇچۇندۇر ئاشۇ شېرىن سېزىمغا ئەسىر بو-
لۇپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغۇ تاڭ .

فاڭ لىفەن چى شياۋيىنىڭ قىيا ئېچىلغان چىرايلىق لەۋلىرىگە ۋە
تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشلىرىغا قاراپ قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە :

ــــ سىز كىرىپ كېتىۋېرىڭ ، بىر ھۇجرىدا يېتىش ئىشى . . .
مەن ئويلىنىپ كۆرەي ، ــــ دېدى . ئۇ ئەمدى ئويلانمىسىمۇ بولمايتتى .
شۇنچىلىك ئەھۋالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغىنىدىن قارىغاندا ، ئۇ بىر ھۇج-
رىدا يېتىشنى ئارقىغا سۈرەشكە ھەرگىز چىدىيالمايدىغاندەك قىلاتتى .

× × ×

كې ۋېنۋېن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا جۇ ۋېيمىنغا قارىدى . كۆڭلى
بولسا ، خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك بىئارام بولماقتا ئىدى . ئۇ جۇ ۋېي-
مىننىڭ بۇنداق ئىپادىسىز تۇرقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان . چۈنكى ،
ئادەتتە ئۇ مۇلايىم ، خۇش چاقچاق ئىدى ، قىزىقچىلىق قىلىپلا يۈرەتتى .
ئىككىسى بايىلا كې ۋېنۋېننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى پويىزغا چىقىرىپ
قويدى . ئۇلار شۇ تاپتا جۇۋېيمىننىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇراتتى . خېلى
كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، جۇ ۋېيمىن ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغاندەك
ئەمەس .

جۇ ۋېيمىن چوقۇم مەندىن قاتتىق رەنجىدى . بىراق كىممۇ خاپا
بولمايدۇ دەيسىز ؟ ئۇ ھېچگەپتىن ـ ھېچگەپ يوق باشقىلار تەرىپىدىن
ئەخمەق قىلىندى ، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن سوئال ـ سوراقلارغا ئۇچۇق
چىراي ، ئىنتايىن قىزغىن بىر قىياپەتتە جاۋاب بېرىپ ھەرگىز چاندۇر-

مدى . ئۇ بەكمۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ، ۋېنۆبىننى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئوسال قىلىپ قويمىدى .

كې ۋېنۆبىن بۇگۈن ئەڭ يېقىن ئىككى دوستىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويدى . لو ھەدىسىغۇ گەپ يوق ، ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى ئەپۇ قىلىۋېتەر . چۈنكى ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە يىراق يەردىن ئۇنى ئىزدەپ كەلدى ئەمەسمۇ . بىراق جۇ ۋېيمىنچۇ ؟ ئۇ قاچانغىچە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرەر ؟ ئۇنى كەچۈرەرمۇ ؟ ماشىنا ئىچى خۇددى شامالسىز كېچىدەك سۈرلۈك تىمتاس ئىدى .

— جۇ ئاكا ! سىز ـ سىز خاپا بولۇپ قالدىڭىزغۇ ـ دەيمەن ؟ — ۋېنۆبىن ئاخىر دۇدۇقلىغان ھالدا ئېغىز ئاچتى .

— مەن بۇنداق ئالدامچىلىقتىن بىزار ، باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئاددىيلا قىلىپ .

— كەچۈرۈڭ ، ئالدىڭىزدا ھەقىقەتەن خىجىلمەن . مەن . . . — ئۇ شۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلىسۇن ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن بەكمۇ سەت ئىش قىلدى .

— بۇ ئىشنى ئوچۇق چۈشەندۈرسىڭىز ، بىر ئاڭلاپ باقاي .

كې ۋېنۆبىن يەرگە قارىدى ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى .

جۇ ۋېيمىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى .

— سىز ھەدېسىلا مۇشۇنداق قىلىسىز ، قانداقلا ئىش بولمىسۇن ، ئىچىڭىزگە سېلىپ ، باشقىلارغا دەرد تۆكۈشنى خالىمايسىز . مېنى خۇددى مەتۇلاردەك سىزدىن ئەنسىرەپلا يۈرسۇن دەمسىز ؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ساقلاپ يۈرگەن نازۇك ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىغىمۇ پسەنت قىلمىدى ، — ۋېنۆبىن ! سىزنىڭ مېنى « يىگىتىم » دەپ تونۇشتۇرغىنىڭىزدىن رەنجىمىدىم . ئەكسىچە ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . لېكىن بۇ سىزنىڭ ئامالسىز قالغان چاغدا ئاغزىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەپ قويغان گېپىڭىز ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي يۈرەك سۆزىڭىز بولۇشى كېرەك . بۇگۈنكى ئىشتا سىز ماڭا چۈشەنچە بېرىش لازىملىقىنى ھېس قىلمىدى-

www.uyghurkitap.com

ىڭىزمۇ ؟

ۋېنۋېننىڭمۇ يۈرىكىدىكى دەردىنى تۆكۈپ ، ئىچىنى بوشاتقۇسى بار . دېسە گەپ بولىدۇ ، دېمىسە دەرد دېگەندەك . ئۇ پەقەت بۇ ئىشلارنى دەپ بەرسە تېخىمۇ كۆپ گۇمانلارنى قوزغاشتىن قورقىدۇ .

— بۇ ئىشلار ئېرىڭىزغا مۇناسىۋەتلىكمۇ ؟

ۋېنۋېن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .

— مەن سورۇشتە قىلىپ بىلدىم . مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم سىزگە كۆڭۈل بۆلۈش . خالاس ، — دېدى جۇ ۋېيمىن .

— لو ھەدەمدىن سورۇشتۇردىڭىزمۇ ؟

— ھەئە ، سىز ئۇنىڭدىن رەنجىمەسسىز ؟ ئۇمۇ سىزگە بەكلا كۆيۈنىدۇ .

ئۇ بېشىنى چايقىدى .

— بىلىدىغانىنى بىلىپ بوپسىز . مېنى يەنە نېمە دېگۈزمەكچى ؟ ئەمەلىيەتتە ئىشلار بەكلا ئاددىي . مەن ئاتا ـ ئاتامنى مېنىڭ غېمىمنى يەپلا يۈرمىسۇن ، ئاجرىشىپ كەتكىنىم سەۋەبلىك تەشۋىشلىنىپ ئۆزلىرىنى پاراكەندە قىلمىسۇن ، دەپ ئويلاپ ، ناھايىتى ياخشى يىگىت تاپتىم ، دەپ ئالداپ قويغانىدىم . ئۇلارنىڭ بۇنى راست دەپ قېلىپ ، ئىزدەپ كېلىشىنى خىيالمۇ قىلماپتىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كۆرۈشتۈرمىسەك زادى بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى . . .

— ئاتا ـ ئانىڭىز نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىڭىزغا نارازىمىدى ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس . مەن . . . مەن ئاجرىشىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ، ئۇلار مەندىن خاپا بولدى .

— ئۇنداقتا ماڭا ئېيتىشنى خالامسىز ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن سەممىيلىك بىلەن .

— ياق ئۇنداق قىلالمايمەن . . . بۇنى دېيىشكە ئامالسىزمەن . . . — ئۇ بېشىنى قاتتىق چايقىدى .

ئۇنىڭ ئازابقا تولغان چىرايىغا قاراپ ، جۇ ۋېيمىننىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى .

— سىز چوقۇم دەپ بېرىشىڭىز كېرەك . بولمىسا بۇ ئىشلارنى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتەلمەيسىز ، — جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى ، — سىزگە ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىمەن . بىراق سىناپ كۆرۈڭ ، بولامدۇ ؟ مەن يېنىڭىزدىلا بولىدىكەنمەن ، ھېچقانداق ئادەم سىزنى « تاك » ئېتىپ چېكەلمەيدۇ . دەۋېرىڭ . ماڭا دەپ بېرىڭ ۋېنۋېن .

ۋېنۋېن كۆزلىرىنى يۇمدى . كۆز ياشلىرى خۇددى يىپىدىن ئۈزۈلگەن مەرۋايىتلاردەك مەڭزىنى بويلاپ پەسكە دومىلىماقتا ئىدى . ئۇ ئىچىدىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئۈنسىز ئېسەدەشكە باشلىدى .

جۇ ۋېيمىن ئۇنى ئىختىيارسىز باغرىغا باستى . ئۆز مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى .

كې ۋېنۋېن خۇددى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ، توساتتىن بىر ياغاچ تاختايغا ئۇچراپ قالغاندەك جۇ ۋېيمىننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى . ۋېنۋېن ھەيران قالدى . بىردەم يىغلىۋىدى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى . كۆز ياش ئاجىز ، مىسكىنلىككە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن ، ۋاقتى كەلگەندە ، شىپالىق دورىمۇ بولالايدىكەن .

ۋېنۋېن تىنچلىنىپ قالغاندىن كېيىن ، جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا قەغەز بەردى ، لېكىن سۆزلەشكە قىستىمىدى . بىراق ۋېنۋېن سىناپ بېقىشى كېرەك . قەلبىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىپ بەرسە ، بەلكىم ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ئۆتمۈش ئىچىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرۇپ چىقالىشى مۇمكىن .

— مەن . . . مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . ئۇ ئىنتايىن كېلىشكەن ئادەم ئىدى . مۇلايىم ، كۆيۈمچان كۆرۈنەتتى . كەسپىمۇ زور ئۇتۇق قازانغانىدى . ئەڭ مۇھىمى ئۇ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ( ئەينى ۋاقىتتا مەن شۇنداق قارايتتىم ) . شۇنداق قىلىپ بىز بىر مەزگىل قىزغىن مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق توي

قىلدۇق، — ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ نەزەرىدە مەن ئىنتايىن تەلەيلىك ئىدىم. ھەممە شارائىتى شۇنچە ئەۋزەل ئېرىمنىڭ بولغانلىقىدىن، ئۆزۈممۇ بەخت ئىلكىدە مەست بولغانىدىم. بىراق مەن خاتالاشقانىكەنمەن. مەنلا ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خاتالاشقانىكەن ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالۋاستىنىڭ نەق ئۆزىكەن... — ۋېنۋېننىڭ قوللىرى ئازابتىن تىترەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىزدىدى. جۇ ۋېيمىنمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك بۇ قوللارنى مەھكەم قىستى. دېگەندەك ۋېنۋېن بىرئاز ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ - ئۇ ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقاتقانىكەن. بۇھال ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئەسەبىيلىشەتتى. ئۇ قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن مېنى ئۇراتتى. مېنى ھەقىقىي ئەركەك قىلىپ چىقالمىدىڭ، دەپ تىللايتتى...

ۋېنۋېن يەنە يىغلاپ تاشلىدى. جۇ ۋېيمىن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ:

— بولدى، ھېچ ئىش يوق. ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دېدى.

بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى ھەمدە ئۇنى قاچانلاردىدۇر ئۇنىڭ ئىللىق باغرىدا مۇشۇنداق بىر تەسەللىگە ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى.

— مېنىڭ جاراھەتلىرىم بەدەنلىرىمگىلا ئەمەس، يۈرىكىمگىمۇ چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. باشقىلار خىي گۇۋاڭدانىڭ سىلىق - سىپايە، ئەدەپ - ئەخلاقلىقى چىقىپ تۇرغان تاشقى قىياپىتىنىلا كۆرەتتى. بىراق ھېچقانداق بىر كىشى ئۇنىڭ رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

— ئەجەبا، سىز بۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز چىداپ كەلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن.

— مەن بەكلا شورپېشانە بولسام كېرەك. بەلكىم ئۇنىڭ ئىلگىرى

پەرەز قىلغىنىمدەك ھالغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلغاندۇرمەن . ئىشقىلىپ مەن
بۇ نىكاھنى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسىدا بولدۇم . بىراق مەن ئۇنىڭ نورمال
بىر ئادەمدىن قورقۇنچلۇق ، خۇدنى يوقاتقان بىر ئالۋاستىغا ئايلانغان
تۇرقىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىم . كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ ئۆ-
تىۋەردى . مېنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان جاراھەتلىرىم ماڭا
شۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بەردىكى ، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىكەن . مەن
بۇنداق ئەخمەقلارچە چىداپ ئۆتلۈۋەرسەم ھەرگىز بولمايدىكەن ، ئۆزۈمنى
نابۇت قىلغاندىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىكەنمەن .
— شۇنداق قىلىپ سىلەر ئاجرىشىپ كەتتىڭلارمۇ ؟
— ئۇ بېشىنى چايقىدى .
— مەن شۇنداق ئويلىدىم . بىراق مەن ئاجرىششنى ئوتتۇرىغا
قويۇۋېدىم . ئۇ . . . ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سوراپ خاتالىقىنى تونۇيدىغان-
لىقىنى ئېيتىپ ئالدىمدا تىزلىنىپ يىغلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلى-
قىنى ، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئىناق ئائىلە قۇرىدىغانلىقىنى ، گەرچە مېنى
جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتە قانائەتلەندۈرەلمىسىمۇ ، بىراق باشقا جەھەت-
لەردىن ، توققۇزۇمنى تەل قىلىپ ، ھېچقانداق نەرسىگە موھتاج قىلمايدى-
غانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بەردى . ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ ئۇ جەھەتتىكى
ئىقتىدارسىزلىقىغا قىلچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم . . . مەن پەقەت تىنچ ـ
خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزەلىسەملا ، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ
ئۆتۈشكە رازى ئىدىم . مانا بۇ مېنىڭ قارارىم ئىدى . مەن بۇنىڭدىن
قىلچە پۇشايمان قىلمايتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن بىز راستلا بىرنەچچە
كۈن تىنچ تۇرمۇش ئۆتكۈزدۇق . ئۇ ھەتتا ـ ھەتتا مېنى ئېلىپ دوخ-
تۇرخانىغا باردى . سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر بالا
تۇغۇپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدى ، مەن خۇشاللىقىمدا
يىغلاپ تاشلىدىم . چۈنكى ئۇ ماڭا چىن يۈرىكىدىن بەختلىك بىر ئائى-
لىنى ئاتا قىلماقچى بولۇۋاتاتتى .
— ئۇنداقتا سىلەر سۈنئىي ئۇرۇنلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللان-
دىڭلارمۇ ؟

ۋېنۇېن بېشىنى لىڭشىتتى .

— ھەئە . مەن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھامىلدار بولدۇم . مەن قورسىقىمدىكى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم . بۇ بالىنى كەلگۈسىدىكى بارلىقىمىز دەپ قارايتتىم . بىراق ئۇ — ھېلىقى ئادەم ئەسلىدىكى غالجىر ، ئاسان ئاچچىقلايدىغان ھالىتىگە قايتتى . ئۇ مېنى « سەن پەقەت ئاشۇ بالىنىلا ياخشى كۆرىسەن ، ماڭا قىلچە كۆيۈنمەيسەن » دەيدىغان بولۇۋالدى . شۇنداق قىلىپ مەن يەنىلا قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە قايتىپ كەلدىم . بىراق مەن يەنىلا كۆتتۇم . بالام تۇغۇلغاندىن كېيىن ، بەلكىم ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرىنى ئويغىتىپ ئۇنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن دەپ قارىدىم . شۇڭا مەن بالامنى جان تىكىپ قوغدىدىم . مەيلى ئۇ مېنى قانداق نەرسە بىلەن ئۇرمىسۇن ، قورسىقىمنى تولسۇۋېلىپ بەرداشلىق بەردىم . بىراق بىر قېتىم . . . بىر قېتىم . . . — ۋېنۇېنىنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر ئۆچتى .

— نېمە بولدى ؟ ۋېنۇېن دېسىڭىزچۇ ؟

— ئۇ ـ ئۇ مېنى پەلەمپەيدىن ئىتتىرىۋەتتى . مەن قورسىقىمنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە پەسكە دومىلاۋەردىم . . . چۈنكى مەن بالامنىڭ ساق ـ سالامەت دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . بىراق مەن بارا ـ بارا سېزىمىمنى يوقىتىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن . . . مېنىڭ بالام . . . بىچارە بالام . . . مەندىن نۇرغۇن خۇن كېلىپ توختىمىدى . بالىمۇ چۈشۈپ كەتتى ، — ئۇ بېشىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ، — مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم قالدى . چۈنكى ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ ئۆز بالىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى ، — جۇ ۋېيمىن ئۇنى ئېغىر مەھكەم قۇچاقلىدى .

نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق . جاھاندا مۇشۇنداق رەزىل ئادەملەرمۇ باركەن ـ ھە . ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئايالى ، ھەم يۈرەك پارىسىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قانداقمۇ ۋىجدانى يول قويغاندۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن . ئەگەر ۋېنۇېنىنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولۇپ قالغان بولسا ، نەچچە كۈندىلا كەشنى توغرىلاپ ، خې گۇۋاھدا-

نىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغان بولار ئىدى.
بىرخىل ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاش قايناق ھېسسىيات ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىشقا باشلىدى. ئەگەر ۋېنۋېن جۇ ۋېيمىنىنىڭ بولىدىغان بولسان، ئۇ ھاياتى بىلەن قەسەم بېرىدۇكى، ئۇنىڭغا زەررىچە ئازار بەرمەيدۇ.
— بۇ ئىشنى سىز نېمىشقا ئاتا ـ ئانىڭىزدىن يوشۇرىسىز؟ ئۇلار چوقۇم سىزگە ياردەم بېرەتتى ئەمەسمۇ، — دېدى جۇ ۋېيمىن.
كې ۋېنۋېن ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن دەرھال بېشىنى كۆتۈردى:
— مەن ـ مېنىڭ ئۇلارنى غەمدە قويغۇم كەلمىدى. بالام تۇغۇلۇپ ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشكەندە، ئاندىن ئۇلارغا دېيىشنى ئويلىغانتىم.
— ئۇنداقتا ھازىرچۇ؟ ھازىر دېيەلمىگۈدەك يەنە قانداق سەۋەب بار؟
ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.
— سىز بۇلارنى چۈشەنمەيسىز. خې گۇاڭدا يۈز ـ ئابرۇيىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم. ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئاتا ـ ئانام بىلىپ قالىدىغان بولسا، دادام چوقۇم ياخشىلىقچە بولدى قىلىۋەتمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، خې گۇاڭدا ئۆزىنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانامدىن ئۆچ ئالماي قويمايدۇ. ھازىر مەن ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتىم. شۇڭا دېيىشكە تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن.
— خې گۇاڭدا؟ — جۇ ۋېيمىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
— ئەنە شۇ ئادەم مېنىڭ ئېرىم ئىدى، — دېدى ۋېنۋېن چۈشەندۈرۈپ.
جۇ ۋېيمىن چۈشەندىم دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى
— ۋېنۋېن، جىمى گۇناھ ئۇنىڭدىكەن. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىشىڭىز ھاجەتسىز. سىزنىڭ، بۇ ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىڭىزدىن يو-

شۇرغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن . بىراق مەن سىزنىڭ كۆڭدە دېگۈدەك قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك پەرىشان، ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالىدەك غەمكىن تۇرقىڭىزنى كۆرۈشنى خالىمايمەن . سىز چوقۇم بۇ ئۆتۈپ كەتكەن رەھىمسىز رېئال-لىقنى ئۇنتۇپ ، قايتىدىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇشىڭىز كېرەك . بولمىسا قانداقمۇ يېڭى تۇرمۇش باشلىيالايسىز ؟

ۋېنۋېن توساتتىن ئۆزىنىڭ تېخىچە ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئىكەنلىكىنى سېزىپ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ ، ئۆزىنى تارتماقچى بولۇۋېدى ، جۇ ۋېيمىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى .

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىزنى باغلايدىغان بىر نەرسە بارلىقىنى مەن بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدىم ھەم زادىلا ئىنكار قىلغۇم كەلمىگەنىدى ، سىزنىڭچىچۇ ؟ ئىككىمىزگە پۇرسەت بېرىشنى خالامسىز ـ يوق ؟ — جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاۋازدا پىچىرلىدى .

كېيىن ۋېنۋېن قاتتىق ئازابلاندى . ئۇنىڭدا تونجى قېتىم ئاجايىپ يالقۇنلۇق ھېسسىيات پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئەگەر ئۇ ئىلگىرى يولنى خاتا تاللىمىغان بولسا ، ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى مەڭگۈ بەختلىك قىلار ئىدى . بىراق ھازىر بەكمۇ كېچىكتى . ئۇنىڭ تېنىدىكى جاراھەتلەر بارا ـ بارا يوقالغىنى بىلەن يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن ئازابلار ، بەلكىم ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن . ئۇ بۇ جارا-ھەتلەرنى ساقايتىشقا مەڭگۈ ئامالسىز .

— نېمە بولدى ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ؟

ۋېنۋېن ئۇنىڭ ئەرلەرگە خاس ، مەززىلىك پۇرىقىنى كۆكسىنى تولدۇرۇپ سۈمۈردى .

— مەن ـ مەن سىزگە مۇناسىپ كەلمەيمەن جۇ ئاكا ، — دېدى ۋېنۋېن مەڭزىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە يېقىپ تۇرۇپ ، — مەن ناھايىتى كەلسە توخۇ يۈرەك ، قورقۇنچاق ، ئاجىز بىر ئايالمەن . مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك جۈپتىڭىز بولالمايمەن . مېنىڭ كۆڭلۈم بۇ-رۇنلا ئۆلگەن .

— قالايمىقاق سۆزلىمەڭ . مېنىڭچە سىزنىڭمۇ ماڭا كۆڭلىڭىز يوقمۇ ئەمەس . بۇنى بىلىۋالغۇچىلىكىم بار . ھېچ بولمىغاندا سىز ماڭا ئۆ-شىنىسىز ، توغرىمۇ ؟

— شۇنداق . مەن سىزگە ئىشىنىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە . . . مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن . سىز ۋە لو ھەدەم جاھاندىكى ئەڭ يېقىن ھەم بىردىنبىر دوستۇم .

— ياخشى كۆرۈش بىلەن دوستلۇق ئىككىسى ئىككى گەپ . ئەجەبا سىز بۇنىمۇ چۈشەنمەمسىز ؟ ۋېنۋېن ! سىز ھېلىقىدەك مۇناسىپ - مۇناسىپ ئەمەس دېگەندەك گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ . مەن جۇ ۋېيمىن ھېچقاچان بىر ئايالغا « مەن سىزنى سۆيىمەن » دەپ باققان ئەمەسمەن . مېنى ھەرگىز ئۈمىدسىزلەندۈرمەڭ . « پەقەتلا كۆڭلۈم يوق » دېگەن گەپنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلىماڭ . بولمىسا يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ ، — ئۇ كېيىنكى سۆزنى بەكمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ دېدى .

كې ۋېنۋېن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى . كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى . بىراق بۇ ياشلار ھەرگىزمۇ ھەسرەت - نادامەت ، تەشۋىش يېشى بولماستىن ، خۇشاللىق ، بەخت يېشى ئىدى . ئۇ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ مانا بۇگۈنكىدەك شېرىن - لەززەت ئىلكىدە ئۆتۈشىنى ئىل-گىرىكى كۆڭۈلسىز تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپ ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - ھە !

× × ×

جۇ ۋېيمىن فاڭ لىفەن بىلەن ئۇلار دائىم بېرىپ تۇرىدىغان قەھ-ۋەخانىدا كۆرۈشۈشنى پۈتۈشتى . بۇ جاي تىنچ ، خالىي بولۇپ ، پاراڭ-لىششقا ئەپلىك ئىدى . كەچ سائەت يەتتە بولغاندا ، ھەرئىككىسى تەڭلا ھازىر بولدى ھەم ئىچىملىك بۇيرۇتتى .

— مېنى چاقىرغۇدەك نېمە ئىش بار ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن .

— ئىشقۇ بار . بىراق - قارىسام سېنىڭمۇ بىرەر خاپىلىقىڭ بار

ئوخشايدىغۇ ، كەيپىياتىڭ تازا ياخشى ئەمەس ، ــ دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ .

ــ سەن ئۆز ئىشىڭنى بىل . مېنىڭ ئىشىم بىلەن نېمە كارىڭ؟

ــ نېمانداق يات ئادەملەردەك گەپلەرنى قىلىسەن ؟ بىز دوستقۇ . ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشىمىز كېرەكتە . دەپ باقمامسەن ، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

ــ بولدى . بولدى قىلساڭچۇ . مېنىڭ ئىشىمغا ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدۇ ، ــ ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇنا-سىۋەتتىكى زىددىيەتلىرىنى پەقەت ئۆزىلا ھەل قىلىشى كېرەك . باش-قىلارغا دەپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ؟

ــ چى شياۋيىن چىشىڭغا تېگىپ قويۇپتۇ ـ دە ؟

ــ سەن ئۇنى چى شياۋيىن دەۋاتىسەنغۇ ؟

ــ ھە ، خاپا بولما ، خاپا بولما . « يەڭگەم » ، بولدىمۇ . نېمە ؟ سىلەر تېخىچە « رەسمىيەت » بېجىرمىدىڭلارمۇ ؟

ــ بېجىرىدىغان قانداق « رەسمىيەت » كەن ئۇ ؟

ــ ھەي تولا خۇپسەنلىك قىلما . سەن بۇنداق ئەزمىلىك قىلى-ساڭ . . . مەن مەڭگۈ « تاغا » بولالماي ئۆتۈپ كېتىمەن .

ــ گەپنى ئۇياق ـ بۇياققا ئەپقاچماي تېزرەك گېپىڭنى دېسەڭ-چۇ . بولمىسا ھېلى بىكار تاياق يەپ ئاغزىڭ مايماق بولۇپ كەتسە ، تې-خىمۇ گەپ قىلالماي ئارماندا قالىسەن ، ــ دېدى فاڭ لىفەن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ .

جۇ ۋېيمىن يەرنىڭ تېگىدە يىلان ماڭغىنىنى بىلىۋالالايدۇ . ئەمدى چى شياۋيىننىڭ گېپىنى قىلىپ چاقچاق قىلغىلى بولمايدىغان بوپقاپتۇ . قارىغاندا ئىلگىرىلەش خېلىلا چوڭ جۇمۇ .

ــ بولىدۇ ، مەن دەي ، ــ جۇ ۋېيمىن ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ، ــ خې گۇادا دېگەن ئادەم ئېسىڭدىمۇ ؟

ــ خې گۇاڭدا ؟ ھېلىقى « دارىن » گۇرۇھىنىڭ خوجايىنىمۇ ؟ ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭ بىر سودا ئىشى بارغۇ ؟

— راستلا شۇمۇ ؟ مەن تېخى ئىسمىنى خاتا تۇتۇۋالدىممىكىن دەپتىمەن .
— زادى نېمە ئىش بولدى ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن تاقەت قىلالماي .
— ئۇ كې ۋېنۋېننىڭ ئىلگىرىكى ئېرى ئىكەن .
— ئىلگىرىكى ئېرى ؟ كې ۋېنۋېن ؟ — فاڭ لىفەننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى . قارىغاندا ئۇنىڭ يادىدا يوقكەن - دە .
— كې ۋېنۋېن مېنىڭ كاتىپىم . سەن ئۆز خىزمەتچىلىرىڭنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولماس ؟
— مەن ئېسىمدە تۇتۇۋالالمايدىكەنمەن ، بولۇپمۇ ئاياللارنى ، — دېدى فاڭ لىفەن پەرۋاسىزلىق بىلەن ، — دارىن گۇرۇھى ۋە بىزنىڭ شىركەتلىرىمىز چوڭ شىركەتلەر ، سەن خەقنىڭ شەخسىي ئىشىنى سۈ- رۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن ؟
— مەنغۇ تەكشۈرۈپ كۆرمىدىم . بىراق بۇ ھازىر مېنىڭ ئىشىم بولۇپ قالدى . چۈنكى مەن - مەن كې ۋېنۋېننى ياخشى كۆرۈپ قالدىم .
فاڭ لىفەن بىردەقىقە تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كېيىن ئۆزىنىڭ چى شياۋيىنغا قىلغان ئىشلىرى يادىغا چۈشۈپ . . . كۈلكىسىنى دەرھال توختىتىپ :
— كەچۈرگىن ، — دېدى . ئۇ ھازىر پەقەت شۇ سۆزنىلا دېيەلەيتتى .
— ھېچ ۋەقەسى يوق . مەن سېنىڭ ئىنكاسىڭنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم . ھېلىمۇ ياخشى ئۈچ سىكۇنتلا كۈلدۈڭ . مەن تېخى سېنى تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتسە ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئاۋارە بولارمەنمۇ دەپ ئويلاپتىمەن . بۇنچە تېز ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ خىيا- لىمغىمۇ كەلمەپتۇ . مەن ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قويماقچى ، خې گۇاڭدا دېگەن بۇ ئادەم ۋەھشىي ھايۋاننىڭ ئۆزى ئىكەن . ئۇ ئىلگىرى كې ۋېن- ۋېننى ئىنتايىن خورلىغان ، ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەت- كەنىكەن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن .

www.uyghurkitap.com

فاڭ لىفەن بىرپەس ئويلىنىپ ، ئاندىن :

ــــ سەن مېنى « دارىن » گۇرۇھى بىلەن قىلىشىدىغان بۇ چوڭ سورىدىن ۋازكەچ دەمسەن ؟ ئاغىنە بۇ دېگەن شەخسىي ئىش ئەمەس. نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن . . . ــــ دېدى .

ــــ مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن . پەقەت سېنىڭ سودىنى قىلىشتىن بۇرۇن ، ھېلىقى ئەبلەخنىڭ سودا جەھەتتىكى ئىشلىرىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ ، تىلىڭ ـ تىڭلاپ بېقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن . ئىشقىلىپ ئۇ بىر ساختىپەز ، پەس ئادەم ئىكەن . ئېھتىيات قىلغانىنىڭ زىيىنى يوق . كې ۋېنىۋېن بىلەن ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگەن ئىش . ۋېنىۋېنىنىڭمۇ بۇ ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالغۇسى يوق . توۋا ، مەن نېمىدەپ بۇ ئىشلارنى تەگەپ يۈرىمەن ؟ مېنىڭ نېمە كارىم . ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلارسەن .

ــــ بولىدۇ . مەن چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ باقاي . ھە ! سەن راستلا كې ۋېنىۋېن بىلەن ــــ ئىلگىرى بۇنى ماڭا دېمىگەنتىڭغۇ ؟

ــــ مەن ـ جۇ ۋېيمىننىڭ قىزلارنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئېلىنىپ قېلىشى ھەممە يەردە سازايى قىلغۇدەك بىر ئالاھىدە ئىشمىدى ؟ سېنىڭ ئىشەك ئۆلۈۋاتسا ، كۆتى غىنجەك تارتىدىغان ئاشۇ تۇرقىڭدىن ئەجەبمۇ زېرىكتىم .

فاڭ لىفەن كۈلۈپ كەتتى . كېيىن توساتتىن بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك :

ــــ كې ۋېنىۋېن . . . توغرا ، تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قولىدىكى كونۋېرت . . . خەت ئەۋەتكۈچى دېگەن جايىدا مۇشۇ ئىسمنى كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ ، ــــ دېدى .

ــــ ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلار دەمسەن ؟ نېمە كونۋېرت ئۇ ؟ ئېنىقراق دېسەكچۇ ؟

فاڭ لىفەن چى شياۋيىننىڭ ئۇنى زورلاپ ھېلىقى ئەر ـ خوتۇنلارنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئادرىسىنىمۇ يادلاپ بەردى .

— بۇ ۋېنۋېن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئادرىسى ئەمەسمۇ ؟ ئۇنداقتا ھېلىقى ئەر ـ خوتۇنلار . . . — جۇ ۋېيمىن ئەمدى چۈشەندى ، ۋېنۋېننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئۆينى مۇشۇنداق تېپىپتىكەن ـ دە . ئاشۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەت پالاك لىفەننىڭ كاساپىتى بىلەن يوق بوپتۇ ـ دە .

— ئەستا قېرىندىشىم . ماڭا زىيانكەشلىك قىپسەن ئەمەسمۇ ئەسلىدە مېنى لو ھەدىننىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىدىن مەھرۇم قىلغان سەنكەنسەن ـ دە . بۈگۈن قاق ناشتىدا ئۇنىڭدىن تازا داۋامنى ئېشتتىم . تېخى بىرمۇنچە زىيانمۇ تارتتىم دېگىنە .

— مەن ؟ قىزىتماك ئۆرلەپ قالمىغاندۇ

— ئۇلار — ھېلىقى ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلار ۋېنۋېننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەن . ئۇلار ئاران بىر كەلگەندە ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتكىلى بولاتتىمۇ ؟

— توۋا ، تۈنۈگۈن كۆرگەن ئادىمىم راستلا سەنكەنسەن ـ دە . مەن تېخى بىرەرسىنى ساڭا ئوخشاتتىمىكىن دەپقاپتىمەن . . . ھەي ! سەن ھەقاچان لو ياپىغا راست گەپ قىلمىدىڭ .

— مەن راستىنى دېدىم . بىراق ئۇ « كەلگەنلەر ياكى سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بولمىسا ، سىز نېمىگە شۇنچە پاپپاسلاپ كېتەتتىڭىز » دەپ قايناپلا كەتتى ، — جۇ ۋېيمىن كې ۋېنۋېننىڭ يىگىتى بولۇپ رول ئالـ غانـلىقىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىدى . پەقەت باش چايقاپ ، — مېنىڭمۇ تىل قىسلىدىغان يېرىم بار ، — دەپ قويدى .

— ئۇلار قاچانلا بولمىسۇن بەربىر ساڭا ئاتا ـ ئانا بولىدۇ . سەن نېمىشقا كې ۋېنۋېننى ياخشى كۆرۈپ قالـغىنىڭـنى لـو يـايىدىـن يو- شۇرىسەن .

جۇ ۋېيمىننىڭ چىرايى دەرھال بۇلۇت قاپلىغان ھاۋادەك تۇ- رۇلدى .

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، بۇ گەپنى ھەرگىز ئاغزىڭدىن چىـ قارغۇچى بولما . بولمىسا بىردەمدىلا يۇمۇقلۇق كېسەلدەك شىركەتكە تار- قىلىپ كېتىدۇ . مەن باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىشىم توغرۇلۇق ئارقامدىن

سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ يۇرۇشىنى ھەرگىز خالىمايمەن .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى . چۈنكى ھەر ئىككىسىلا شەخسىي سىرىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلاردىن ئىدى .

ـــ ئۇنداقتا مەن بىرىنچى بولۇپ بەخت تىلىگەن ئادەم بولاي قانداق ؟ توينى قاچان قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر ؟

ـــ نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن ؟ تېخى توي قىلىش باسقۇچىغا يەتمىدۇق .

ـــ ئۇنداق بولسا ، تېخىمۇ غەيرەت قىل . مەن ساڭا دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل سوۋغاتنى تەقدىم قىلىمەن .

ـــ رەھمەت . سوۋغاتنى ئۆزۈم تاللىسام بولامدۇ ؟

ـــ ئەلۋەتتە .

ـــ ياخشى . ئۇنداقتا ئوماق بىر BABY ( بوۋاق ) تەقدىم قىلساڭلار قانداق ؟ ئۇ مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئېسىل سوۋغاتتىنمۇ قىممەتلىك .

ـــ سەن . . . ـــ فاڭ لىفەن مۇشتۇمىنى تەڭلىۋىدى . جۇ ۋېيمىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . . .

## 9

چى شياۋيىن گىرىم ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، لەۋ سۇرۇخنى لەۋلىرىگە سۇس سۈرتتى . ئىختىيارسىز ھالدا فاڭ لىفەننىڭ ئۆتكەندىكى ئوتلۇق سۆيۈشلىرى ئېسىگە كېلىپ ۋۇجۇدىنى شېرىن لەززەت ئىلكىگە ئالدى .

نېمە ئۈچۈن ئۇ ، چى شياۋيىننى سۆيۈپ ئارقىدىنلا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىدۇ ؟ ئەجەبا ، شياۋيىن ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئادىمى بولماي قالغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭ نادان ، ساددىلىقى فاڭ لىفەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ھەۋىسىگە سوغۇق سۇ چاچقانمىدۇ ؟ چى شياۋيىننىڭ قەلبى زىددىيەت بىلەن تولدى . ئەسلىدە ئۇ جىنىنىڭ بىرىچە فاڭ لىفەن-

دىن ئېرى قېچىشنى ئويلاپ يۈرەتتى . مانا ھازىر ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدى ، كۆڭلى يايراپ كەتمەكتە يوق ، ئەكسىچە ئىچى سىقىلغاندەك ، قانداقتۇر بىرنەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى زادى نېمىدۇ ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى . ئۇنداقتا فاڭ لىفەنچۇ ؟ ئۇ نېمە ئويلاۋاتىدىكىنە ؟

تۈنۈگۈن خۇاڭ جىڭدي ئۆزىنىڭ ئوۋچى ئىتىنى ئېلىپ ، شياۋيىنىڭكىگە كەلدى . ئىت بەكلا كىچىك ، ئەمما ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى . نېمىشقىدۇر چى شياۋيىن ئۇنىڭدەك ئېسىل ، ساپ نەسىللىك ئىتلارنى بېقىشنى ياخشى كۆرمەيتتى . ئۇنىڭچە ئاددىي ياۋا ئىتلار ، يەرلىك ئىتلار تېخىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى . فاڭ لىفەن خۇاڭ جىڭدېنىڭ ئۇنى دەپ كەلگەنلىكىگە باشقىچە پوزىتسىيىدە بولمىدى . پەقەت فاڭ لىفەن ئۆزىنى « چى شياۋيىننىڭ ئېرى بولىمەن » دەپ تونۇشتۇرغاندا ، خۇاڭ جىڭدېنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، باشقىچىلا بولۇپ قالدى . چى شياۋيىن بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ قالدى . ئۇ چوقۇم تۇلۇمدىن توقماق چىققادەك ئۇشتۇمتۇت ئېيتىلغان بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك .

چى شياۋيىن ئۇنىڭغا ئالدىن دەپ قويسا بولاتتى . ئۇنداق بولغاندا خۇاڭ جىڭدېنىڭ كۆڭلىدىمۇ سان بولاتتى ئەمەسمۇ .

شۇ گەپتىن كېيىن خۇاڭ جىڭدېنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى . ئۇ بىرئاز ئولتۇرۇپلا كېتىپ قالدى . چى شياۋيىن بۇنى فاڭ لىفەننىڭ گەپنى ئۇدۇللا دېگەنلىكىدىن كۆردى . ئۇ گەپنى ياپسىلاپ ئەگىتىپ دەپ قويسىلا بولاتتىغۇ ، خۇاڭ جىڭدي كەتكەندىن كېيىن :

— ئۇ ئىنتايىن ئۇمىدسىزلەندىغۇ دەيمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن .

چى شياۋيىن فاڭ لىفەننىڭ بۇ گەپلەرنى قانداق مەنىدە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيلا قالدى ، ئۇنىڭ گاڭگىرىغان قىياپىتىدىن فاڭ لىفەننىڭ كۈلگىسى كەلدى .

ئەر خەق دېگەن ئاجايىپلا نەرسىلەرنى ئويلايدۇ . كىممۇ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلەلەيدۇ ؟

www.uyghurkitap.com

فاك لىفەن خوتۇننى گويا ئۆزىنىڭ يېڭى ئالغان چىرايلىق ماشىـ
نىسىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك خۇاك جىنگدىغا تونۇشتۇردى . شۇنىڭ
بىلەن داچىغا كەلگەندە ئىنتايىن خۇشخۇي كۆرۈنگەن خۇاك جىنگنىڭ
بىردەمدىن كېيىنلا نېمىشقىدۇر توساتتىن بۇزۇلغان ھاۋادەك چىرايى تۇـ
رۇلۇپلا كەتتى . ئاياللارنى ئۆزگىرىشچان دەپ كىم دەيدۇ ؟ ئەرلەر تېخىمۇ شۇنداقكەنغۇ .

فاك لىفەننىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرغانـ
دەك يۈرۈشى چى شياۋيىنغا قاراڭغۇ ئىدى .

ماشىنىدىكى . . . ئاشۇ كۈندىن تارتىپ ، فاك لىفەن ئۇنى ئاساـ
سەن ئىزدەپ باقمىدى . ئۇ بوش ۋاقتى بولسىلا كۇتۇپخانىغا كىرىۋالاتـ
تى . مانا بۈگۈنكىدەك قىممەتلىك دەم ئېلىش كۈندىمۇ ئۇ خۇددى چى
شياۋيىن جان قەرزىنى ئالغىلى كەلگەن جەبرائىلغا ئوخشاش ، يەنىلا
كۇتۇپخانىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىدى .

چى شياۋيىننىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى . قوچاقلاپ سۆيۈۋالغان
ئادەم چى شياۋيىن بولمىغاندىكىن . ئەسلى چى شياۋيىن ئۇنىڭدىن قاچسا
توغرا بولاتتى . ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكىنى چېـ
كىپ قويۇپلا كىرىپ كەلدى .

فاك لىفەن ھېچ ئىش قىلماي ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئېـ
لىۋاتاتتى .

ـــ ئىشىڭىز بارمۇ ؟ ـــ سورىدى فاك لىفەن .

چى شياۋيىن بېشىنى لىڭشىتتى .

ـــ ئۇنداق بولسا دەۋېرىڭ .

ـــ مەن . . . مەن يەنە بىر ئىتنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەلگەنىدىم
باقسام بولامدۇ ؟

ـــ باققىڭىز بولسا بېقىۋېرىڭ . پەقەت ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ
يامغۇردا قالمىسىڭىزلا ، نېمە قىلسىڭىز مەيلى .

ـــ بىراق ، باققان ئىتلىرىم 15 تىن ئېشىپ كەتتى . مەيلىمۇ ؟

ـــ بۇنى بىلمەمەن . سىز ئاغرىپ قالغان كۈنلەردە مەن ساناپ

كۆرگەن .

— ئۇنداقتا يەنە ئىت بېقىشىمغا قوشۇلدىڭىزمۇ ؟ — سورىدى ئۇ خاپا بولغان ھالدا .

— سىز مېنىڭ رەت قىلىشىمنى ئۈمىد قىلامسىز ؟ — دېدى فاك لىفەن تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي .

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ .

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا خاپا بولىسىز ، مەن قوشۇلدۇمغۇ ؟

— مەن نەدە خاپا بولدۇم ، — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ فاك لىفەنگە ئاندىن ئىنتايىن ئاچچىقى بىلەن چوك - چوك چامداپ چىقىپ كەتتى گۇم قىلىپ قاتتىق يېپىلغان ئىشىككە قاراپ فاك لىفەن تۇرۇپلا قالدى ئاندىن ئىلاجسىز ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەك ئەجەب قىيىنكەن . ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدىكىنە ؟ دەپ ئويلىدى .

چى شياۋيىننىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ، زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تىزىپ قويۇلغان ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يەرگە ئاتتى . « ئۇ مەندىن شۇنچە بىزار بولۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ ئەجەب بىرنەچچە ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىشقىمۇ تىلى بارمىدى - ھە ! » .

چى شياۋيىن ئىت بېقىۋالمىغان بولۇپ ، ئۇ شۇنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەكچى بولغان ، فاك لىفەن چوقۇم بۇ ئىشقا قارشى تۇرىدۇ . مەنمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىمەن ، سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇنى قايىل قىلىمەن دەپ ئويلىغانىدى .

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بۇنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە ماقۇل بولدى . مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىلەن جىقراق پاراڭلاشقۇسىمۇ كەلمىگەنلىكى ئۇنى چىقىرىۋەتكىچە كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا تۇرمامدۇ .

چى شياۋيىن قولىغا چىققان تۈكلىرى ئۇزۇن ، چوك بىر ئىت ئېيىقنى غەزەپ بىلەن كارىۋاتقا ئېتىپ :

— سەن تېخى ئۇزۇڭچە مېنى چاپلىشىۋالارمىكىن دەپ قالدىڭمۇ ؟ مەن ساڭا ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالمىدىم ، بىلىپ قوي ، —

www.uyghurkitap.com

دېدى .

دەل شۇ چاغدا ۋاڭ ئانا كىرىپ ، يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ئويۇنچۇقلارنى كۆرۈپ :

— شياۋيىن نېمە ئىش بولدى ؟ ئەستا ، بۇ زادى قانداق ئىش ؟ — دەپ سورىدى هەيران بولغان هالدا .

— هېچ ئىش بولغىنى يوق ، — دەپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ قويدى ئۇ .

ۋاڭ ئانا ئىلاجسىز بېشىنى چايقاپ :

— بولدى ، تېزرەك پەسكە چۈشۈڭ ، بۇلارنى مەن يىغىشتۇرۇۋېتەي ، — دېدى .

— پەسكە چۈشەمدىم ؟ نېمىشقا ؟ — سورىدى ئۇ قولىغا كىچىك بىر مايمۇنچاقنى ئېلىپ ئوينىغاچ .

— پەستە ، بىرسى سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ ئۇ . . . — ۋاڭ ئانا كېكەچلەپ كەتتى .

— ئۇ كىمكەن ؟ سوراپ باقمىدىڭىزمۇ ؟

— ئۇ ، مەن شياۋيىننىڭ ئاپىسى بولىمەن ، — دەيدۇ .

× × ×

چى شياۋيىن پەلەمپەيدىن چۈشكەچ ئاپىسىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىنى خىيال قىلدى .

كۆرۈشمىگىلى 10 يىل بوپتۇ . ئەسلىدىنلا تازا قويۇق بولمىغان ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت ، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن تېخىمۇ سۇسلىشىپ كەتكەنىدى . نېمە ئۈچۈن ئۇ توساتتىنلا پەيدا بولۇپ ، ئۇنى ئىزدەپ قالدىكىنە ؟

ئۇ سوئاللىرىغا تېخى جاۋاب تېپىپ بولمايلا ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ ئالدىدا كۆردى .

شۇ شيۇيىڭ ئىلگىرىكىدىن تولغان بولۇپ ، ئۇچىسىدىكى ئېسىل ، پوسون كىيىملىرىدىن ئۇنىڭ هازىر ئامېرىكىدا خېلى ياخشى

تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .
— سەن . . . شياۋيىنمۇ ؟ — ئۇ چى شياۋيىننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى .
— شۇنداق ، پېقىرشۇ ، — نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ خۇشال هالدا ئۇنى « ئاپا » دەپ چاقىرغۇسى كەلمىدى . قىزغىن قۇچاقلىشىپمۇ كۆرۈشمىدى . ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن شۇ شيۈيىڭنىڭ چىرايىدا هەسرەتلىك ، ئەلەملىك بىر ئىپادە پەيدا بولدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ :
— چوڭلا قىز بوپسەن ، چىرايلىقلىشىپ كېتىپسەن ، — دېدى
— رەھمەت سىزگە .
— سەن ـ سەن مېنىڭ كەلگىنىمگە خۇشال بولمىدىڭمۇ ؟ — سورىدى شۇ شيۈيىڭ ئاخىر تاقەت قىلالماي .
— ئېسىمدە قېلىشىچە ، سىز ئىلگىرى ماڭا قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتىڭىز . بەلكىم سوراپ باقسام هېچنېمە بولماس ، بىرەر مۇهىم ئىش بىلەن كەلدىڭىزمۇ ؟
— شىياۋيىن . ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلمىساڭ قانداق . مەن . . .
— ئىلگىرى ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ .
10 ياش ۋاقتىمدا ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلغانىدىڭىز . راست گەپنى دېسەم ، 10 يىلدىن بېرى ئۆزۈمنى ئاپىسى يوق ئادەم دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي زەردە بىلەن .
شۇ شيۈيىڭنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . قىزىنىڭ ئەيىبلەشلىرى توغرا ئىدى . ياش ۋاقتىدا ئۇ ، بىر ئانا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنچە تېز هامىلدار بولغۇسى يوق ئىدى . سەۋەب قورساق كۆتۈرسە ، قورسىقىدىكى بالا ئۇنى هەممە ئىشتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى . ئۇ سەمرىپ سەتلىشىپ ، هېچقانداق ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتى .
كېيىن ئۇ ئاجرىشىپ كەتتى . قىزىنى ئۆزى بېقىپ ، هەر جەھەتتىن يېتىشكەن گۈزەل بىر مەلىكە قىلىپ ئېرىگە ، ئانا بولغۇچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەملەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلدى . بىراق رېئاللىق ھەقىقەتەن رەھىمسىز . بىر ئايالنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر بالا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشى ، دېگىزدىن يىگنە ئىزدىگەندىنمۇ قىيىن ئىش ئىدى . ئۇ ئاجراشقاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنلىنىپ ، بۇ كىچىك مەلىكىنى ئارزۇ قىلغاندەك بېقىپ چوڭ قىلىشقا قۇربىتى يەتمىدى ــ دە ، ئىلاجسىز ھالدا ئۇنى ئېرىگە بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى . شۇڭا شۇ شىيۇيىڭ قىزنىڭ ئۆچمەنلىككە تولغان قەلبىنى تولۇق چۈشىنەتتى . قايسى بىر ئانا قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ، ئۆز يۈرەك پارىسىنى تاشلىۋېتىدۇ ؟

چى شياۋيىن دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق يەنىلا ئازاب ۋە قورقۇنچتىن خالىي بولالمىدى . ئۇ كۈنلەرنى قايتا كۆزىگە كۆرسەتمىسۇن ئىلاھىم . ئۇ ئەنە شۇنداق شەخسىيەتچى ئايال . شياۋيىننىڭ ئۇنى « ئاپا » دەپ چاقىرىشىغىمۇ ئەرزىمەيدۇ .

ــ شياۋيىن ! ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان ماڭا قانچىلىك نەپرەتلەنسەڭمۇ ھەق . . . ــ دېدى شۇ شىيۇيىڭ يىغلاپ تۇرۇپ :

ــ مەن سىزدىن نەپرەتلەنمەيمەن . بىراق يالغاندىن سىزنى ياخشى كۆرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىمۇ ئامالسىزمەن . 10 يىل بولدى . 10 يىل مۇقەددەم سىزنىڭ مېنى سۆيۈشىڭىزنى ، ياخشى كۆرۈشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدىم . بىراق ، سىز مېنى ، ئىت كۈچۈكنى تاشلىۋەتكەندەكلا تاشلىۋەتتىڭىز . شۇندىلا چۈشەندىمكى ، مەن بەكلا ئەخمەقكەنمەن . سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىلا سۆيىدىكەنسىز . مېنى ئويلاپ قويۇشقا مەڭگۈ چولىڭىز تەگمەيدىكەن .

ــ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس . . .

چى شياۋيىن بېشىنى چايقاپ دېدى :

ــ ئىشقىلىپ ماڭا بەربىر . مەن كۆنۈپ كەتتىم . داداممۇ ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى . مېنى بالىسى ئورنىدا كۆرۈپ مېھرىبانلىق قىلمايتتى . مەن ئۆز ــ ئۆزۈمگە « بۇنداق ئىشلارنى قىلچە پەرۋايىڭغا ئېلىپ

كەتمە » دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتىم . چۈنكى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرمىگەنىكەن ، مېنى ياخشى كۆرمەسلىكى تەبىئىي .

شۇ شىيۇيىڭ يىغلاپ تاشلىدى . قارىغاندا ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ، خىجىل بولغان بولسا كېرەك .

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇ قايتا باللىق بولالمىدى . گەرچە بۇ كىمدىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ ، ئۇ بۇنى خۇدانىڭ ئۆزىنى جازالىغانلىقى دەپ قارايتتى . چۈنكى ئۆز بالىسىنى تاشلىۋەتكەن شەخ- سىيەتچى بىر ئانىنىڭ يەنە باللىق بولۇشقا قانداقمۇ شەرتى توشسۇن . ئۆز ۋاقتىدا ئۇ نېمانچىۋالا باغرى تاشلىق قىلغان بولغىدى ؟ ئانىلىق مېھىر دېگەن تەبىئىي بولىدىغان نەرسە . ئەجەبا بۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇ- نىڭدا يوق بولغىمىدى ؟

ـــ بولدى يىغلىماڭ . ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغانىنىڭ پاي- دىسى يوق ، ـــ دېدى چى شياۋيىن ئەلەملىك كۈلۈپ .

ـــ شياۋيىن سەن . . . مېنى كەچۈرگىن . گۇناھ پۈتۈنلەي مەندە . داداڭنىڭ ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىقى چوقۇم مېنىڭ ھېلىقى يالغان گەپلىرىمگە ئىشەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك . . . ـــ شۇ شىيۇيىڭ بۇرنىنى تارتىپ قويدى ، ـــ مەن ، مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى بېقىش ھوقۇ- قىنى قولۇمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داداڭغا . . . سېنى « ئۆز قىزىڭ ئە- مەس » دەپ قويغانىدىم .

بۇ گەپ ئۇنىڭغا گويا بېشىدا چاقماق چاققاندەك تەسىر قىلىپ ئۇ ئۇزاققىچە تۇرغان ئورنىدا قوزغۇقتەك تۇرۇپ قالدى . كاللىسى بولسا قۇپ- قۇرۇق ئىدى . ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ . دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ، قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن ـ دە ، چى شياۋيىنىنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بۇرۇنقى بىر ئىش ـــ يەنى دادىسى ھايات ۋاقتىدا مەستلىكتە دېگەن ھېلىقى سۆزى كىنو لېنتىسىدەك ئۆ- تۈشكە باشلىدى .

پەرۋەردىگار . بۇ خوتۇن قانداقسىگە ئۇنىڭغا ئاپا بولۇپ قالغان- دۇ ؟ ئۇ بالىسىغا ئانىلىق مېھرىنى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، يەنە تېخى

زەھەرلىك بەدناملار بىلەن ئۇنى ئاتىلىق مېھرىدىنمۇ مەھرۇم قىپتۇ ئە-
مەسمۇ .

— شىياۋيىن ، ماڭا ئىشەنگىن . مەن داداڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويىدىغان سەت ئىش قىلغان ئەمەسمەن . سەن ئۇنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسى ، بۇ راست .

— سەن ـ سەن باغرى تاش ، بەدنىيەت خوتۇن ئىكەنسەن ، مەن ئېزىپتىمەن . مەن ساڭا ئۆچ ، سەندىن نەپرەتلىنىمەن . ئۆيدىن چىق ، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال ، — چى شىياۋيىننىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى . قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەتتىن ئۆتى تېشىپ ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتاتتى .

— ياق . ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن . مەن داداڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ گۇناھىمنى تىلەي . سەن ئۇ-
نىڭ يۈرەك ـ پارىسى . ئۇ سېنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ . مەن ئۇنى ، بۇ ئىشلارنىڭ مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغانلىقىغا ئىشەندۈرىمەن ، — دېدى شۇ شىيۈيىڭ يىغلىنىپ .

— كېچىكتۇق ، بەكلا كېچىكىپ قالدۇق . ئۇ ئەمدى مېنى ياخشى كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ . ئۇ مېنى ھارامدىن بولغان دېگەن قاراش بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . . .

شۇ شىيۈيىڭنىڭ پۈتۈن ئەزاسى بوشىشىپ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئۆلۈپ كەتتى ؟ چى گوخاۋ ئۆلۈپ كېتەتتىمۇ ؟ مۇمكىن ئە-
مەس . نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ ؟ مۇمكىن ئەمەس .

فاڭ لىفەنمۇ پەسكە چۈشتى . ئۇ پەلەمپەي رىشاتكىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان ھەممە گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغا-
نىدى . ئۇ ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى چىگىلىپ كەلگەن بۇ تۈگۈچنى ئۇلار ئۆزلىرى يەشسە ئەڭ مۇۋاپىق دېگەن ئويدا بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغانىدى .

بىراق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ، كەيپىيات بارغانسېرى

يامانلاشتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەرقانچە چۈشەنچە بېرىشكەن بىلەنمۇ ، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتەتتى . شۇڭا ئۇ ئەمدى ئۆزى مەيدانغا چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، دەرھال پەسكە چۈشتى .

فالىڭ لىفەن ئاچچىق ۋە ئەلەمدىن ئۆزىنى ئاران تۇرۇپ تۇرغان چى شياۋپىننى يۆلەپ تۇرۇپ شۇ شيۇۋيىڭغا قاراپ :

ــ سىز كېتىڭ ، نېمە دېگىنىڭىز بىلەنمۇ پايدىسى يوق . سىز شەخسىيەتچىلىك بىلەن قىلغان بىر ئىشىڭىز يالغان گېپىڭىزنىڭ كاساپىتى بىلەن قىزىڭىزنى قانچىلىك ئازابقا ، دەرد ـ ئەلەمگە دۇچار قىلمىدىڭىز ؟ ئەگەر بۇلارنى چۈشەنگەن بولسىڭىز ، شۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى ، ئۇ سىزنى بۇنداق ئاسانلا ئەپۇ قىلىۋېتەلمەيدۇ ، ــ دېدى .

شۇ شيۇيىڭ دەرھال بېشىنى كۆتۈردى :

ــ سىز . . .

ــ مەن شياۋپىننىڭ ئېرى بولىمەن . شياۋپىن سىزنى « ئاپا » دېمىگەنلىكى ئۈچۈن مەنمۇ سىزنى « ئاپا » دەپ چاقىرىشقا ئامالسىزمەن ، كەچۈرۈڭ .

شۇ شيۇيىڭ يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى :

ــ ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە بارای داۋاغا . قىزىم چوڭ بولۇپ . . . توي قىپتۇ . مەن . . . مەن زادى قايسى ئىشنى توغرا قىلدىم ؟ ئۇ ئۇنىسىز ياش تۆكۈۋاتقان قىزىغا ، ئاندىن فالىڭ لىفەنگە قاراپ سەممىيلىك بىلەن :

ــ سىز قىزىمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىسىز شۇنداقمۇ ؟ شۇنداقمۇ ؟ ــ دېدى .

ــ شۇنداق . چوقۇم شۇنداق قىلىمەن . خاتىرجەم بولۇڭ .

شۇ شيۇيىڭ شۇندىلا خاتىرجەم بولغاندەك باش لىڭشىتىپ ، ئۈستەلگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى .

ــ مەن ئالدىڭلاردا ئىنتايىن ـ ئىنتايىن خىجىلمەن . ئەگەر . . . ئەگەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماڭا بولغان نەپرىتىڭلار مۇھەببەتكە ئاي-

لىنىپ قالسا سىلەرنىڭ نەۋرەمنى . . . بالاڭلارنى ئېلىپ ئامېرىكىغا مېنى يوقلاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . مەن . . . مەن . . . — ئۇ كېيىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى .

ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگىسىگە قاراپ ، فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئىنتايىن غېرىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى . ھازىر ئۇنىڭ ئېرى ۋە باياشات تۇرمۇشى بار دېگەن بىلەنمۇ ئېرىشكەن بۇ نەرسىلەرى ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىگە تەڭ بولالمايدۇ . ياق ! فاڭ لىفەنىڭ قارىشىچە ، بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— دادا ، دادا ! . . . — چى شياۋيىن توساتتىنلا ۋارقىراپ كەتتى ، — مەن سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىز ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ ئاڭلاۋاتامدىغانسىز ؟ سىز مېنى سۆيىسىڭىز ، باغرىڭىزغا باسسىڭىز بولاتتى . شۇنداق قىلىشىنىڭ ئورنىغا نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسىز ؟ زادى نېمىشقا ؟

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ۋاڭ ئانىمۇ يىغلاپ تاشلىدى .

فاڭ لىفەن چى شياۋيىننى باغرىغا باستى . ئۇ مۇشۇنداق ھەسرەت ، ئازاب ئىچىدە ئىلاجسىز قالغان چېغىدا ئۆزىگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئادەمگە نەقەدەر موھتاج . مانا مەن ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن .

چى شياۋيىنمۇ خۇددى ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئۈمىدىنى قوچاقلاۋاتقاندەك ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى .

× × ×

شۇ شىيۇيىڭ كېلىپ ـ كەتكەندىن كېيىن چى شياۋيىن ئۆزگىرىپ . تېخىمۇ جىمغۇر ، خىيالچان بولۇپ قالدى . قول ھۈنەر ـ سەنئەت دەرسىنىمۇ توختاتتى . كۈن ـ كۈنلەپ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى . ھەتتا سۆيۈملۈك ئوماق ئىتلىرىمۇ ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى .

بۇ ئەھۋالدىن ۋاڭ ئانا ئىنتايىن ئازابلاندى . ئۇ فاڭ لىفەندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورىۋىدى . فاڭ لىفەن « ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇڭ ، ئاۋارە قىلماڭ » دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى .

بەلكىم دېگىنى توغرىدۇر . ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ شىپالىق دورا ئۇ-
نىڭ يۈرەك زىددىسىنى داۋالىيالىشى مۇمكىن . بىراق بۇنىڭغا قانچە ئۇزۇن
ۋاقىت كېتەر ؟ بۇلارغا كىممۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلەيدۇ دەيسىز ؟

فـاڭ لىڧەن ئۇنى كۆزىتىۋاتاتتى . ئۇ ھەرگىزمۇ شياۋيىننىڭ
بۇنداق كېتىۋېرىشىگە يول قويمايدۇ . بىراق فاڭ لىڧەن ئۇنىڭغا بىرئاز ۋا-
قىت بېرىشى كېرەك .

چى شياۋيىن ئىسسىق سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشى ،
ئادەم بولۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشى ، قىيىن ئەھۋالغا دۇچ
كەلگەندە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش لازىملىقىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك .

فاڭ لىڧەن بۇ ناتىۋان ، مەسۇمە مەھبۇبىگە مۇنداق ئازابلارنى
تارتىشقا توغرا كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى ھەم ئىچى ئېچىشتى .
بىراق چى شياۋيىن مۇشۇنداق چېنىقىشى ، ئۆزى غەيرەتكە كېلىپ ئور-
نىدىن دەس تۇرۇشى لازىم . بۇنىڭغا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىممۇ يادەم بې-
رەلمەيدۇ .

× × ×

كې ۋېنۋېن قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان خې گۇاڭداغا چىرايىدىن
مۇز ياغدۇرغان ھالدا قاراپ ، ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋېلىپ :

— نېمىگە كەلدىڭىز ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم ، ئۆزۈمنىڭ ئۆ-
يى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنى ھەرگىز خۇشلىمايمەن ، — دېدى
زەردە بىلەن .

— ئىشقىلىپ مېنى ئىزدىگىز كىرگۈزدىڭىز ، شۇنداق
ئەمەسمۇ يا ؟ — دېدى ئۇ قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي ھىجايغىنىچە .

— شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئالدىدا كۈلكىگە قېلىپ يۈزىڭىز تۆ-
كۈلمىسۇن ، دېدىم . سىزنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قوياي . ھازىر
ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق . مېنى ئاۋارە قىلماي
سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق ، چىقىپ كېتىڭ ، دەرھال يوقىلىڭ !

— ۋېنۋېن ! نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىسىز ؟ ئىشىم بولغاچقا

سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ئىنتايىن مۇھىم . ئۇنداق بولمىغان بولسا ئاچاڭنى ئەۋەتسەملا بولاتتى . قانداق؟ ئاڭلاپ باققۇڭىز بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ يەنە سەت ھىجىيىپ .

— ئۇنى سىزنىڭ ئەۋەتكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن ، ئەلۋەتتە سىز . . . سىز زادى نېمە ئويۇن ئويناي دەيسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ئاچاڭنى فاڭ جەمەتى شىركىتىگە كىرگۈزىسىز ؟

— ئەلۋەتتە سىزگە قارانچۇق قىلىش ئۈچۈن - دە . سىز دېگەن مېنىڭ ئادىمىم . مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىنى قوغدىشىم كېرەك .

— قوغداش ؟ ھىم ، — ئۇ قۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدى ، — مەن نەرسە ئەمەس . ئەلۋەتتە ، سىزگە تەئەللۇقمۇ ئەمەس . سىز دەرھال ھېلىقى ئاچاڭ دېگەن ئادىمىڭىزنى فاڭ جەمەتى شىركىتىدىن ئېلىپ كېتىڭ . ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز . . . مەن چاۋىڭىزنى چىتقا يېيىۋېتىمەن .

خې گۇاڭدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى :

— بېرىڭ ، دەڭ ! كىمگە دېگۈڭىز كەلسە شۇنىڭغا دەۋېرىڭ . قېنى كۆرۈپ باقاي . بىراق سىز بىلمىسىڭىز كېرەك . فاڭ جەمەتى شىركىتى ھازىر مەن بىلەن چوڭ بىر سودا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ . ئەگەر سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن فاڭ جەمەتى شىركىتى بۇ سودىدىن ۋاز كەچسە . . . ھا . . . ھا . . . بەلكىم جۇۋېيمىن تەس كۈنگە قېلىشى مۇمكىن .

— سىز !

— ئىككىڭلار بەكمۇ يېقىنغۇ ؟ ئۇنىڭ سىزنى دەپ بۇ چوڭ سودىدىن ۋاز كېچىشكە چىداپ تۇرالامسىز ؟ بۇنداق بولسا فاڭ باش مۇدىرمۇ خاپا بولۇپ قالار .

غەزەپلەنگەنلىكتىن كې ۋېنۋېننىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى . بۇ نومۇسسىز مۇناپىق ، راست تەھدىت سېلىۋاتامدىغاندۇ ؟

— قانداق ؟ مېنى ئەمدىغۇ قوغلىمايدىغانسىز ؟ — خې گۇاڭدا ئۆزىنى ۋېنۋېننىڭ كارىۋىتىغا تاشلىدى ، — ماڭا مەلۇم ، سىزنىڭ ئەقلىڭىز بار .

— زادى نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — ۋېنۋېن ئاچچىقىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى .

خې گۇاڭدا تەئەججۇپتە ئۇنىڭغا قارىدى :

— ھەي ! ئۆزگىرىپ كېتىپسىز . ئىلگىرى ھەرگىز بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلالمايتتىڭىز . بولۇپمۇ ماڭا . قارىغاندا راستىلا ئۆزگىرىپسىز .

— ئەپسۇسكى سەن يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا نومۇسسىز ، پەسلىكىڭنى تاشلىماپسەن .

— كېرەك يوق . تىللىسىڭىز پەرۋايىم پەلەك ، مېنىڭ پەقەت بىرلا شەرتىم بار . بۇ شەرت فاڭ جەمەتى شىركىتىنى چوڭ پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ ، كرىزىستىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . . .

— كرىزىس ؟ تولا جۆيلىمە ! فاڭ جەمەتى شىركىتىدە نېمە كرىزىس بولاتتى ؟

— بۇنى مەندىن بەكرەك چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن ؟ مەن ھەمكارلىشىدىغان ئوبيېكتىمنى ئۇزۇل كېسىل تەكشۈرۈپ كۆرىمەن . ئەلۋەتتە ، ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرۈش دوكلاتنى كۆرۈپ باقامسىز ـ يا ؟

كې ۋېنۋېن كۆزلىرىنى يۇمدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قارارىنى دەڭسەپ كۆردى .

فاڭ جەمەتى شىركىتى ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھايات ئاتا قىلدى . شۇنداقلا دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان دوستلۇق . . . مۇھەببەتنى ئاتا قىلدى . بۇ باش پاناھىنىڭ كۆز ئالدىدىلا غۇلاپ چۈشۈشىنى كۆرۈشنى ئۇ ھەرگىز خالىمايدۇ . يەنە جۇۋېيمىنمۇ بار . ئۇ قانداقمۇ ئۆزى شۇنچە ئەزىزلەپ سۆيىدىغان ، ئۆزى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بىر ئەرنى قاراپ تۇرۇپ ھاڭغا ئىتتىرسۇن ؟

ئۇ خې گۇاڭدانىڭ نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى قىياسەن بىلدى ھەمدە بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى . بەلكىم ئۇ جۇ ۋېيمىن بىلەن مەڭگۈ بىرگە ياشىيالماس . لېكىن ھېچبولمىسا ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئازراق ياخشىلىق قىلالىسا ، شۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە خۇشال

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ .

— قېنى ئېيت ! سەن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ؟ — سورىدى ۋېنۋېن ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ .

— ناھايىتى ئاددىي . سىز دەرھال فاك جەمەتى شىركىتىدىكى خىزمىتىڭىزدىن ئىستىپا بېرىپ ، يېنىمغا قايتىپ كېلىڭ .

— سېنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان ــ قىلمايدىغانلىقىڭنى قانداق بىلىمەن ؟

— يېنىمغا بىر توختام ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ . بىراق خىزمەتتىن ھازىرلا ئىستىپا بېرىشىڭىز كېرەك . يەنە بىر گەپ ، جۇ ۋېيمىن بىلەن كۆرۈشۈشىڭىزگە رۇخسەت يوق . ئاچاڭ ھەر ۋاقىت سىزگە كۆز ــ قۇلاق بولىدۇ ، قانداق ؟ ناھايىتى ئاسان شۇنداقمۇ ؟ ماڭا سىزلا كېرەك ، — دېدى ئۇ ھىجايغىنىچە .

ۋېنۋېننىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . ئۇ بەكلا نەپرەتلەندى . ئۆزىنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىگە ، مۇشۇنداق بىر ئادەم سۈرەتلىك ۋەھشىي ئالۋاستىغا باش ئېگىپ قالغىنىغا نەپرەتلەندى ماڭا ، ئۇ ئەمدى يەنە ھېلىقى دوزاخ ئازابىنى تارتىدىغان جايغا قايتىپ كېتىدىغان بولدى .

دۇنيادا ئادالەت دېيىدىغان نەرسە بارمۇ ؟ زادى بارمىدۇ ؟
ئۇ ئۆز ئۆزىدىن سورايتتى . بىراق ھېچياقتىن سادا كەلمەيتتى .

× × ×

— ئىستىپا بېرىمەن ؟ نېمىشقا ؟ — جۇ ۋېيمىن ۋېنۋېننى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى ، — كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ دەپ بېقىڭچۇ ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟

ۋېنۋېن كۆزلىرىدىكى ئازابنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە قارىۋالدى . « سىز ئۈچۈن ــ مەن سىزگە ياخشى بولسۇن ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن » ئۇ يۈرىكىدىن شۇنداق نىدا قىلدى .

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ ! نېمىشقا جىم تۇرۇۋالسىز ؟ — جۇ ۋېي-

مىننىڭ چىرايىدىن قىلچە ئىشەنمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
— شىركىتىمىز سىزگە نېمە يامانلىق قىلدى ؟ ياكى مەن سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلماي قالدىمۇ ؟
ۋېنۋېن ئاستا بېشىنى چايقىدى .
— چۈشەندىم ، سىز مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماقچى بولغان ، ئىككىمىزگە پۇرسەت بەرگىنىز كەلمىگەن گەپ . مەن نەزەرىڭىزدە شۇنچە ئىشەنچسىز ئادەممۇ ؟
— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس جۇ ئاكا . قالايمىقان پەرەز قىلماڭ .
— ئەمىسە ، سەۋەبىنى دەپ باقامسىز . كېتىمەن دەپلا كەتسىڭىز بولمايدۇ - دە .
— مەن . . . كې ئۆيگە قايتىپ بىر مەزگىل . . . دادام ، ئاپام . . . ئۇلار ، — كې ۋېنۋېن دۇدۇقلاپ كەتتى .
— بولدى ، يالغان سۆزلىمەڭ . سىز بۇنى قاملاشتۇرالايدىغانلاردىن ئەمەس ، — دېدى جۇ ۋېيمىن تاقەتسىزلىك بىلەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئوتلۇق بېقىش بىلەن قارىدى ، — ۋېنۋېن ، چوقۇم بىر ئىش بولدى ، توغرىمۇ ؟ دېسىڭىزچۇ . مەن سىزگە ياردەم بېرىمەن . سىزگىمۇ ئايان ، يېنىمدا بولمىسىڭىز بۇ ھايات ماڭا مەنىسىز تۇيۇلۇپ ، قانداق كۈن ئۆتكۈزۈشۈمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن .
كې ۋېنۋېن ئازابلانغان ھالدا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى .
ئەجەبا ، ۋېنۋېن ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشنى خالىمامدىغاندۇ ؟ بىراق . . . ئۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ .
— ۋېنۋېن دەڭا . دەپ بەرسىڭىزلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق .
— ياق . بۇ قېتىم ھەرگىز بولمايدۇ . . . بۇ ئىشقا ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق . . .
— دېمەي تۇرۇپ ئامال يوقلۇقىنى قانداق بىلىسىز ؟
— ھوي ، ئىككىڭلارغا نېمە بولدى ؟ ئىشخانىدىلا قۇچاقلىشىپ كېتىپسىلەرغۇ ، — ئىشىكتىن فاڭ لىفەننىڭ چاقچاق ئارىلاش ئاۋازى

ئاڭلاندى .

جۇ ۋېيمىن بىلەن كې ۋېنۋېن بىر ـ بىرىدىن دەرھال نېرى بولدى . فاڭ لىفەن كې ۋېنۋېننىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ :

— شياۋجۇ . . . ئەگەر ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويغان بولساڭ . . . مەسئۇلىيەتتىن قاچساڭ بولمايدۇ جۇمۇ .

— نېمىدەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن ؟ ۋېنۋېن خىزمەتتىن ئىستېپا بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، مەن سەۋەبىنى سوراۋاتىمەن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ .

— ئىستېپا بېرىمەن دەيدۇ ؟ — فاڭ لىفەن ئىشكنى يېپىپ قويۇپ جۇ ۋېيمىننىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، — بىرەر ئالاھىدە سەۋەب بارمۇ ؟

— باش مۇدىر ! مەن . . . — كې ۋېنۋېن ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدى .

— سەن نېمىشقا ئارىلىشىسەن ؟ بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلىمەن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن فاڭ لىفەنگە .

— قارىسام ھېچنەرسە سوراپ بىلەلمەيدىغاندەك تۇرىسەن . مەن سوراپ باقسام نېمە بولىدۇ ؟

— سېنىڭ باشلىقلىق ھەيۋەڭ بىلەن ۋېنۋېنغا گەپ قىلىشىڭدىن بىزارمەن . سەن بەكمۇ رەھىمسىز .

— ھوي ! دېمىسىمۇ مەن ئۇنىڭ باشلىقىغۇ . ئۇ توساتتىن ئىستېپا بېرىمەن دەۋاتسا ، ئەلۋەتتە مېنىڭ سەببىنى سۈرۈشتۈرۈشۈم يوللۇق . ئاغىنە ، ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا قانات يېيىپ بىرئاز ئاشۇرۇۋېتىۋاتىسەنغۇ دەيمەن ؟

— مەن شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . قانداق قىلاتتىڭ ؟ — ۋارقىرىدى جۇ ۋېيمىن .

— ماڭا مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلساڭ بولامدۇ ؟ ھوي ! نېمىلا دېگەنبىلەن مەن سېنىڭمۇ باشلىقىڭ ! ياخشى كۆڭلۈمنى يەردە قو-

www.uyghurkitap.com

يۇۋاتىسىنا . جۇ ۋېيمىن ، بۇنداق قىلساڭ ماڭا يۈز كېلەلەمسەن ؟
— باشلىقنىڭ دەمسەن ؟ ۋاھ ! بولدى ، مەنمۇ ئىسىپا بېرەي ئە-
مىسە ؟

كې ۋېنۋېن بۇ ئىككى جان - جىگەر دوستىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن سوقۇشۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تىت - تىت بولدى ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى .

— جۇ ئاكا ، بۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ . ھالقىلىق پەيتتە بۇ يەردىن كەتسىڭىز زادى بولمايدۇ .

— نېمىشقا بولمىغۇدەك ، — سورىدى جۇ ۋېيمىن ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ .

— بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا شۇنچە يىللار بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز باش مۇدىرنىڭ يېقىن دوستى . ھازىر شىركەت قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقاندا سىز . . .

— قىيىنچىلىق ؟ — فاڭ لىفەن بىلەن جۇ ۋېيمىن تەڭلا توۋلى-ۋەتتى . ئاندىن ئىككىسى ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدى .

— سىلەر . . . — كې ۋېنۋېن ئۇلارنى چۈشىنەلمەي قالدى .

— ئەمدىغۇ دەپ بېرەرسىز ؟ زادى كىم سىزگە شىركىتىمىز قى-يىنچىلىققا ئۇچرىدى دەيدۇ ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن كۈلۈپ .

— سىلەر - سىلەر ئۇرۇشمىدىڭلارمۇ ؟

— بىز ئۇرۇشۇپ بولدۇق . بۇ ئويۇننى ئويناپ چىقىشىمىز ، پە-قەت سىزنىڭ ئاغزىڭىزنى ئېچىش ئۈچۈن ئىدى . بەختىمىزگە تولۇق تەييارلىق قىلىۋالغانىكەنمىز ، — دېدى فاڭ لىفەن ، — ھېچگەپتىن - ھېچگەپ يوق ئىستىپا بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز ، بىرەر ئەپقاچتى گەپ ئاڭلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە ؟ سىز راستلا شىركىتىمىزنى قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ دەپ . . . كەتمەكچى بولدىڭىزمۇ - يە ؟

— فاڭ لىفەن ! ۋېنۋېن ئۇنداق ئادەم ئەمەس ، — جۇ ۋېيمىن ئۇنى ئاقلىدى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئەمەس . مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنداق نىيىتىم يوق . شىركىتىڭلار ماڭا ئاجايىپ كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتتى . كۆڭلۈمدە پەقەت مىننەتدارلىقىملار بار .

— بۇنى چۈشىنىمەن . ئۇنداق بولمىسا بايا جۇ ۋېيمىننى قىچقىرىشقا دەۋەت قىلمايتتىڭىز ، — دېدى فاڭ لىفەن باش لىڭشىتىپ ، — كې خېنىم ، گېپىمگە ئىشىنەمسىز ؟

— ھەئە ، ئىشىنىمەن .

— ئۇنداقتا سىزگە شۇنى ئېنىق دەپ بېرەيكى ، شىركىتىمىزنىڭ مالىيە ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى . ھەرگىزمۇ بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنى يوق . ئەمدىغۇ ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بېرەرسىز . بۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرگەن زادى كىم ؟

— خې . . . خې گۇاڭدا ، — دېدى ۋېنۋېن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ .

— خې گۇاڭدا ، — ھەر ئىككىلىسى تەڭلا ۋارقىراپ تاشلىدى . ۋېنۋېن باش لىڭشىتتى :

— ئۇنىڭ گېپىچە ، ئەگەر مەن خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ ، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتمىسەم ، ئۇ ھېلىقى چوڭ سودىدىن ۋاز كېچىپ شىركىتىڭلار بىلەن ھەمكارلاشمىغۇدەك . ئۇ يەنە « ئەگەر مەن بۇ سودىدىن ۋاز كەچسەم فاڭ شىركىتى ۋەيران بولىدۇ » دېدى . شۇڭا . . . شۇڭا . . .

— شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزمۇ ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — سىزمۇزە بەك ساددىكەنسىز . شۇنداقمۇ ئاسان ئالدانغان بارمۇ . فاڭ شىركىتىگە شۇنچىۋالا ئىشەنمەمسىز ؟

كې ۋېنۋېن نومۇستىن يۈزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى .

— بولدى . بۇنى ۋېنۋېندىنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ . مۇشۇنداق ۋاستە قوللانغان بولسا خې گۇاڭدا ھەققەتەن پەس ئادەمكەن ، — دېدى فاڭ لىفەن غەزەپ بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ .

— مېنىڭچە ئۇ ۋېنۋېننىڭ بۇ ھەمكارلىق ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر دېگەندەك ئىش قىلغان گەپ، لىفەن، مېنىڭچە بولغاندا، بۇ سودىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئادەم خې گۇاڭدا.

— توغرا. ئۇ، ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مەن ئۇنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتىم. تېزلا خەۋىرىنى ئالالايمىز. ۋاقتى كەلگەندە مەن ئۇنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ئەدەپلەپ قويمىسام، خەپ توختاپ تۇرسۇن، — فاڭ لىفەن ئورنىدىن تۇردى، — كې كاتىپىنىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلىمايمەن. ئۇ سەن بىلەن توي قىلىپ، باللىق بولسا، بۇ باشقا گەپ. بولمىسا ئەمدى بۇنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولمىسۇن، — ئۇ جۇ ۋېيمىنغا قاراپ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، كې ۋېنۋېنغا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، باش دىرېكتور ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

جۇ ۋېيمىن كې ۋېنۋېننىڭ قولىدىن تارتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنچە جاسارەتلىك باشلىق تۇرغان يەردە، سىزنىڭچە شىركىتىمىز ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ؟ — دېدى.

ۋېنۋېننىڭ يۈزلىرى توغاچتەك قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى.

— ئەخمەق. بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ھەرقانداق ئىشنى يوشۇرۇشىڭىزغا رۇخسەت يوق. چۈنكى سىز بەكلا ئاسان ئالدىنىپ قالىدىكەنسىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقىلار سىزنى سېتىۋەتسىمۇ بىلمەي قالىدىغان ئوخشايسىز.

— مەن . . . مەن سىزنىڭ مېنى دەپ فاڭ شىركىتىنىڭ جىنايەتكارى بولۇپ قېلىشىڭىزنى خالىمىدىم.

— شۇڭا ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشكە رازى بولدىڭىزمۇ، — جۇ ۋېيمىن ئامراقلىق بىلەن ئۇنىڭ چىڭ قۇچاقلىدى، — ئەمدى سىز مېنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېسىڭىز ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

كې ۋېنۋېن ئەركىلىگەن ھالدا ئۇنى مۇشتلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 10

— ئەپەندىم ! سىز – سىز خېنىمنى قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆزھا۔لىغا قويۇۋېتىسىز ، بۈگۈن كەچكىچە ئۇ نەچچە قوشۇقلا تاماق يېدى . بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى ۋاڭ ئانا قولىنى پەشتامىسىغا سۈرتۈپ تۇرۇپ . راست گەپنى قىلغاندا ، ۋاڭ ئانا زور غەيرەت بىلەن فاڭ لىفەننىڭ قېشىغا كەلگەنىدى . چۈنكى ئۇ ئەپەندىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كەيپىياتىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى .

فاڭ لىفەن چوڭقۇر خىيالغا پاتتى .

ئاپىسى كېلىپ – كەتكەندىن بېرى ، چى شياۋيىن ئۆيگە سولىنىۋېلىپ ، تالا – تۈزگىمۇ چىقمايۋاتاتتى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ بۇنداق كېتىۋېرىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ ، بىراق . . . قانداق قىلسا بولار ؟ چى شياۋيىن ئۇنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلارمۇ ؟

ئۇ ۋاڭ ئانىنىڭ كۆڭلىنى ، ئەندىشىسىنى ئوبدان چۈشىنەتتى . چى شياۋيىننىڭ ئۆزىنى ئۆيگە نەزەربەنت قىلىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى ، بۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتى سەۋەبلىك قانچىلىغان كىچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى .

چوقۇم ئامال تېپىش كېرەك . بۇ ئۇنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى .

— بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىمەن . ئەنسىرەپ كەتمەڭ ، — دېدى فاڭ لىفەن گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ ، — چۈشتىن كېيىن رۇخسەت سوراپ قايتىپ كېلىمەن . ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار .

— ئۇ . . . ئۇ يېقىندىن بېرى ھەتتا دەرۋازا ئالدىغىمۇ چىقىپ باقمىدى .

فاڭ لىفەن بېشىنى لىڭشىتىپ :

— ماڭا قەھۋە دەملەپ بېرىڭ . شىركەتكە بارىمەن ، — دېدى .

فالۇ لىفەن ماشىنا ھەيدىگەچ خىيال سۈرمەكتە . ئۇنىڭغا قانداق نەسىھەت قىلسا بولار ؟ چوڭ قائىدىلەرنى ، ۋاڭ ئانا ئاز سۆزلىمىدى بولغاي . بىراق ئۇنى ، رىئاللىققا يۈزلىنىشكە قايىل قىلالمىغۇدەك تۇرىدۇ . فالۇ لىفەن بەلكىم ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ، قەلبىنى چۈشىنەلمىسە كېرەك . چۈنكى فالۇ لىفەن ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان . ئۇنىڭغا ئوخشاش . . .

ھەي ! ئۇنىڭ بېشى راسا قاتتى . يېقىندىن بۇيان ئاۋارىچىلىق كۆپ بولدىغۇ !

× × ×

مېنى نېمىدەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىسىز ؟ — دېدى چى شياۋيىن تۆت ئەتراپىنى ياپيېشىل تاغلار ئوراپ تۇرغان بۇ جايغا سۈغۇق نەزەر بىلەن قاراپ .

— كۆكۈل ئاچىمىدۇق ! — فالۇ لىفەن ماشىنا ئىشىكىنى تاقىدى ، — يۈرۈڭ ، پىيادە سەيلە قىلايلى .

چى شياۋيىن ئۇنىڭغا «ھېچ قانداق جايغا بارغۇم يوق » دېگىسى بار ئىدى . بىراق فالۇ لىفەن ئۇنى قولىدىن چىڭ تۇتۇپ ماڭغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن بويىنىنى باغلىغاندەك ماڭدى .

— مەن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي ، چوقۇم قىزىقىپ قالىسىز .

چى شياۋيىنىنىڭ تۇرقىدىن ، ھازىر ھېچ گەپ قۇلىقىغا كىرمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . بىراق فالۇ لىفەن ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى .

— مەن سىزگە داچاڭلارنىڭ ماڭا نېمىشقا شۇنچە مۇھىم بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي .

— مېنىڭ ناھايىتى بىر قوشۇمچە سوۋغات بۇيۇمى ئىكەنلىكىمنى سەمىمگە سېلىپ قويغاي دەمسىز ، بۇلارنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ؟ ئۆزۈمگىمۇ ئايان ، كىچىكىمدىن تارتىپ ھەممە ئادەم مەن-

دىن بىزار ئىدى ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن .

فـاڭ لىفەن ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىقنى زورىغا بې-سىۋالدى .

— سىز ئۆزگىرىپ كېتىپسىز ، ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنىدىغان بـولۇپ قاپسىز . ئاپىڭىزنىڭ قىلغانلىرى توغرا بولمىغاندۇ . لېكىن بۇنىڭ-لىق بىلەن ھەممە ئادەمدىن ئاغرىنىپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ . ھازىرقى ئەھۋالىڭىزغا قارىڭا ؟ سىزدە ھېسسىيات ، مېھىر ، دېگەندىن ئەسەر يوق . ھەممىلا نەرسىگە پـەرۋاسىـز قـارايـسىز . ئـادەم دېـگەن شـۇنـداقمـۇ بولامدۇ ؟ — فاڭ لىفەن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاش-تۇردى ، — مەن سىزنى زادىلا قانداقتۇر بىر قوشۇمچە سوۋغات بۇيۇمى قاتارىدا كۆرۈپ باققىنىم يوق . سىزگىمۇ ئىككىمىز بەختلىك بىر ئائىلە بـەرپا قىلالايمىز ، دەپ ئېيتتىم . مەن دەردىڭىزگە دەرمال بولالايمەن ، سىزگە كۆيۈنىمەن ، چۈنكى سىز گۇناھسىز .

فـاڭ لىفەن ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ ، يىراق تاغلارغا نەزەر تاش-لىدى .

— سىلەرنىڭ داچا بىز فاڭ جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس تەۋەرۈكى ئىدى . ئەۋلاددىن ئەۋلاد مىراس بولۇپ كېلىۋاتاتتى . بىراق بۇ داچا دادامنىڭ قولىدا سېتىلىپ كەتكەن . ئەينى ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانام ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ ، ئائىلىمىزنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن دوستىدىن زادىلا ئاغرىـنمىغان . گەرچە ئۇلار قىلغان ياخشىلىقىدىن يامانلىق كۆر-گەن بولسىمۇ ، پەقەتلا زارلانمىغان ، پەقەت كۆز يۇمۇش ئالدىدا ماڭا ئىلاج قىلىپ داچىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ۋەسىيەت قىلغان . مېنىڭ ئاتام ـ ئانام جىق ئوقۇغان ، بىلىملىك ، سەۋىيىلىك ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى . بىراق مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىككى ھېكمەتنى بىلىۋالدىم . ئۇ بول-سىمۇ كەڭ قورساقلىق ، ئەپۇچانلىق ۋە ۋاپادارلىق . شۇنچە يىلدىن بېرى مـەن ، بۇ داچىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جىق تىرىشىپ ـ تىرماشتىم . بۇ-نىڭدىن مەقسىتىم ، بىرتەرەپتىن ئۆز قەسىمىمنى ئورۇنداش ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئانام ۋە ئەجدادلىرىم ئالدىدا ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا

قىلىش ئىدى ، خالاس .

چــى شياۋيىن ئۇن ـ تىنىسىز هالدا ئۇنىڭ دۇمبىسىگە نەزەر تاشـ
لىدى . تولغان ۋە كەڭ بۇ يەلكىگە نېمىدېگەن ئېغىر يۈك ئارتىلغان ، بۇ
قاۋۇل ۋۇجۇد قانچىلىك زور بېسىمغا دۇچ كەلگەن ـ هە !

بۇنداق چۈشكۈن ، مىسكىن هالدا كېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقى ئۇـ
نىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ، بىراق . . . بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇرەككەپ
ئوي ـ پىكىرلىرى ، هېسسياتىنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى . ئۇ
كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسى بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ
قىلدى ! بىراق تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپلا كەلدى . هەتتا ئۆزىنىڭ
ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىمۇ باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا بىرتەرەپ قىلىندى .
ئۆزى بولسا بۇ توغرىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالدى . بۇ
هالەتلەرنى قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسۇن ؟

ــ ئاپىڭىزغا نەپرەتلىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . هەم بۇ تەرىـ
پىڭىزنى تەنقىدلەپمۇ كەتمەيمەن . چۈنكى ئۇ تەبىئىي ئىش . بىراق سىز
تېخى ياش ، كۆڭلى ـ كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز
كېرەك . بۇ ئىشلار هازىر كاللىڭىزدىن ئۆتمىسىمۇ ، بىراق هامان بىر
كۈنى چوقۇم ئاپىڭىزنى چۈشىنىسىز ، ئۇنى ئەپۇ قىلىسىز ، ــ فاڭ لىفەن
ئۇنىڭغا بۇرۇلدى . ئانــدىن قــولى بىلەن ئۇدۇلىدىكى تــاغنى كۆرسەتـ
تى ، ــ مېنىڭ ئاتام بىلەن ئانام ، ئاشۇ يېشىل تاغ باغرىدا ، مەڭگۈلۈك
ئۇيقۇدا ياتىدۇ . بىراق سىزنىڭ ئاپىڭىز تېخى پانى ئالەمدە هايات ياشاۋاـ
تــىدۇ . ئۇ دادىڭىزنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇشقا بەكلا كېچىكتى . ئەجەبا
سىزمۇ ، ئۇنىڭدىن تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە نەپرەتلىنەمسىز ؟ ــ فاڭ لىفەن
ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ، ــ ئويلاپ كۆرۈڭ ، بەلكىم ئۇ سىزنى
يــاخشى كۆرگەچكىلا ، سىزنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كۆزىگە هېچنەرسە
كۆرۈنمىگەن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ، ئاشۇنداق بىمەنە گەپلەرنى دەپ
سالغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن . بەلكىم ئۇ شۇ
يىللاردا بەكلا ياش ، نادان بولسا كېرەك .

چى شياۋيىننىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغىنىدىن ، فاڭ لىفەن

ھەيران بولمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خىلمۇخىل ئۇمشاپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان ئۆچمەنلىكمۇ بارا ـ بارا بىر-خىل زىددىيەتكە ئالماشقانىدى . فاڭ لىفەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى .

ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ :

ــ باشقا بىر كۈنى مەن بىلەن بىللە ئاتا ـ ئانامنىڭ قەبرىسىگە كۈچە ياققىلى بېرىشنى خالامسىز ، ئۇلار سىزنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىڭىز ، ــ دېدى .

چى شياۋيىن بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى .

فاڭ لىفەن مەمنۇن بولغان ھالدا ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى . ئەمدى ئىككىنچى قەدەمنى تاشلىسام بولغۇدەك ، دەپ ئويلىدى ئۇ .

ماشىنا ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپماقتا . چى شياۋيىن ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، فاڭ لىفەنىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ ، مۇلاھىزە قىلماقتا ئىدى .

× × ×

ــ لو ھەدە ! لو ھەدە ، ــ جۇ ۋېيمىن باش مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ لو يايىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى ، ــ ۋېنۋېن قېنى ؟ ئۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟

لو يايى قولىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلىگەچ ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى .

ــ كۆردۈم .

ــ قېنى ؟

ــ چىقىپ كەتتى .

ــ چىقىپ كەتتى ؟ خىزمەت ۋاقتىدا نەگە كەتتى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا دەپمۇ قويماپتۇ ، ــ دېدى ئاچچىقلاپ .

ــ سىز يوق تۇرسىڭىز ، تۆت تامغا دەپ قويامتى . ئەستا ، قارىغا سىزنى ، ماتېرىياللىرىمنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭىز .

— ئۇنـداقتا ئۇ سىزگە بىرەر نەرسە دېمىدىمۇ ؟ — سورىدى ئۇ جىددىيلىشىپ .

— ياق . نېمىگە شۇنچە جىددىيلىشىسىز ؟ ئۇ فاڭ باش مۇدىر بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى . چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز دېيىشتى .

— فـاڭ لىفەن بىلەن ؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ چىرايى ئۆڭدى ، — ئۇ مېـنىڭ ئادىمىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ ، ماڭا بولسا دەپمۇ قويماپتۇ ـ ھە ؟

— سىـزنىڭ ئادىمىڭىزمۇ ئۇ ؟ — لو يايى قىزىقىش نەزەرىدە ئۇ- نىڭغا قارىدى .

جۇ ۋېيمىن ئويلىمايلا دەپ سالغان گېپى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتتى .

— ئۇ ، ئۇ مېنىڭ كاتىپىمغۇ ، خاتا سۆزلىمىگەندىمەن .

لو يايى ئۇھ تارتىپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى ۋە مەنىلىك قىلىپ :

— شىركىتىمىزدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق ، مەرتىۋىلىك ، كېلىشكەن ئىككى باشلىق گۈللەر ئىچىدىكى رەنالارنى چېكىسىگىمۇ قىسىۋاپتۇ . ھـەي ! ئەمـدى شىركىتىمىزدىكى قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەممىسى كوللىك- تىپ ئىستىپا بېرىدىغان ئىش بولامدۇ نېمە ؟ — دېدى .

— تولا گەپ يورغىلاتماڭ . نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن نارازى بولغان قىياپەتتە ، — فاڭ لىفەن ئۇنى نەگە ئا- پىرىدىكىنە ؟ بىجىرىدىغان ئىش چىقىپ قالغان بولسا سىزنى ئېلىپ بارسا بولاتتىغۇ ؟

— بەلكىم ئۇ ، ۋېنۋېننىڭ مەندىن قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك .

جـۇ ۋېيمىن زەردە بىلەن ئۇنىڭغا ئالايدى . لو يايى قاقاقلاپ كۇ- لۇپ كەتتى :

— ماڭا بۇنداق ئالايماڭ . ئىشقىلىپ ۋېنۋېن باش مۇدىر بىلەن بىللە ، ھېچ ئىش بولمايدۇ . بولدى بەس ، ئىشىمنى قىلغىلى قويۇڭ چىقىپ كېتىڭ ، — دېدى .

جۇ ۋېيمىن تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەت-

www.uyghurkitap.com

تى. غەلىتە ئىش، فاڭ لىفەن زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ نېمىدەپ ۋېنۋېننى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ؟

ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى. ئۇدۇلىدىكى بوش ئورۇنغا پات ـ پات قارىغاندا بولسا، قولىدىكى ئىشنى قويۇپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

× × ×

كې ۋېنۋېن فاڭ لىفەننىڭ ئۆيىدە چى شياۋيىن بىلەن خۇشال ـ خورام مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. مانا بۇ فاڭ لىفەننىڭ ئىككىنچى پىلانى بولۇپ، چى شياۋيىننى بىرنەچچە سىرداش دوستلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويماقچى ئىدى. بۇنىڭغا كې ۋېنۋېن ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولالايتتى.

كې ۋېنۋېن ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى چى شياۋيىنغا دەپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، فاڭ لىفەنگە ۋەدە بەردى. بۇ ۋېنۋېنغا نىسبەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. بىراق فاڭ شىركىتى ئۇنىڭغا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئىقتىدارسىز، تارتىنچاق بۇ قىز بۇ ياخشىلىقنى نېمە بىلەن قايتۇرالىسۇن، شۇ ۋەجىدىن ئۇ فاڭ لىفەننىڭ خوتۇنىغا ياردەم بېرىپ، جاھاندا ھەرخىل بەختسىز ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇلار ئىچىدىكى خېلى تەلەيلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ياردەم بەردى. قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى، قولى سۇنۇق بىلەر دېگەندەك، بۇ بىرجۈپ دەردمەن تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا تەسەللىي بېرىشتى.

كې ۋېنۋېن بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىن زارلانمايدىغان، ئۆلۈپ كەتكەن بالىسى ئۈچۈن ئازابلانمايدىغان بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. پەقەت قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئىپادىلەش تەس بولغان بىرخىل ئۆكۈنۈشلا قالدى.

چى شياۋيىن، ئۆزىنىڭ ئەخمەقلارچە قىلىق قىلىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرى، كې ۋېنۋېننىڭ دەردلىرى ـ ئەلەملىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. ئۇ

شۇنچە خاپىلىق تارتىپمۇ يەنە ياشاپ كەپتۇ . ئۇ چى شياۋيىن مۇشۇنداق دەردكە پېتىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەمدۇ ؟

— دادىڭىز ئەرشتە تۇرۇپ چوقۇم ئاپىڭىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ . ئۇ سىزنى يۆلەيدۇ ، سىزگە بەخت تىلەيدۇ . ئۇ بەلكىم ئىلگىرى سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن ئازابلىنىۋاتقاندۇ . ناۋادا سىز داۋاملىق مۇشۇنداق قايغۇرۇپ ئۆتۈۋېرىدىغان بولسىڭىز ، گۆرىدە ئارامخۇدا ياتالماسلىقى مۇمكىن ، — دېدى كې ۋېنۇېن .

چى شياۋيىننىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى . دوستى بولسا نېمىدېگەن ياخشى – هە ! بۇ ئىككى دەردمەن يۈرەكنىڭ ئىللىقلىق بىلەن بىر – بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتى . ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمىدى . ئۇلار يۇرتى توغرۇلۇق ، ئىتلار توغرۇلۇق ، چاچ پاسونى ، كىيىم – كېچەك توغرۇلۇق پاراڭلاشتى . كې ۋېنۇېن جۇ ۋېيمىننىڭ ئۆزىگە قانداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . چى شياۋيىنمۇ فاڭ لىفەننىڭ ئۆزىگە رازۋېدكا رومانى ئېلىپ بەرگەنلىكىنى مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپ بەردى .

مۇهەببەت ئۇلۇغ .

دوستلۇق تېخىمۇ قىممەتلىك .

فاڭ لىفەن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ شادىيانە كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى . ئۇ توغرا قىلغانىدى . شىركەتكە قايتقاندىن كېيىن جۇ ۋېيمىننىڭ هەرقانداق « ئەيىبلىشى » گە ئۇچرىسىمۇ ئەرزىيدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

× × ×

خې گۇاڭدانىڭ چىرايى تاتىرىپ شۇنداق سەتلىشىپ كەتتى . ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۆزىنى كۈچەپ نىقاپلاپ كەتمەيتتى .

— هۇ رەسۋا ! ئۇ ، كې ۋېنۇېننى سەل چاغلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ . ئۇ پاسكىنا شىركەتتىن ئايرىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كۈندىن كۈنگە دېگۇدەك جۇ ۋېيمىننىڭ ئارقىسىدىن سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ . ئۇ قى-

لىشىدىغان سودىدىكى پۇلغا ، ئەڭ ئېھتىياجلىق ئادەمنىڭ فاڭ جەمەتى شىركىتى ئەمەس ، بەلكى خې گۇاڭدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندىمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا ئۇ بۇنداق پەرۋاسىز قىياپەتتە يۈرەلەمتى؟

بەلكىم ئۇنىڭ جۇ ۋېيمىندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندۇ . ئىشقىلىپ فاڭ جەمەتى شىركىتى جۇ ۋېيمىننىڭلا شىركىتى بولمىغاندىكىن ، ئۇلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا ، بۇ سودىدىن يەنىلا ئۈمىد بار دېگەن گەپ . كې ۋېنۋېن قالايمىقان گەپ قىلىپ قويمىسىلا ، بۇ سودىنىڭ پىشىپ قېلىشىدا گەپ يوق . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئوبرازى ناھايىتى ياخشى .

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كې ۋېنۋېن ئۇنىڭ ئالدىغانلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك . خې گۇاڭدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلىشىغا يول قويمايدۇ . ھازىر ئۇ ئىگىلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ قالدى . خەپ توختاپ تۇرسۇن ، ئىشلىرى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن . . . كې ۋېنۋېن ! سېنىڭ ماڭا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭنى بىر كۆرەي .

ئۇ ياۋۇزلۇق بىلەن سەت ھىجايدى . . .

× × ×

— فاڭ لىفەن قېنى گەپ قىل ، نەگە باردىڭ ؟ — جۇ ۋېيمىن ئەمدىلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن فاڭ لىفەننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى .

كې ۋېنۋېن يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، جۇ ۋېيمىننىڭ قولىنى تارتتى .

— ھوي ! سىزگە نېمە بولدى ؟ فاڭ ئاكامنى قويۇۋېتىڭ .

— ھە ؟ ئۇ ھازىر « فاڭ ئاكا » بولۇپ قالدىمۇ ؟ مەن ئۇنىڭ بۇ مۇبارەك نامىغا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى بىلمەي قويمايمەن . ۋېنۋېن سىز چىقىپ تۇرۇڭ .

— ياق ! چىقىپ كەتمەيمەن ؟ — دېدى ۋېنۋېن جاھىللىق بىلەن . بۇ ئەخمەققە بۈگۈن زادى نېمە بولدىكىنە ؟ ۋېنۋېن ، فاڭ لىفەن

بىلەن سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ قويااي دېگەن ، بىراق شۇ چاغدا ، ئۇ يوق بولغاچقا خەت يېزىپ ئۇنىڭ خىزمەت شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ قويغانىدى .

— ئاغىنە . مېنى قويۇۋەتسەڭ ، ئاندىن ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قويامدىكەن ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان قولىنى كۆرسىتىپ .

كې ۋېنۋېننىڭ نارازىلىق بىلەن ئالىيىپ قاراشلىرى ئالدىدا ، جۇ ۋېيمىن خالىمىغان ھالدا قولىنى بوشاتتى .

— قېنى دە . ئەڭ ياخشىسى مېنى رازى قىلىپ ، سېنى ئەپۇ قىلىغۇدەك چۈشەنچە بەرمىسەڭ ھېساب قىلمايمەن ، — دېدى ئۇ فاڭ لىفەنگە تىكىلىپ .

— فاڭ ئاكا ! ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ ، — ئېغىز ئاچتى كې ۋېنۋېن . تەلەپپۇزىدىن قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . بۇ گەپلەرنى دەۋاتقىنىدا ئۇ جۇ ۋېيمىنغا قاراپمۇ قويمىدى .

— ۋېنۋېن ! سىز . . .

— مەن نېمە بوپتىمەن ؟ — ۋېنۋېن قىلچە يۈز - خاتىر قىلماستىن ، جۇ ۋېيمىننىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — نېمىگە شۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىپ كەتكىنىڭىزنى زادىلا چۈشەنمىدىم . توغرا ، مەن خىزمەت ۋاقتىدا چىقىپ كەتتىم . لېكىن بۇنىڭغا باش مۇدىر قوشۇلغان . سىز يوق بولغاچقا بۇنى چۈشەندۈرۈپ سىزگە خەت قالدۇرۇپ قويغان . سىز . . .

— خەت ؟ نېمە خەت ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن ئاڭقىرالماي .

— بىر خەت يېزىپ ئىش ئۈستىلىدە قويۇپ قويغان ، ئۇنى ئوقۇپ بېقىشمۇ خىيالىڭىزغا كەلمىدىمۇ ؟

— مەن . . .

— ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقاندا ، ئۇنداق نەرسىلەر كۆزىگە كۆرۈنەتتىمۇ ، — دېدى لو يايى گەپ قىستۇرۇپ ، — ئۇ ئۆپكىسىنى باسالماي ، يۇگۇرۇپ كىرىپ مەندىن سورىدى . ئەپسۇس ، سىلەرنىڭ نەگە كەتكىنىڭلارنى مەنمۇ بىلمىدىم . بولمىسا ئۇنى ئالداپ ، بىرۋاخ تاماققا يە-

قىتاركەنمەن .

— سىز . . . ۋېنۋېن ! خەتنى يازغان ئادەم ، مېنىڭ ئىش ئۈس-تىلىمگە قويۇپ قويسىڭىز بولماسمىدى ، — دېدى جۇ ۋېيمىن سەل خى-جىل بولۇپ .

— بۇنىچىۋالا دۆتلىكىڭىزنى نەدىن بىلەي ، — كې ۋېنۋېننىڭ ئاچچىقى يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ، ئۆرۈلۈپلا ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى .

جۇ ۋېيمىنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— ئاغىنە ، سەل تۇرۇپ كىرىپ مەندىن كەچۈرۈپ سوراشنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ ، — دەپ ۋارقىرىدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن .

— قارىغاندا ياخشى ئىشلار يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ، — دېدى لو يايى كۈلۈپ .

فاڭ لىفەنمۇ كۈلۈپ كېتىپ :

— مېنىڭ تېلېفونۇم بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ! بار . « دارىن شىركىتى » نىڭ باش مۇدىرى خې ئە-پەندىدىن تېلېفون كەلدى .

— ئۇ ، نېمە دېدى ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن ئۆزىنى رۇسلاپ .

لو يايى ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :

— باشقا گەپقۇ دېمىدى . سىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشى توغ-رۇلۇق سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى . « دارىن شىركىتى » بىلەن قىلىنىشى-دىغان سودا توختىمى توغرۇلۇق گەپنى دېيىشىپ بولغانمۇ ؟ بىرەر ئۆز-گىرىش بولدىمۇ ـ قانداق ؟ — سورىدى لو يايى .

— بەلكىم بولدى . ئۇلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن ، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، — دېدى فاڭ لىفەن ، — سەل تۇرۇپ ، جۇ ۋېيمىن كە-چۈرۈم سورىغىلى كىرگەندە ، مەن ئۇنىڭ راسا ئەدىبىنى بېرىمەن . سىز ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىڭ جۇمۇ .

لو يايى « خوپ » دېگەن مەنىدە قول ئىشارىسى قىلدى .

× × ×

— « دارىن شىركىتى » بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى بولدى قىلاي-لىمىكىن دەيمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەھەردە ئىشقا كەلگەن جۇ ۋېيمىنغا .

— راستما ؟ سورىدى جۇ ۋېيمىن قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ ، — مۇھىم ئاخباراتقا ئېرىشكەن ئوخشىمامسەن ؟

فاڭ لىفەن باش لىڭشىتتى :

— ھېلىقى ئەبلەخنىڭ مەبلىغىدىن مەسىلە چىقىپتۇ . ئۇ نەخ پۇل ئوبىروتىغا ئېھتىياجلىق ئىكەن . ئەسلىدىغۇ بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىشمۇ ئە-مەس . سودا قىلۋاتقانلارنىڭ قايسى بىرىدە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ ؟ بىراق ، بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتى تازا دىتىمغا ياقمىدى .

— شۇنداق بولمايچۇ . ئۇ ئەبلەخنىڭ ۋېنۇۋېنغا سالغان جەبىر - زۇلۇملىرىنى ئويلىسام ، ئۇنى ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋەتكىم كېلىدۇ .

— دەرۋەقە ئۇ بىرنەچچە ئىگە - چاقىسىز قىزغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىپتۇ . بىرسى تېخى مېيىپ بولۇپ قاپتۇ . بىراق ئۇ ، ھېچ-قانداق ئىسىنى چىقارمايلا ، پۇل بىلەن بېسىقتۇرۇۋېتىپتۇ .

— مۇشۇ ئىشلارغىچە ئىگىلەپ بولدۇڭمۇ ؟ — سورىدى جۇ ۋېي-مىن قايىل بولغان ھالدا .

— پۇل بولسا جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ ، دەپتىكەن . مەن تېخى ئۇنى سودا ساھەسىدە خېلى ئابرۇيى بار ، تەسىرىمۇ يامان ئەمەس ، دەپ قاراپ ، دەسلەپ قىلىپ ئۇنى ئويلاپتىمەن . مانا ئەمدى . . . سېنىڭچە « شياگيۇ » شىركىتى قانداقراق ؟

— ئۇلارمۇ بولىدۇ . بىز بىلەن بىرنەچچە قېتىم ھەمكارلاشقان . خېلى تەسىرىمۇ بار .

— سەن خېي گۇاگداغا سودا قىلماسلىق توغرىسىدا قانداق سە-ۋەب كۆرسەتمەكچى ؟ ۋېنۇۋېننى ھەرگىز تىلغا ئالما جۇمۇ .

— بىلىمەن ، خاتىرجەم بول . بۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىمەن . ئىككىسى گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى . جۇ ۋېيمىننىڭ ئېسىگە بىر

ئىش كەلدى ـ دە ، قولىدىكى گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :
— ھەي فاڭ لىفەن ، ۋېنۋېننىڭ دېيىشىچە ئۇ چى شياۋيانغا ھەمراھ بولغىلى بېرىپتۇ . . . نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ ئۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندۇ ؟
— شۇنداق بولۇشى كېرەك . تۈنۈگۈن قارىسام ئۇلار شۇنداق قىزغىن پاراڭلاشتى ، — دېدى فاڭ لىفەن قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ .
— نېمە دېدىڭ ؟ ئەجەبا سەنمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەمسەن ؟ ئۇ سېنىڭ ئايالىڭغۇ ؟
— سەن زادى نېمىنى ئۇقماقچى ؟ — دېدى فاڭ لىفەن جىلە بولۇپ .
— سىلەر زادى . . . زادى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدۈڭلارمۇ ـ يوق ؟
— بۇلارنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوققۇ دەيمەن ؟
— قانداقسىگە ئالاقەم بولمىسۇن ؟ مەن ۋېنۋېنغا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ بولدۇم . ئۇمۇ قوشۇلدى . بىراق مېنىڭ سەندىن بالدۇر بالىلىق بولغۇم يوق .
— نېمىشقا ؟
ۋېنۋېن تۇنجى بالىمىز قىز بولسا دەيدىكەن . شۇنداق بولۇپ قالسا ، قىزىمنى ئوغلۇڭغا ياتلىق قىلايمىكىن دەيدىغان ئويۇم بار .
فاڭ لىفەن شىرەنى ئۇرۇپ ، قاتتىق كۈلۈپ كەتتى .
بۇ ھال جۇ ۋېيمىننىڭ غۇرۇرىغا تەگدى .
— ھەي ، بىلسەڭ بۇ دېگەن سېنىڭ ھەم ئوغلۇڭنىڭ تەلىيى . مەن شۇنداق ئويلايمەنكى ، قىزىمنىڭ خېرىدارى چوقۇم ناھايىتى كۆپ بولىدۇ . مەن ئوغلۇڭغا ئېتىبار قىلىپ ، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ كۈيئوغۇل قىلىۋالاي دېسەم ، سەن تېخى ياخشىلىقىمنى بىلمەيۋاتامسەن ؟
فاڭ لىفەن كۈلكىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە توختاتتى :
— پېقىرنىڭ « بەگزادىسىگە » قىلغان شەپقىتىڭگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت . بىراق بۇ ئىشقا . . . — فاڭ لىفەننىڭ چىرايىدىن كۈلكە

www.uyghurkitap.com

دەرھال ئۆچتى ، ــ بۇنىڭغا مەن ۋەدە بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن . مەن ـ مەن ئۇنى مەجبۇرلىيالمايمەن .

ــ مەن دېدىمغۇ . بىراق . . . ئىشقىلىپ سەۋەب ناھايىتى جىق . ھەدېگەندە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ، ــ فاڭ لىفەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ مېنىڭچە ئالدى بىلەن سىلەر ، پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇڭلار . بىز قىز تۇغۇپ قالساق ، قىزىمىزنى سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلارغا ياتلىق قىلساق بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

ــ بىراق ۋېنۋېن قىز بالىغا ئامراق تۇرسا .

ــ ئىككىنچىسىنى قىز تۇغسا بولىدۇغۇ .

ــ چوڭى قىز بولسا ، تېخىمۇ ياخشىتى .

ــ ئوغۇل بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ . ئىنى ـ سىڭىللىرىغا باش پاناھ بولىدۇ .

ــ شۇنداقمۇ . ئۇنداقتا ۋېنۋېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسام بولغۇدەك .

ــ توغرا . بۇنداق ئىشنىڭچۇ يېنىكلىك بىلەن قارار قىلغىلى بولمايدۇ .

ــ ھەممىسى سېنىڭ بەغەرەزلىكىڭ . پىلانىمىغا ئازراقمۇ ھەمـ كارلاشمىدىڭ . ئىككىمىز تازا چىقىشالمىغۇدەكمىز . راسا ساۋىداپ قويغۇم كېلىۋاتىدىغۇ سېنى . . . ــ دەپ غۇدۇردى جۇ ۋېيمىن ئاچچىق كۈلۈپ .

× × ×

چى شياۋيىننىڭ كەيپىياتى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى .

تۈنۈگۈن جۇ ۋېيمىن ، كې ۋېنۋېن ، لو يايى ــ ئەلۋەتتە فاڭ لىفەنمۇ بار ــ بىرگە غىزالاندى . كەيپىيات ئىنتايىن جۇشقۇن ، كۆتۈ- رەڭگۈ بولدى .

چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ ھېچقاچان بۇنداق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تا- ماق يەپ باقمىغانلىقىنى خىيال قىلدى . ئىلگىرى بۇنچە كۆپ ئادەملەر بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇش دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئالغىلىمۇ

بولمايتتى . ئۇ نۇرغۇن دوستلار بىلەن بىرگە بولىدىغان يۇنداق دوستانە كەيپىياتقا قىزىقىپ قالدى . فاڭ لىفەننىڭ ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوتلۇق بېقىش بىلەن قاراپ قويۇشلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياقتى .

فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا راستلا كۆيۈنىدىكەن . ئۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي چــى شياۋيىن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ياشلىق باھارىنىڭ پەيزىنى سۈرۈ- سۈن دەپ قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ، « پەقەتلا مۇھەببەت يوق » دېــگىلىمۇ بولماس . چى شياۋيىنمۇ ھەر ۋاقىت ئۇنى ئەسلەيدۇ ، كۆر- گۈسى كېلىپ تۇرىدۇ .

بۈگۈن قىممەتلىك دەم ئېلىش كۈنى ئىدى . فاڭ لىفەن كۇتۇپ- خانىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش . چى شياۋيىن بولسا ، قورۇدا سۆيۈملۈك ئىتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى . گەرچە ئۇ ئىتلار بىلەن ئويناۋاتقان بولسىمۇ ، بىرخىل ئىللىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ « ئا- ئىلە » گە بولغان قىزىقىشى ئىلگىرىكىدىن كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى .

قارىغاندا كۆڭۈل ھەممىدىن ئۈستۈنكەن . ئۇ ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات دېيىش قارارىغا كەلگەندە ، كۆڭلىدىكى غەم بۇلۇتلىرى تارقاپ كەتكەندەك بىلىندى .

ـــ بەي بەي ! سەنمۇ چوڭلا بولۇپ كەتتىڭ ، ـــ چى شياۋيىن دادىسى ھايات ۋاقتىدا تېپىۋېلىپ كېلىپ باققان ئاق ئىتنى سىلاپ تۇ- رۇپ :

ـــ يادىڭدىمۇ ، ئۆتكەندە سەن خەقنىڭ شىمىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكەنىدىڭ ؟ ـــ ئۇ فاڭ لىفەن بىلەن جۇۋېيمىننى دەسلەپ قېتىم كۆرگەندىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئەپسۇس ، ئۇ ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى . بولمىسا ئۇ مەنزىرىدىن كۈ- لۈپ تېلىقىپ كەتكەن بولار ئىدى .

ۋاڭ ئانا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ :

ـــ شياۋيىن ، شياۋيىن ، ـــ دەپ چاقىردى .

ـــ نېمە ئىش ۋاڭ ئانا ؟ ـــ ئۇ شىمىنىڭ پۇچقىقىغا چاپلىشىۋالغان ئىت تۈكىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى .

— ئەپەندىم سىزنى يېنىمغا چىقسۇن دېدى .
— ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ . ئۆزى چۈشەلمەمدىكىنە ؟ — دەپ غۇدىراپ قويىدى ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .
— مۇھىم ئىش بولسا كېرەك . تېزرەك چىقىڭ .
مەندە نېمە مۇھىم ئىشى بولماقچىدى ؟ ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . چى شياۋيىن غۇدىرىسىمۇ پۇتلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆي تەرەپكە مېڭىپ كەتتى .
ۋاڭ ئانا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويىدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى . كۇتۇپخانا ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ ، فاڭ لىفەن ئۇنى ساقلاۋاتقاندەك پۇتىنى شىرە ئۈستىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى .
چى شياۋيىن بەك يېقىن تۇرسا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدىغاندەك ئۇنىڭدىن خېلى يىراقتا توختىدى .
— سىز . . . ۋاڭ ئانىنىڭ دېيىشىچە ، مېنى چاقىرىپسىز .
— ھەئە ، — فاڭ لىفەن پۇتلىرىنى چۈشۈردى ، چىرايىدا ھېلىلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك بىر ئالامەت بار ئىدى .
— مەندىن نېمانچە قاچىسىز ؟ نېمىشقا كېلىپ قۇچىقىمدىلا ئولتۇرمايسىز ؟
توۋا ، فاڭ لىفەن گەپنى ئاغزىمغا كەلدى دەپ قىلىۋېرىدۇ . شياۋيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسىلا نېمىشقىدۇر پىكرى چېچىلىپ ، ھودۇقۇپ ، دۇدۇقلاپ ئاغزى گەپكە كەلمەيلا قالىدۇ .
چى شياۋيىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ، ئۇ دەرھال بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن :
— زادى نېمە ئىش بار ؟ دېمىسىڭىز چىقىپ كېتىمەن . مەن ـ مەن ئىتلىرىم بىلەن ئويناۋاتاتتىم .
— ئىتلار بىلەن ؟ فاڭ لىفەن ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى . بەزىدە ئۇنىڭ ئاشۇ ئىتلارغا ئۆچلۈكى كېلىپ كېتەتتى .
— قاراڭ . بۇ كىتابنى كۆرۈپ باققانمۇ ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن قولىدىكى كىتابنى پۇلاڭلىتىپ .

ــــ كىتاب ؟ نېمە كىتاب ئۇ ؟ ــــ سورىدى چى شىاۋيىن كىتابقا يېقىنلىشىپ .

ــــ « سېغىز توپا ياساش ساۋادى » سىزنىڭمۇ ؟ ــــ سورىدى فاك لىفەن قولىدىكى كىتابنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ .

ــــ ياق ، مېنىڭ ئەمەس . نەدىن ئالدىڭىز ؟ ــــ سورىدى چى ش ياۋيىن كىتابنى ۋاراقلاپ .

فاك لىفەن يېنىدىكى جازىنى كۆرسەتتى :

ــــ ماتېرىيال ئىزدەۋېتىپ ، بۇ كىتابقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . كىتاب ناھايىتى يېڭى ئىكەن . ئاندا ـ مۇنداق ۋاراقلىغاندەك تۇرىدۇ . بۇ كىتاب دادىڭىزنىڭمىدۇ ؟

ــــ دادامنىڭ ، ــــ چى شىاۋيىن بېشىنى چايقىدى ، ــــ مۇمكىن ئەمەس . دادام ھەرگىز بۇنداق كىتابلارنى كۆرمەيدۇ . چۈنكى ئۇ بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ .

ــــ بەلكىم بۇنى سىزگە ئاتاپ ئالغان بولۇشى مۇمكىن .

ــــ شۇنداق دېگەندىمۇ « ساۋاد » نى ئالمايدۇ . ئۇ مېنىڭ مۇشۇ- نىڭغا دائىر دەرس ئۆتىدىغىنىمنى بىلەتتى . لېكىن ئۇ . . . ئەزەلدىن ماڭا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلغان ئەمەس . ئۇ پۇللا بېرەتتى ، ئۆزۈم ئالاتتىم ، ــــ ئۇ يەرگە باقتى .

ــــ ھە ؟ ئۇ قىزىمنىڭ قىزىقىشىنى چۈشىنىپ باقاي دەپ ، ئۆزى ئوقۇش ئۈچۈن سېتىۋالغان بولغىمىدى ـ يا ؟

چى شىاۋيىن جاۋاب بەرمىدى . بىراق چىرايىدا دادىسىنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ــــ بۇنداق نەزەردە قارىماڭ ، ــــ دېدى فاك لىفەن يەنە بىر نەر- سىنى ئۈستەلگە تاشلىدى ، ــــ بۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ . مۇشۇ كىتابقا قىستۇرۇقلۇق ئىكەن ، كونۋېرتنىڭ ئۈستىدە سىزنىڭ ئىسمىڭىز يېزىق- لىقكەن .

ــــ خەت ؟

ــــ شۇنداق . بەلكىم بۇ خەت نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ

بېرەلىشى مۇمكىن .

× × ×

چى شياۋيىن ئۇستەل ئۇستىدىكى ئاق رەڭلىك كونۋېرتقا تىكىلـ
دىيۇ ، دەرھال قول سۇنۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

دەرۋەقـە دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتى . ئۇ بۇ پوچېركىنى
تونۇيدۇ . بىراق . . . ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟

ئۇ دادىسى بىلەن ، ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش پۇرستى
پـۈتۈنلەي تۈگىدى دەپ ئويلىغانىدى . توساتتىن بۇ غەلىتە خەت ئوتتۇ-
رىغا چىقتى . ئۇ تەشۋىشكە چۈشتى . بەلكىم دادىسىنىڭ دېمەكچى بول-
غانلىرى . . . ھەرگىز ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولماسلىقى مۇمكىن . ئۇ
نۇرغۇن قېتىم ئۈمىدسىزلەندى ئەمەسمۇ .

— خەتنى تېزراق ئېچىپ كۆرۈپ باقماسىز ؟ ئەجەبا ئوقۇغىڭىز
كەلمەيۋاتامدۇ ؟ — دېدى فاڭ لىفەن ئۇنى ئالدىرىتىپ .

ئۇنـىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترىمەكتە ئىدى . كونۋېرتنى
يىرتقۇدەكمۇ ماجالى يوقتەك قىلاتتى .

ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتىغىنىنى كۆرگىنىدە كۆز ياشلىرى
يامغۇر كەبى تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

قەدىرلىك شياۋيىن ، گۇناھسىز قىزىم :

مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمىغان بىر دادا . بۇ خېتىم ئار-
قىلىق سىزگە كۆپ يىلدىن بۇيانقى ناماقۇللۇقۇم ۋە ساڭا بولغان مېھىر -
مۇھەببىتىمنى ئىپادىلىمەكچىمەن . مېنى كەچۈرەلەرسەنمۇ ؟ ئەپۇ قىلار-
سەنمۇ ؟

مـېنىڭ بۇنداق ئۆلۈشۈم ھەقىقەتەن بىر ئىرادىسىزلىك . بىراق
مـەن بەكمۇ ھاردىم ـ تالدىم . مۇشۇ ھالەتتە ياشاۋەرگىم كەلمىدى .
چۈنكى قانچە كۆپ بەدەل تۆلىسەممۇ ، قانچە كۆپ تىرىشسامۇ ، زېرىكىش
ۋە غېرىبلىق ئىچىدە ياشايمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ چاغقىچە بۇ زېرى-
كىشلىك ھاياتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم . گەرچە بۇلارنىڭ ھەممى-
سىگە ئۆزۈم سەۋەبچى بولغان بولسامۇ ، ئەمدى دەردىنى تارتىشقا ماجالىم

www.uyghurkitap.com

قالمىدى .

ئاپاڭ ئىككىمىز مىجەزىمىز كېلىشەلمىگەچكە ئايرىلىپ كەتتۇق . ئۇ سېنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتتى . كېيىن سەن يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭ . شۇ چاغدىلا تەنھالىق ھاياتىمغا خاتىمە بەرسەم توغرا بولاتتى . بىراق بىر قورقۇنچلۇق ، رەزىل بىر خىيال دائىم ماڭا ھەمرا بولۇۋېلىپ ، قەلبىمدىكى تۇگۇچنى يېشىشكە ئامالسىز قالدىم . شۇڭا سېنى رەھىمسىزلىك قىلىپ ئۆز قەلب قەسرىمنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم . سەن بەلكىم نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەيۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن . بىراق ماڭا ئىشەنگىن . مەن ئۆز ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن چېغىمدا شۇنى ھېس قىلدىمكى ، مەن سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەنمەن . ئاپاڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، سەندەك قىزىمنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىدىكەنمەن .

مەن سېنى فاڭ لىفەنگە تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدىم . چۈنكى مەن ئۇنى سىناپ كۆردۈم . ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم . ئۇ قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ مېنى مەجبۇرلاش نىيىتىدە بولمىدى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلىدى ( ئادەم ياللاپ ئاخبارات ئىگىلەيدىغان ئادەم پەقەت فاڭ لىفەنلا ئەمەس ) . شۇڭا ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ساڭا تىنچ تۇرمۇش ئاتا قىلىپ ، سېنى ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا قالدۇرمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىمەن . قىزىم ! مەن « مۇھەببەت » دېگەن نەرسىگە ئىشەنمەيمەن . سەنمۇ ھەرگىز ئەخمەقلەرچە ئۇنى تەمە قىلىپ كەتمە . ئاپاڭ ئىككىمىزگە قاراپ باققىنا . بىز مۇھەببەتلەشكەنىغۇ ؟ ئاقىۋەتتە بىر ـ بىرىمىزنى ئازابقا سالغاندىن باشقا يەنە نېمىگە ئېرىشەلىدۇق ؟ مەن پەقەت سېنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىلماي ، بىر ئۆمۈر تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭنى ئارزۇ قىلىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە فاڭ لىفەننىڭ مېنىڭ ئورنۇمدا ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

قىزىم ! مەن ساڭا كۆپ قەرزدار . بەلكىم ئاپاڭمۇ شۇنداقتۇ . بىراق ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات . سەن ئۆتكەن ئىشلارغا قايغۇرماي ، ئالدىڭغا قارىشىڭ ، كەلگۈسىنى كۈتۈۋېلىشىڭ لازىم .

بۇ كىتابنى ئۆزۈم كۆرگىلى ئالغان . ئىككى كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ، قىزىقىشىڭنى چۈشىنىپ باقماقچى بولغانىدىم . بىراق ، ئاخىرقى بۇ ئىككى كۈن ماڭا 20 يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى . مەن ھەتتا ، ئۆلۈپ

كەتكەندىن كېيىن ، سېنىڭ قايغۇرىدىغان ـ قايغۇرمايدىغانلىقىڭغىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن .

ئائىلەڭنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن . ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ جەم بولۇپ ، بۇ خەتنى كۆرگەن چېغىڭدا ، مەن ئاندىن گۆرۈمدە خاتىرجەم ، خۇشال ياتىمەن . شياۋيىن ! سەن بەختلىكمۇ ؟ مەن شۇنداق بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن . ھەم ئاللادىن بۇنى ھەر ۋاقىت تىلەيمەن .

داداڭنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى خېتى

چى شياۋيىننىڭ ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتلاردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى . فاڭ لىفەن ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇشتۇمتۇت يىقىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . چى شياۋيىن تەسەللىي ئىزدىگەندەك ، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى . فاڭ لىفەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ :

— نېمە بولدى ؟ شۇم خەۋەرمىكەن ئۇ ؟ — دەپ سورىدى پەس ھەم مۇلايىم ئاۋازدا . چى شياۋيىن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويغان بېشىنى چايقىدى . ياشلىرى بولسا ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى ھۆللىمەكتە ئىدى .

— ئۇنداقتا نېمىگە يىغلايسىز ؟ — فاڭ لىفەن ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۆيدى ، — ئوھوي ! بولدى يىغلىماڭ ، بولامدۇ ؟ سىزنىڭ ياش تۆكۈشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن .

— دادام ئۇ . . . ئۇ مېنى سۆيىدىكەن . . . — دېدى ئۇ قايتا ـ قايتىلاپ ، — ئۇ مېنى ئۆز قىزىم دەپ قارىمىغان بولسىمۇ . . . مېنى سۆيىدىكەن . . .

فاڭ لىفەن ئۇنى بوش شاپىلاقلاپ قويۇپ ، تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى .

— بىراق نېمە ئۈچۈن . . . نېمە ئۈچۈن ئۇ ھايات ۋاقتىدا بۇنى ماڭا دېمەيدۇ . . . نېمە ئۈچۈن . . . — ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى .

چى شياۋيىن شۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلىدىكى فاڭ لىفەن قاتتىق

بىئارام ۋە پەرىشان بولۇپ ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ تەسەللىي بەرگەندىن باشقا ئۇ نىمە قىلىپ بېرەلەيتتى دەيسىز .

كۆز يېشى بىلەن بەلكىم ئۇنىڭ ئىچ ـ قارنى سەل بوشاپ قالار . بىراق فاڭ لىفەن ئۇنىڭ بۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىشىغا چىدالمايتتى . ئۇ 20 ياشقا كىرگىچە زادى قانچە قېتىم ھەقىقىي كۈلۈپ باقاقاندۇ ؟ فاڭ لىفەن ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە ، كۈندە دېگۈدەك خۇشال كۈلكە ئىچىدە ئۆتۈشىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى .

× × ×

شۇنداق قىلىپ چى شياۋيىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق بوران ـ چاپقۇنغا دۇچ كەلدى . ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى ، بۇ قېتىم ئۇ ، ئۆتكەندە ئاپىسىنى كۆرگەندىكىگە ئوخشاش ئۇنداق ھاياجانلىنىپ ۋە نەپرەتلىنىپ كەتمىدى . پەقەت ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلاندى ، يۈرىكى گويا بىرسى بازغان بىلەن ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋاتقاندەك بولدى .

ئۇ دادىسىنى كۆپ ئويلايدىغان بولدى . ھەرقېتىم دادىسىنى يادىغا ئالسىلا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلاپ كېتەتتى .

ئەگەر ، ئەگەر ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ ، كۆڭلىدىكىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلىگەن بولسا ، بەلكىم ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولغان بولار ئىدى .

ئۇ دادىسىنىڭ ھېلىمۇ ھايات بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە ؟

ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دېگەندەك ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى دادىسىغا قىلغان مۇئامىلىلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق ئۆكۈندى . ئۇ دادا ـ بالا خۇشال ئۆتكەن مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىللىق ئائىلە مېھرىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى . بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال ئىدى .

ئۇ دادىسىنى چىن دىلىدىن ياد ئېتەتتى ھەمدە سېغىنىشلىرى ئار-
قىلىق يۈرەك يارىسىنى داۋالايتتى . ھېچ بولمىغاندا ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى
سۆيىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى . ئۇنىڭغا مانا مۇشۇلا كۇپايە ئىدى .

# 11

ھۇ ئىپلاس ! شەرمەندە !

خې گۇاڭدانىڭ ئەلپازى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى .

فاڭ لىفەن ! سەن تېخى ماڭا مۇشۇنداق قىلىشقا پېتىنىدىڭمۇ ؟

چوقۇم كې ۋېنۋېن دېگەن بۇزۇق جۇ ۋېيمىنغا قالايمىقان جۆيلۈپ ، تەييار بولۇپ قالغان ئېشىمغا توپا سالغان گەپ .

خې گۇاڭدا ھەرگىزمۇ ئاسانلا بولدى قىلىۋېتىدىغان ئادەم ئەمەس .

ئۇ ئۆچ ئالماي قويمايدۇ . يوقاتقان نەرسىنى قايتا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ ئۇلارنى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم كۈن كۆرگىلى قويمايدۇ . فاڭ لىفەن ! جۇ ۋېيمىن ! كې ۋېنۋېن ! خەپ توختاپ تۇرۇش .

مەن ھەرقايسىڭغا ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويمايدىغان بولسام ، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن .

خې گۇاڭدا نەپىس ئىشلەنگەن كۈلدانغا زەرپ بىلەن بىر مۇشت ئۇرۇۋېدى ، كۈلدان سۇنۇپ ئەينەك پارچىلىرى ئۇنىڭ قولىنى تىتىۋەتتى . ئۇ قولىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قىپقىزىل قانغا قاراپ ، چىرايى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى . ئاندىن ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ كەتتى .

× × ×

— شياۋيىن ! — فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى
— كىرىڭ ، — چى شياۋيىن فاڭ لىفەن ئەكىلىپ بەرگەن كى-

www.uyghurkitap.com

تابلارنى كۆرۈۋاتاتتى . هازىر ئۇنىڭ كەيپياتى نورماللىشىپ ، چىرايى خېلى تۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ ، مۇلايىم كۆرۈنەتتى . بەزىدە تېخى چىراي- لىق زىناقلىرىنى چىقىرىپ ئۇماققىنە كۈلۈپمۇ قوياتتى . ۋاقىت ھەقىقەتەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا داۋالاپ ساقىيتىۋاتاتتى .

ـــ نېمە ، يەنە كىتاب كۆرۈۋاتامسىز ؟ ـــ سورىدى فاڭ لىفەن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، ـــ يېتىپ كىتاب كۆرمەڭ ، كۆزىڭىزنى كې- رەكتىن چىقىرىسىز .

ـــ ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمدا يېتىپ كىتاب ئوقۇپ كۆنۈپ قاپتى- مەن . يېتىپ ئوقۇش بەكمۇ راھەتكەن . ھېرىپ قالسا ، ياتقان پېتى ئۇخلاپ قېلىدىكەن ، ـــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ .

فاڭ لىفەن بېشىنى چايقىدى .

چى شياۋيىن بىرئاز ھارغىن كۆرۈنەتتى . بىراق كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . فاڭ لىفەننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى . نېمە ئۈ- چۈن شۇنچە كۆپ خاپىلىق دەرد ـ ئەلەملەر بۇ مۇشتۇمدەك قىزنىڭ بې- شىغا كېلىۋېرىدىغاندۇ ؟

ـــ بۈگۈن مەن جۇ ۋېيمىن بىلەن كې ۋېنۋېننى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويدۇم ، ئۇلارنىڭ سىزگە ھەمراھ بولۇشىنى ياقتۇرامسىز ، ـــ دېدى ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ .

ـــ ھەئە ، ـــ دېدى چى شياۋيىن خۇشال ھالدا باش لىڭشىتىپ .

ئۇ فاڭ لىفەننىڭ بۇ ئىشلارنى ئۆزىنى دەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى ، ـــ مەن ئۇلار بىلەن مۇڭدىششقا بەك ئامراق .

ـــ ئۇلار توي قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ ، ـــ دېدى فاڭ لىفەن .

ـــ راستمۇ ؟ بەك ياخشى بوپتۇ .

ـــ بەلكىم . . . ئۇلار بىزدىن بالدۇرراق بالىلىق بولۇشى مۇمكىن .

ـــ سىز . . . سىز ماڭا دوق قىلىۋاتامسىز ؟ ـــ دېدى چى شياۋ- يىن يەرگە قاراپ .

ـــ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، ـــ دېدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭغا قاراپ ، ـــ سىز تېخى كىچىك ، بۇنچە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق .

— راستمۇ ؟ سىز ـ سىز مەندىن ئاغرىنمامسىز ؟ — دېدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ .

— سىزنى مەجبۇرلاشنى خالىمەيمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىڭىزمۇ « بالا » تۇرسىڭىز ، قانداقمۇ بالا باقالايسىز ؟

— مەن ، مەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگۈدەك ئۇنچىۋالا كىچىكمۇ ئەمەسقۇ ، — دېدى چى شياۋيىن رەنجىپ .

— شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيسىز ؟ مېنى مەڭگۈ ساقلىتىپ قېرىتىۋېتەي دەمسىز ـ يا ؟ — دېدى فاڭ لىفەن ئۇھ تارتىپ .

چى شياۋيىننىڭ يۈزلىرى توغاچتەك قىزاردى . ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۇيغۇدىن ئوت ئالدى . بەلكىم فاڭ لىفەن ئۇنى سۆيمەسلىكى مۇمكىن . بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن چى شياۋيىن بىلەن بىرگە بولۇشقا شۇنچە ئىنتىزاركەنغۇ ؟ ئۇ تۈنۈگۈن ئوقۇغان تەرجىمە روماندا ، ئەر باش پېرسوناژنىڭ دەسلەپكى ئىستىكى كېيىن مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە ئايلانىدىغۇ ؟ بەلكىم ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇنداق سېھرىي كۈچ بولسا ، بۇ ئوقۇرى ئېگىز شاھزادىسىنى ئۆزگەرتىپمۇ قالار .

چى شياۋيىن قاچاندىن تارتىپ فاڭ لىفەننىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقى ئۆزى ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ ، بىراق ئۆزىنىڭ فاڭ لىفەنگە ، بارغانسېرى باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ، مېھرى ئېشىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى .

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن مۇلايىم ئاۋازدا .

— ئۇنداق ـ ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن ، — دېدى چى شياۋيىن ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس پەس ئاۋازدا .

— نېمە ناتايىن ؟

— ئۇلارنىڭ . . . بىزدىن بۇرۇن بالىلىق بولۇشى ناتايىن ، — چى شياۋيىن شۇ ھامان قولىدىكى كىتاب بىلەن ئوتتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى توسۇۋالدى .

— شىياۋيىن! دېمەكچى بولغىنىڭىز . . . — فاڭ لىغەننىڭ چىرايىنى ھەيرانلىق ئارىلاش خۇشاللىق قاپلىدى.

— مەن ھېچنەرسە دېمىدىم. چىقىپ كېتىڭ، كىتاب كۆرىمەن.

— شىياۋيىن . . .

— ئەستا، چىقىپ كېتىڭ دېدىمغۇ، تېزراق چىقىپ كەتمەمسىز؟ — ئۇ پۇتلىرىنى كارىۋاتقا ئۇرۇشقا باشلىدى.

ھاياجانلانغان فاڭ لىغەن چى شىياۋيىننىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— كىتابنى بەك يېقىن تۇتۇۋالماڭ، ئەمدى دەم ئېلىڭ، مېھمانلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

كۇتۇپخانىغا قايتىپ كىرگەن فاڭ لىغەننىڭ قولى بىرەر ئىشقا بارىدىغاندەك ئەمەس، كاللىسىدا چى شىياۋيىننىڭ تارتىنغان نازلىق قىياپىتى ئەگىپلا يۈرەتتى.

ئاھ پەرۋەردىگار! ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟

چى شىياۋيىن راستلا ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا رازى بولغانمىدۇ؟

ئۇ شېرىن خىيالدىن قاتتىق ھاياجانلاندى گويا 17 ــ 18 ياشلاردىكى شوخ يىگىتلەردەك يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. تۇرۇپلا بۇ ھالىتىگە قاتتىق كۈلگىسى كەلدى.

جۇ ۋېيمىنلار سائەت ئالتىدە فاڭ لىغەننىڭ داچىسىغا يېتىپ كەلدى. فاڭ لىغەن ئەر ــ خوتۇن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. كەچلىك تاماق خۇشال ــ خورام كەيپىيات ئىچىدە يېيىلدى. ۋاڭ ئانا تەييارلىغان تاماقلارنىڭ تەخسىلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىنىپ قالدى.

تاماقتىن كېيىن ئەرلەر شىركەت خىزمىتى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى. ئاياللار ئۇلارنىڭ گېپىگە ئازراق ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى باشلىۋەتتى. ئۆتكەن قېتىمقى دوستانە سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇلار خۇددى ئاچا ــ سىڭىللاردەك يېقىن بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋېن ھەدە، قاچان توي قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — سو-

ردى چى شياۋين .

كې ۋېنۋېننىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزاردى . بۇ بەختىيار تەبەسسۇمدىن چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى . ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغۇ بەك ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ . بىراق بىزنىڭ ئۇنچىۋالا ئالدىراپ ـ تېنەپ توي قىلغۇمىز يوق .

— نېمىشقا ؟ ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قوشۇلغاندىن كېيىن نېمىدەپ ئارقىغا سۆرەيسىلەر ؟

— مېنىڭچە . . . مەن ئۇلارغا بىرئاز ۋاقىت بېرەيمىكىن دەيمەن ، — دېدى كې ۋېنۋېن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن جۇ ۋېيمىنغا قاراپ قويۇپ ، — جۇ ۋېيمىننىڭ ماڭا چىن ئەقىدە باغلىغانلىقىغا ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك سېزىمەن . بىراق . . . مەن نىكاھلىق بولغان ئايال ، ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيمەن . گەرچە ئۇ ھەم ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىسىمۇ ، بىراق . . .

— ۋىن ھەدە بەك جىق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپسىز ، — چى شىياۋىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى .

— ئۇلارنىڭ سىزنى قوبۇل قىلغانلىقى ، ئىلگىرىكى ئىشلار سۇرۈشتە قىلىنمايدۇ دېگەنلىكى . سىز شۇنچە سەممىي ، شۇنداق ئەقىللىق . ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسىڭىزلا ئۇلار چوقۇم سىزنى ئۆز كۆرىدۇ .

— بۇنى بىلىمەن . ھەممىسى ماڭا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقاچقىلا قورقۇۋاتىمەن . بۇ ھالەتنىڭ داۋاملىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن . بىراق ھازىر شۇنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتتىمكى ، بەخت دېگەن ئەسلىدىنلا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا بولىدىكەن . كەلگۈسىنى ھېچكىم مۆلچەرلىۋالالمايدىكەن . ئىشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تولا ئويلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوقكەن . شۇڭا مەندىن غەم يەپ كەتمەڭ . بىز ئىككىمىز ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولۇپلا توي قىلىمىز .

— بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى . جۇ ئاكام سىزنى شۇنچە سۆيىدىكەن ، مەن تېخى سىزنىڭ ئۇ-

نىڭغا تەگمەسلىكىڭىزدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم .
كې ۋېنۋېن كۇلۇپ كېتىپ :
— سىزچۇ ؟ توي قىلغىنىڭلارغىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى .
بالىلىق بولغۇڭلار يوقمۇ ؟ ھازىر بەك بالدۇر ، بىر مەزگىل ئۆتسۇن .
دەۋاتامسىز ، يە ؟ — دېدى .
بۇ قېتىم چې شياۋيىننىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى . ئۇ راست گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ ، يالغاننى بولسا قاملاشتۇرالمايدۇ . شۇڭا گەپنى يۆتكىدى .
— ئەستا ! بولدى ، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى ، يۈرۈڭ ، ھويلىغا چىقىپ ئىتلار بىلەن ئوينايلى .
— سىزنىزە ، توي قىلىپ بولغان تۇرۇقلۇقمۇ شۇنچە تارتىنامسىز ، — دېدى كې ۋېنۋېن چاقچاق قىلىپ .
ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە ھويلىغا چىقتى .
ياپپېشىل چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ ، كەچنىڭ سالقىن شامىلىدىن ھۇزۇر ئېلىش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە ؟ چىملىق ھۆل بولغاچقا ، ئۇلار ئىككى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى .
— ھويلا مۇشۇنداق چوڭ بولسا نېمىدېگەن ياخشى ، — دېدى كې ۋېنۋېن قىزىقسىنغان ھالدا ، — بۇ داچا كونا بولسىمۇ ، قەدىمي پۇراققا ئىگە بولغاچقا ، ئادەمنى ئىنتايىن مەپتۇن قىلىدىكەن .
— بۇ داچا فاڭ جەمەتىنىڭ ئاتا مىراسى . جۇ ۋېيمىن بۇ ئىشلارنى سىزگە دېمىدىمۇ ؟ — دېدى چې شياۋيىن .
— دېمەكچى بولغىنىڭىز ، فاڭ ئاكامنىڭ جەمەتىمۇ ؟ — سورىدى كې ۋېنۋېن ھەيران بولۇپ ، — مەن بۇلارنى پەقەت ئاڭلىماپتىمەن .
چې شياۋيىن فاڭ لىفەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى .
— بۇ داچا بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتىنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ بار بولغىنى ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ .

— فاڭ ئاكامنىڭ شۇنچە جاپا تارتىپ ، ئەجىر قىلىپ داچىنى قايتۇرۇۋالغىنىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەقىقەتەن كۆيۈمچان ئەر ، ۋاپادار ئو-غۇلكەن .
— شۇنداق . شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ توساتتىن ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ قالدىم ، — دېدى چى شياۋيىن ئاچچىق كۈلۈپ .
— سىلەرنىڭ توييۇڭلار شىركەتتە نۇرغۇن ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان . بىراق بۇنداق سەۋەب بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . قانداق ؟ سىز . . . سىز فاڭ ئاكامنى ياخشى كۆرمەمسىز ؟ — سورىدى ۋېنۋېن ھەيران بولۇپ .
چى شياۋيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سۆزلىدى :
— ئۆزۈممۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن . ئاتا ـ ئانامنىڭ مۇھەب-بەتلىشىپ قۇرغان ئائىلىسى ، بەختلىك تۇرمۇشى ۋەيران بولدى . مېنىڭ مۇھەببەتتىن ھېچقانچە تامايىم يوق . پەقەت ئۇنىڭ كۆچلۈك بېسىم ئاس-تىدا مەن بىلەن ئۆلاجىسىز توي قىلغانلىقىنى ئويلىسام بەكلا ئازابلىنىپ كېتىمەن . بەلكىم . . . ئۇنى ئازراق ياخشى كۆرسەم كېرەك . بىراق ئۇ مەندەك بىر نادان قىزنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ .
— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ . قارىسام فاڭ ئاكام سىزگە ئىنتايىن كۆيۈنىدىكەن . قانداقسىگە سىزنى ياخشى كۆرمىسۇن ؟
— كۆيۈنۈش ھەرگىزمۇ مۇھەببەت دېگەنلىك ئەمەس ، — دېدى چى شياۋيىن ئەلەملىك كۈلۈپ ، — نېمىلا دېگەنبىلەن بىز بىر ئۆمۈر بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىمىز . ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈپمۇ قالار .
ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى .
چى شياۋيىن چاۋاڭ چېلىپ قويۇۋىدى ، ئون نەچچە ئىت يۈ-گۈرۈشۈپ كەلدى . قاۋاپ ھەم تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئەركىلەپ ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى . كې ۋېنۋېنمۇ ئىتقا ئامراق ئىدى . بۇ سۆيۈملۈك دوستلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپلا قالدى .
— سىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئىتلارنى باققىنىڭىزغا ئىشەنگۈم كەل-

مەيۋاتىدۇ. قاراڭ ئۇلار نېمانچە ئوماق.

— شۇنداق. يەنە كېلىپ ئىنتايىن ساداقەتمەن دەڭا.

— بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بىرئىت بولىدىغان. ئۇ شۇنداق سەزگۈر بولۇپ، ئۆيگە ئوبدان قارايتتى. شياۋيىن، ئىت بىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

— بىراق ئىنسانلار ئۇلارنى قەدىرلەشنى بىلمەي، ئۇلارنىڭ سەممىي - ساداقىتىنى يەردە قويۇۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ. بەزىلەر ئىت گۆشى يەيدۇ تېخى، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرۈپ. بۇ تازىمۇ ۋەھشىلىك، — دېدى چى شياۋيىن ئاچچىقلانغان ھالدا.

— بۇ گەپچە سىز ئىتنى راستلا ياخشى كۆرىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى كې ۋېنۋېن.

— مەن، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ھەربىر ئىتنى تۇرىدىغان ماكانغا ئىگە قىلسام دەپ ئويلايمەن. ئەپسۇس، بۇنداق قىلىشقا قۇربىتىم يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئۇلارغا ياردەم قولۇمنى سۇنالمىغانلىقىمدىن ئازابلىنىپ كېتىمەن، بەزىدە يىغلاپمۇ تاشلايمەن.

— شۇڭا سىز شۇنچە كۆپ ئىت بېقىپتىكەنسىز - دە؟

— ھەئە، — چى شياۋيىن، چوڭ بىر قارا ئىتنى سىلاپ تۇرۇپ، — مانا بۇ پىلىڭ پىلىڭ، باققىنىمغا بەش يىل بولدى. بەك قۇلىقى يۇمشاق، ھەممىدىن چوڭ.

— شۇنداقمۇ؟ بەكمۇ قىزىقارلىقكەن، — دېدى كې ۋېنۋېن كۈلۈپ.

بىرسى دەرۋازىنى قاقتى. بىراق ئاۋاز ئىنتايىن بوش ئىدى.

چى شياۋيىن سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بۇ ۋاقىتتا كەلگەن كىمدۇ؟ نېمىدەپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى ئىشلەتمەيدۇ، — دەپ غودۇڭشىغىنىچە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— شياۋيىن، ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى كې ۋېنۋېن.

— ماقۇل. شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرسا، ھېچ ئىش بولمايدۇ.

دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ سىرتقا قارىدى:
— هوي ! ئادەم يوقمۇ ؟
ئۇ دەرۋازىنى چوڭراق ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ئەتراپقا قارىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا بىر پىچاق ئۇنىڭ بوينىغا توغرىلاندى.
چى شياۋيىن ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن ئاغزىنى ئاچتىيۇ، ئاۋاز چىقىرالمىدى.
— ئاۋازىڭنى چىقارما ! ئىچكىرى كىر ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئارقىسىدىكى ئادەم ۋە ئۇنى قەدەممۇ ـ قەدەم قىستاپ هويلىغا ئەكىردى.
كې ۋېنۋېن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان فاڭ لىفەن بىلەن جۇ ۋېيمىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ هويلىغا چىقىشتى.
— نېمە ئىش بولدى ؟ نېمىشقا . . . — چى شياۋيىننى ۋە ئۇنىڭ گېلىغا توغرىلىنىپ تۇرغان پىچاقنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئۈنى ئۆچتى.
هېلىقى ئادەم چى شياۋيىننى ئالدىغا ئىتتىرىپ ماڭدى.
ئىتلار يات ئادەمنى كۆرۈپ قاۋاشقا باشلىدى. ئۇلار چىراغ يورۇقىغا كەلگەندە، فاڭ لىفەن هەيران بولۇپ ۋارقىراپ تاشلىدى:
— سەن . . . خې گۇاڭدا غۇ ؟
— توغرا، مەن شۇ، — هېلىقى ئادەم كۈلدى، — خاتالاشمىسام، بۇ سىزنىڭ يېڭى توي قىلىپ ئالغان ياش ئايالىڭىزغۇ دەيمەن ؟ ئىسىت، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى. بەكمۇ ئەپسۇس.
— ئۇنى قويىۋەت ! گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى، — دېدى فاڭ لىفەن غەزەپ ـ نەپرىتىنى زورىغا بېسىپ.
— خې گۇاڭدا ! تازىمۇ بىر پەسكەش ئادەمكەنسەن، — دەپ ۋارقىرىدى جۇ ۋېيمىن كې ۋېنۋېننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.
— پەسكەش ؟ — خې گۇاڭدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — پەسكەش بولسا نېمە بوپتۇ ؟ — ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، جۇ ۋېيمىنغا ۋە كې ۋېنۋېنغا هومىيىپ قاراپ قويۇپ، — هەرقايسىڭدەك بۇزۇقلارغا قانداق ئادەملىكىمنى كۆرسىتىپ قوييمەن. بىراق ئاۋۋال بۇنى بىر تەرەپ

قىلىۋېتەي ، — دېدى ۋە پىچاقنى چى شياۋيىنىڭ كېلىگە تىپىشقا تەييار-
قىلىپ تۇردى .
— گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى ، تىغ كۆتۈرۈشنىڭ نېمە
ھاجىتى ، — دېدى فاڭ لىفەن ، ئاندىن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىن ئارقىسىدا
تۇرغان ۋاڭ ئانىغا ساقچىغا مەلۇم قىلىشنى ئىشارەت قىلدى . ۋاڭ ئانا
ئېھتىيات بىلەن جايىدىن قوزغالدى . خې گۈاڭدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە
دىققەت قىلمىدى .
— دېيىشكۈدەك ھېچگەپ يوق . فاڭ لىفەن سەن گېپىڭدە تۇر-
مىدىڭ ، قەددىمنى رۇسلىۋېلىشىمغا پەقەتلا پۇرسەت بەرمىدىڭ . شۇنداق
تۇرۇپ ئارىمىزدا دېيىشكۈدەك گەپ بار دەپ قارامسەن ؟ ھا . . . ھا . . .
بەكمۇ كىچىككىنىڭ . ھازىر سېنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە قۇربىتىم يەتمىسە-
مۇ ، بىراق ئايالىڭدىن ئايرىۋېتەلەيمەن . مەن ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق
خۇشاللىق يوق . ھا . . . ھا . . . ھا . . .
— خې گۈاڭدا ! سىز . . . سىز ئۇنى قويۇۋېتىڭ ، — يالۋۇردى
كى ۋېنۋېن ، — بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ . ئۇنى يارىلاندۇرۇپ قويسى-
ڭىز ، سىزمۇ قۇتۇلالمايسىز .
— ئاغزىڭنى يۇم . سەن بۇزۇق ئالدىرىماي تۇر سېنىمۇ جايلىۋې-
تىمەن . ئالدى بىلەن فاڭ لىفەن بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى جايلى-
ۋېتەي . . . نۆۋەت ئىككىڭگە كېلىدۇ . . . — خې گۈاڭدا ئەقلىدىن ئاز-
غاندەك تۇراتتى .
چى شياۋيىن گېلىدىكى پىچاققا قارىدى . ياق ئۇنىڭ ئۆلۈپ
كەتكۈسى يوق . ئۇ فاڭ لىفەن بىلەن بەختلىك ياشاپ ، ئۇنىڭغا ئاپئاق ،
بۇدرۇق بالىدىن نەچچىنى تۇغۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . مۇشۇنداق بىر
ئەقلىدىن ئازغان ساراڭنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ ؟
— زادى نېمە قىلماقچى سەن ؟ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلمى-
ساڭلا ، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرىمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن جىددىيلى-
شىپ .
— ماڭا ھېچنەرسىنىڭ لازىمى يوق . پەقەت ئۆلۈمىڭلارنى كۆر-

گۇم بار ، — دېدى خې گۋاڭدا قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — ئەمىسە مۇنداق بولسۇن ، سەن خوتۇنۇڭنىڭ ئۆلۈشىنى خالىمساڭ ، بىر بارمىقىڭنى كېسىپ بەر . بول ، تېز بېرىپ پىچاق ئېلىپ كەل .

— لىفەن ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما . سەن ئۆلۈپ بەرسەڭمۇ ، ئۇ ھەرگىز شياۋيىننى قويۇپ بەرمەيدۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئۇنى تارتىپ ، ئاندىن پىچىرلىدى ، — ۋاڭ ئانا ساقچىغا مەلۇم قىلىپ بولدى . سەن ئىلاج قىلىپ ۋاقىتنى سوزۇپ تۇرغىن .

— تولا ئەزمەڭنى ئەزمە ، تېزدىن پىچاق ئېلىپ كېلىش ، فاڭ لىفەن ، ئەزمىلىك قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ، پەخەس بول ، خوتۇنۇڭ قولۇمدا ئۆلۈپ كېتىدۇ جۇمۇ .

— سىز بېرىپ پىچاق ئېلىپ كېلىڭ ! — دېدى فاڭ لىفەن ۋېنۋېنگە .

— فاڭ ئاكا ، ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ ھەرگىز ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەڭ . مەن ئۇنى ھەممە ئادەمدىن بەك چۈشىنىمەن . ئۇ سىزنى ئالداۋاتىدۇ . بۇنداق قىلسىڭىزمۇ شياۋيىننى قۇتقۇزۇپ قالالمايسىز .

— ئەكېلىڭ دېگەندىكىن ، ئەكېلىڭ ، — دېدى فاڭ لىفەن جاھىللىق بىلەن .

چې شياۋيىن بىلەن فاڭ لىفەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى . چې شياۋيىن يۈرىكىگە قول سېلىپ باقتى . ئۇ فاڭ لىفەننى ياخشى كۆرىدىكەن . فاڭ لىفەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازىكەن .

ئۇ چوقۇم بۇ ئەقىلدىن ئازغان ساراڭدىن قۇتۇلۇشى لازىم . ئۇ شۇنداق قىلالايدۇ .

چې شياۋيىن ئويلىنىپ تۇرمايلا خې گۋاڭدانىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى كۇچەپ چىشلىدى . خې گۋاڭدا ئاغرىققا چىدىماي ، ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ ، بىر تەستەك سېلىۋېدى ، چې شياۋيىن يەرگە يىقىلدى .

— ھۇ شەرمەندە ، بۇزۇق . . . — ئۇ ئالدىغا سىلجىپ چې شياۋيىننى تارتىپ تۇرغۇزماقچى بولۇۋېدى ، چوڭ بىر قارا ئىت خۇددى بۆرىدەكلا ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ قولىنى چىشلەپ قويۇۋەتمىدى . باشقا

ئىنلارمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خې گۇاڭدا بىلەن چى شياۋيىننى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

خې گۇاڭدا ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىراپ، قولىدىكى پىچاقنى قالايمىقان شىلتىدى. بىراق ھېلىقى ئىت ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشلاردىن قېتىپ تۇرۇپ قالغان فاڭ لىفەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، چى شياۋيىننى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ باغرىغا باستى.

ئاخىر تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چى شياۋيىن ئۆزىنى يولۋاس ئاغزىدىن ئامان قالغان توشقاندەك بىخەتەر ھېس قىلىپ، فاڭ لىفەننىڭ مەيدىسىگە تېخىمۇ مەھكەم يېپىشتى. ئۇھ، ئۇ ئاخىر قېنىپ بىر ئۇخلىۋالىدىغان بولدى.

— ياق! پىلىڭ پىلىڭ قېنى؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولماس؟ مېنىڭ ئىتىم... — شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، چى شياۋيىننىڭ تۆت ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندەك بىلىنىپ، فاڭ لىفەننىڭ قۇچىقىدا ياتقىنىچە سېزىمىنى يوقاتتى.

× × ×

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى يەنىلا فاڭ لىفەننىڭ قۇچىقىدا كۆردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كارىۋاتتا...

— ھوشىڭىزغا كەلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭ مەڭزىگە بوشقىنا سۆيۈپ قويۇپ.

— بۇيەر...؟

— بىزنىڭ ھۇجرىمىز، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، — بىلەمسىز. خې گۇاڭدانىڭ سىزگە پىچاق تەڭلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم. ئەگەر سىز بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالسىڭىز، سىزدىن بالدۇر تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— دەۋاتقان گېپىنى. دۆتلۈك قىلىپ بىر بارمىقىڭىزنى كېسىـ

www.uyghurkitap.com

ۋەتكىلى تاس قالدىڭىز ، ـــ دېدى چى شياۋيىن ئۇنىڭغا بەكرەك چاپ-
لىشىپ .

ـــ ئۇ سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتسا ، مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دې-
گىنىنى قىلىمەن ، ـــ فاڭ لىفەن ئۇنىڭ چىرايلىق ئىگىكىنى كۆتۈرۈپ
ئۆزىگە قاراتتى ، ـــ شياۋيىن مەن . . . مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق
ياخشى كۆرىمەن . سىزسىز ياشىغان ھاياتتىن ، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرى-
مەن . ئۆزۈمگىمۇ ئايان ، سىز ماڭا چىن دىلىڭىزدىن رازى بولۇپ ياتلىق
بولمىدىڭىز . بىراق سىز . . . سىز بىزنىڭ بىر ئۆمۈر ئىناق تۇرمۇش
كەچۈرۈشىمىزگە قوشۇلدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ ماڭا پۈرسەت بېرىڭ ، مەن
سىزنى سۆيىمەن ، ئاسرايمەن ، يالقۇنلۇق مۇھەببىتىم بىلەن سىزنىڭ يۈ-
رىكىڭىزدە سۆيگۈ ئوتىنى لاۋۇلدىتىمەن . مېنى مەجبۇرلىدى دەپ مەندىن
ھەرگىز ئاغرىنىپ يۈرمەڭ ، مەندىن ئاغرىنىماڭ بولامدۇ ؟ . . .

چى شياۋيىن ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى :

ـــ نېمە بولدى ؟ نېمانچە جىق گەپ بۇ ؟ ـــ دېدى ئۇ تاتلىق
كۈلۈپ ، ـــ ئەمەلىيەتتە مەن ، دادامنىڭ ماڭا كېلىشكەن ، مېنى جېنىدىن
ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەرنى تاللاپ بەرگەنلىكىگە ئىنتايىن مىن-
نەتدار بولۇۋاتىمەن .

ـــ شياۋيىن ، سىز . . .

ـــ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇ ھاماقەتنىڭ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئا-
خىر جاۋاب قايتۇرغانلىقىدىن تېخىمۇ خۇشالمەن .

ـــ سىز . . . ئۇ ھاماقەت دېگىنىڭىز مەنمۇ ؟ سىز مېنى ياخشى
كۆرەمسىز ؟ ـــ ھەيرانلىقتىن فاڭ لىفەننىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلىپ
قالدى .

چى شياۋيىن ئۇيىلىپ ، ئوت ئالغان يۈزىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە
يوشۇردى .

ـــ پەرۋەردىگار ! رەھمەت ، شياۋيىن ! رەھمەت سىزگە ، ـــ فاڭ
لىفەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى . چى شياۋيىن ئۇنى ياخشى كۆرىدى-
كەن . راستلا ئۇنى سۆيىدىكەن ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق

www.uyghurkitap.com

بولامدۇ ؟

ــ نىبرۋىڭىز چاتاقمۇ قانداق ؟ خەق هاماقەت دەپ تىللاۋاتسا،
سىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىسىزغۇ ؟ ــ دېدى چى
شياۋيىن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ شوخلۇق قىلىپ .

ــ يارىمنىڭ تىللىغىنى چىللىغىنى ئەمەسمۇ ، ــ دېدى فاڭ لىـ
فەن چوڭقۇر مۇهەببەت بىلەن ئۇنىڭغا بېقىپ .

چى شياۋيىننىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى . ئۇ توساتتىن ئېسىگە
بىر ئىش كەلگەندەك :

ــ هەراست ، پۇلك پىڭچۇ ؟ ئۇ قانداقراق ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ هېچ ئىش يوق . ئازراقلا يارىلاندى . هازىر هايۋانات دوخـ
تۇرخانىسىدا ، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە تېرىسى ئازراق زەخمىلىنىپتۇ . باشقا
خەۋپ يوقكەن ، ــ دېدى فاڭ لىفەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپ
تۇرۇپ .

ــ ئۇ مېنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئېيتىڭا ئۇ باتۇرمىكەن ؟ ــ دېدى
چى شياۋيىن تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئاققان ياشلىرىنى توختىتالمىدى .

ــ ئىتلىرىڭىز هەقىقەتەن قالتىسكەن . ئۇلار بىرلىشىپ سىزنى
قۇتقۇزۇپ قالدى . ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەتمىگەنلىكىمدىن خۇشالمەن .

ــ ئەمدى ئۇلارنى ماڭا ئوخشاشلا ياخشى كۆرەرسىزمۇ ؟

فاڭ لىفەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى :

ــ چوقۇم شۇنداق قىلىمەن . ئەمەلىيەتتىنغۇ ئۇلارنى بۇرۇنلا ياقـ
تۇرۇپ قالغانىدىم . بىراق سىزنىڭ ئۇلارغا شۇنچە ئامراقلىقىڭىزغا هەسەت
قىلاتتىم . . .

ئۇ يىغلاشتىن توختاپ كۈلدى .

ــ سىززە ، كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا ئىكەنسىز

فاڭ لىفەن يېنىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزلىدى

ــ خې گۇاڭدا ۋە ئۇنىڭ يالاقچىسى قولغا ئېلىنىدى . مەن كالتەـ
پەملىك قىلىپ سىزنى رىيازەت چەكتۈرۈپ قويدۇم . بۇنىڭدىن بەكمۇ
ئازابلاندىم . بەختكە يارىشا بىرەر ئىش بولمىدى . بولمىسا مەن . . .

— بولدى ، بۇلارنى دەپ يۈرمەڭ ، — دېدى چى شياۋيىن ئۇنى توسۇپ ، — ۋېن ھەدەم ئىككىمىز خې گۇاڭدا توغرۇلۇق پاراڭلاشقان . ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ كاللىسى جايىدا بولمايدىغانلىقى ئېنىق . بۇ ئىشتا ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . مەن سىزنىڭ خاتا ئىش قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

فاڭ لىفەن ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ رەھمىتىنى بىلدۈردى . ئىككىسى بەخت شادلىقىدىن جىمىدە ھۇزۇرلانماقتا ئىدى . ئاخىر چى شياۋيىن ئۇياتچانلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى :

— فاڭ ! مەن . . . مەن سىلەرنىڭ فاڭ جەمەتىگە نۇرغۇن بالا تۇغۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىم . بىراق . . . مەن . . . قانداق قىلسام بالا تـۇغـالايدىغانلىقىمنى بىلمەيدىكەنمەن . سىز . . . سىز . . . بىلەمسىز . . .

بۇ گەپ فاڭ لىفەنگە ئىنتايىن كۈلكىلىك تۇيۇلدى ھەم ئۇنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى .

— مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن ، — دېـدى ئـۇ كـۈلكـىسـىنـى زورىغا بېسىپ .

— ئەستا . سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزنىغۇ ئۇقىمەن . مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، سىز . . . سىز . . . ماڭا ئۆگىتىپ قويامسىز ؟

چى شياۋيىن خىجىل بولغانلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان يەر تاپالماي ، ئۇنىڭ قويىنىغا مۆكتى .

— ئەلـۋەتتە ، — فاڭ لىفەن قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى ، — كەيىپياتىڭىز مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئەستايىدىل ئۆگىتىپ قويىمەن .

تـۈن يېرىملاشتى . بەلكىم تاڭ يورىغىلىمۇ تۇرغاندۇ . بىراق بۇ بـىـر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇننىڭ شېرىن پاراڭلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمـەس . شۇ تاپتا ئۇلار ئىلگىرى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن پۇرسەتنىڭ ئورنىنى بىراقلا تولدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك مۇڭداشماقتا .

يـۇلتۇز ئاستا ـ ئاستا تارقالماقتا . بۇ قەدىمىي داچىدا شادلىق بەخت ۋە ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى .

## 12

— فاك ! تەييار بولدۇڭلارمۇ ؟ — جۇ ۋېيمىن بىلەن كې ۋېنۋېن ئىككىسى يېڭى توي شادلىقى ئىچىدە قول تۇتۇشقىنىچە فاك داچىسىغا كىرىپ كەلدى . فاك لىفەن پەشتاقتىن چۈشۈۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ :

— ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ ؟ نېمانچە ئالدىراپ كەتكەنسىلەر ؟ — دېدى .

— شېرىن ئاي سەپىرىگە ئالدىرىماي تۇرالامدۇ كىشى ؟ راست گەپنى دېسەمچۇ . سىلەر ھەمراھ بولساڭلار تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىمىز .

جۇ ۋېيمىن كې ۋېنۋېن ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

— شياۋيىن ئاپىسىنى كۆرۈپ كېلىمەن دېمىگەن بولسا ، ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇنداق ۋاقىتتا سەپەرگە ماڭغۇزمىغان بولاتتىم ، — دېدى فاك لىفەن ئاغرىنغاندەك .

— ئەستا ، دوختۇر ھېچ ئىش بولمايدۇ دېدىغۇ ، سەن نېمىدىن ئەنسىرەيسەن .

— توغرا . شياۋيىن قېنى ؟ ئۇ ئەجەب كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — سورىدى ۋېنۋېن .

— نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى بارىمەن دەپ كەتتى . قاراڭلار ئۇ ھازىر غەلىتە نەرسىلەرنى يەيدىغان بولۇپ قالدى .

— ھامىلدار ئايالларнىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ ، — دېدى كې ۋېنۋېن كۈلۈپ .

— شۇنداقمۇ . ئۇ نەرسىلەرنى مەن زورلاپ يەپ باقاي دېسەممۇ يېگۈم كەلمەيدۇ ، — دېدى فاك لىفەن .

— سەن ھامىلدار بولمىساڭ يە ، — دېدى جۇ ۋېيمىن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بايا كىرگىچە شياۋيىنىنىڭ ئىتلىرىنى كۆردۈم . ۋاھ ، خېلى

ئاۋۇپ قاپتۇ. چوڭ ئىتلار كىچىككىنە ئوخشىمامدۇ ؟
— ياق . ئۇ تېپىۋېلىپ كەلگەن ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ، تۇغۇت چەكلەش ئوپىراتسىيىسى قىلدۇرغان . ئۇ ئۆيىدىكى ئىتلارنى ئەمەس ، خەقلەر تاشلىۋەتكەن ئىتلارنى بېقىۋېلىشنى خالايدۇ .
— ئۇنىڭدىن « سەرگەردانلار ئائىلىسى » گە بېرىپ خالىس خىزمەتچى بولۇشنى خالامدۇ - يوق ، سوراپ باقسام بولغۇدەك .
— بۇنى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما ، — فاڭ لىفەن جۇ ۋېيمىنغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ، — ئۆيىمىزدىكى ئىت ھازىر يىگىرمىگە يېتىپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىتلارنىڭ ئىگىلەپ كېتىشىنى خالىمايمەن .
— بۇ بىچارىگە تازىمۇ ئۇۋال بوپتۇ . ئۇ ئىتلار بىلەن رىقابەتلىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى جۇ ۋېيمىن ئايالىغا قاراپ .
— سەن . . . — فاڭ لىفەن بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋېدى ، ئاڭغىچە ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى .
— ھەي ! تېز بېرىپ ئىشكنى ئاچمامسەن ، — دېدى جۇ ۋېيمىن سىرتنى ئىما قىلىپ .
ئۇ دەرۋازىنى ئاچتى . سىرتتا بىر ناتونۇش ئادەم تۇراتتى .
— سىز . . .
— يېشىل كىيىم كىيگەن ھامىلدار بىر خېنىم . . . باشقىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن . . .
— شياۋيىن ؟ ئۇ - ئۇنىڭغا نېمە بولدى ؟ — فاڭ لىفەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .
— ئەپەندىم ! بىز ئىت تۇتۇش ئەترىتىدىن . ئۇ ئايالىڭىزغۇ دەيمەن . بىز ئىت تۇتۇۋاتساق ، ئۇ ئىت تۇتۇش ماشىنىمىزدىكى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ تۇتقان ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتتى . راست گەپنى دېسەم ، خانىمىڭىز « ئاپا » بولاي دەپ قالغاندىمۇ مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە ، ئەجەبا سىز ئۇنى ئۆز مەيلىگە قو-

يۇۋېتەمسىز ؟ ــ دېدى ھېلىقى ئادەم نارازى بولغان ھالدا .
فاڭ لىفەن بايامقى قورقۇشىدىن ئەسلىگە كېلەلمىگەنىدى .
ــ ناھايىتى خىجىلمەن . ئۇنىڭغا تەربىيە قىلاي . ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەنمۇ خىجىلمەن . سىلەرگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىپتۇق كەچۈرۈڭ .
ــ بىزنىڭمۇ ئىت تۇتقىمىز يوق . بىراق ، نېمە ئامال دەيسىز ؟ . . . ــ ھېلىقى ئادەم غۇدۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى .
فاڭ لىفەن ئېسىنى يىغىپ خوتۇنىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېدى ، كۆلۈپ تېلىقىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە چىملىقتا يېتىپ قالدى . ئىتلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولغاندەك قاراپ قېلىشتى .
بۇ قەدىمىي داچا ئەمدى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى .

[General Information]
书名=古宅情深　维吾尔文
SS号=40300712